شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرى-
ياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2004- يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

8- [illegible]

1- قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



تەڭرىتاغ



تارىملىقلار



ئەل فارابى



لۇشۈن



مەمتىمىن هوشۇر



قۇشلار



لۇتپۇللا مۇتەللىپ




ۋىكتور ھيوگو



يۈەنمىڭيۈەن خارابىسى


ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر



ئاباي



چېخوف



خالىدە ئىسرائىل



تۇردى ساماساق



قۇربان بارات



بوغدا كۆلى













خوتەن قاشتېشى



قەشقەر ھېيتگاھ



ۋېنتسىيە

# مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى


ھەيئەت مۇدىرى : ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرى : غوپۇر ھاشىم جاڭ چياڭ

ھەيئەت ئەزالىرى : جاۋ مىڭ ما ۋېنخۇا

ماۋ ۋېنشىن تاھىر ناسىر

ما شېڭشۇ ئابلىمىت قاسىم

شياپىن نۇرباقىت قادىر

ئەكبەر سىراجىدىن جاڭ يۈجيې

ئەخەت سالى قابىلقاق سادىق

ماقاداس ئاقان

تۈزگۈچىلەر : كامىل رەھىم

يالقۇن روزى

تەلئەت قادىرى

ئەھەت ئامان

ھامۇتجان ھېكىم

مۇھەررىرى : ھامۇت ياسىن

مەسئۇل مۇھەررىرى : يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى : ئايشەم ئاۋۇت

رەسسام : پەرھات ئىبراھىم

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ھۆرىيەت يۈسۈپ

义务教育课程标准实验教科书

语　文

八年级　上册

经新疆维吾尔自治区中小学教材

审定委员会 2004 年审查通过

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

http://www.xjjycbs.com

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 890×1 240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 9.625

2004 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2009 ـ يىل 6 ـ ئاي 6 ـ بېسىلىشى

تىراژى : 95 000 —— 1

ISBN 978－7－5370－4977－1

باھاسى : 6.26 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.

بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830049 ؛ تېلېفون نومۇرى : 2863761،2870654 (0991)

قەدىرلىك ساۋاقداش:

8 - يىللىقلار ئۈچۈن 1 - قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» تەجرىبە دەرسلىكىنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزدا، تىل - ئەدەبىيات بوستانىغا يەنە مېھىر-مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۈرۈش ۋە تىنچلىق، كۆركەم تاغ - دەريالار، ئادەم ۋە مۇھىت، يۇقىرى پەن - تېخنىكا قاتارلىق يېڭى، مول مەزمۇنلارنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ چوقۇم خۇشال بولماي قالمايسىز. يېڭى تەسىس قىلىنغان «ئىختىيارىي ئوقۇش بۆلىكى» بىلەن مەخسۇس تېما — «ئۇيغۇر يېزىقى» سىزنى مۇستەقىل ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ مەزمۇنلارنى ئۆگىنىش تىل - ئەدەبىيات ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي قابىلىيىتىڭىزنى چېنىقتۇرىدۇ. بولۇپمۇ، «ئىختىيارىي ئوقۇش» سىزنىڭ ئۆگىنىش پائالىيەت دائىرىڭىزنى كېڭەيتىدۇ؛ ئۇنىۋېرسال تىل - ئەدەبىيات ساپايىڭىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن يېڭى يول ئاچىدۇ.

8 - يىللىقلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە بولغان كۆزقاراش ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ گەرچە سىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشىڭىزدىكى يېڭى باغچىڭىز بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ بىر قىسىم ياكى بىر يۈرۈش كىتابقىلا بېكىنىۋالسىڭىز بولمايدۇ. تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشتىكى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ زور زېمىن دەرسخانا سىرتىدا. تەبىئەت مەنزىرىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەر، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، ئۆي ئىشى، دۆلەت ئىشى، دۇنيا ئىشلىرى ھەممە كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىلا تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشىدىكى بايلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ بايلىقلار ھەر زامان، ھەر جايدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سىز دەرسخانا ئىچى - سىرتىدىكى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، دەرسخانا ئۆگىنىشىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا دەرسخانا سىرتىغا يۈزلىنىپ، تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكۈپ، تىل - ئەدەبىيات مۇھىتىدا ياشاپ ئۆگىنىپ يېتىلىشىڭىز كېرەك.



# نەشرىياتتىن

بۇ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل - ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا، ئۇ-

رۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوتسېنت، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ، يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور ئازاد رەخمۇتۇللا سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرنان قاسىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن جېلىل ئابدۇراخمان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن ھامۇت ياسىن، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەييۇم توختىھاجى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەرگەن مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 8 - يىللىقلىرىنىڭ 1 - ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2004 - يىل ماي

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

### مېھىر - مۇھەببەت


1 . ئانا ........................ بوغدا ئابدۇللا (1)

2 . بالا مېھرى ........................ [illegible] (7)

3 . يىراقتا تارقالغان قوڭغۇراق [illegible] (13)

4 . مېنىڭ [illegible] (18)


### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ


يۇرەك ياشلىرى ........................ (24)


### يېزىقچىلىق


ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش

كېرەك ........................ (27)


### ئاغزاكى ئالاقە


بەدەن تىلى ........................ (30)


## ئىككىنچى بۆلەك

### ۋەتەنپەرۋەرلىك


5 . مۇمىننىڭ مومىغا چىقىشى ........................ نۇر بوزى (34)

6 . ئاخىرقى دەرس ........................ [illegible] (5[illegible])

7 . ۋەتەن رىشتىسى ........................ لىۇ جىنگجى (62)

سىغىنىدىم ۋەتەننى ئۇزاق سەپەردە ······ قوربان بارات (70)


## ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ


شۇنداق ۋەتەننىڭ ئوغلى ئىدىم مەن ······················ (75)


## يېزىقچىلىق


تەپسىلىي يېزىش ۋە ئىخچام يېزىش ························ (78)


## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى


ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە بازىسىنى زىيارەت قىلىش······························································ (81)


## مەخسۇس تېما


ئۇيغۇر يېزىقى·············································· (84)


## ئۈچىنچى بۆلەك

## ئۇرۇش ۋە تىنچلىق


9 . شام ························· سىمىنوف (102)
10 . بەش تال ئوق ·························· ساماق (111)
11 . كاپىتان بوتلىغا بېرىلگەن خەت ······· ۋىكتور ھيۇگو (131)
12 . مۇھەببەت ھەم نەپرەت ······· لۇتپۇللا مۇتەللىپ (136)


## ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ


ئەركىنلىك ························································ (146)
ئۆلۈم ئالدىدا······················································· (147)
بېرلىندا ··························································· (148)


## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى


دۇنيادا قىلىچ قاچانمۇ ساپانغا ئايلاندۇرۇلار ·············· (149)

**تۆتىنچى بۆلەك**

## كۆركەم تاغ — دەريالار

13 . تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى ............ بى بى (160)
14 . [illegible] ...... ئابدۇكېرىم خوجا (169)
15 . تورۇس تاغلىرى [illegible] (174)
16 . كۆيكۆك ۋېنتسېير [illegible] ما شىندى (176)

### ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

تىل ھەققىدە ...................................... (182)
تەسىراتىم ...................................... (184)

### يېزىقچىلىق

ئېكىسكورسىيە ۋە ساياھەت ئەسەرلىرىنى يېزىش ...... (186)

### ئاغزاكى ئالاقە

ئەگەر مەن ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ قالسام ...... (189)

**مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش**

«توم سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ..................... (191)

**بەشىنچى بۆلەك**

## ئادەم ۋە مۆھىت

17 . تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلەيلى ··· يەن چۇنيۇ (214)
18 . دەريا بويى — قەدىمكى مەدەنىيەت
ئارىلى ..................... ئەسەت سۇلايمان (222)
19 . لوپنۇر — يوقالغان كۆل ............ ۋۇ گاڭ (234)

20 . كامالتۇرك ۋە ئۇرۇمچى............ يالقۇن روزى (242)

**ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ**

باللىقىمغا قېيتىۋال ، بالام ........................ (251)

**يېزىقچىلىق**

بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە لىرىكا بىلەن مۇھاكىمىنى
بىرلەشتۇرۇش ........................ (253)

ئەسەر تۈزىتىش مەشقى ........................ (255)

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

كوللېكتىپ كۆرۈش ، ئاڭلاش پائالىيىتى............... (261)

## ئالتىنچى بۆلەك

# يۇقىرى پەن - تېخنىكا

## (ئىختىيارىي ئوقۇش بۆلىكى)

21 . ئالەم بوشلۇقىدىكى تۇرمۇش... جېرۋي .م .لىنېنجي (264)
22 . مۆجىزىكار كلون ............... تەن جياجېن (273)

**ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ**

خېشى دىيارىدىكى نەزمە ........................ (280)

ئۇيغۇر تىلى ........................ (281)

**قوشۇمچە I**
ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ........................ (285)

**قوشۇمچە II**

خەت - چەكلەردىن كۆرسەتمە ........................ (288)



## بىرىنچى بۆلەك

## مېھىر - مۇھەببەت

مېھىر - شەپقەت ، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ، غەم-
خورلۇق قىلىش ، ۋاپادار بولۇش قويۇق ۋە چوڭ-
قۇر ھېسسىياتلىرىمىز بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن
بولىدۇ . بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر ئارقىلىق مېھ-
رىبان ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىغا بولغان ئۆزلۈمەس
رىشتىسى ۋە سىماسىنى ، قېرىنداشلارنىڭ بىر -
بىرىگە كۆرسەتكەن غەمخورلۇقلىرى ۋە كۆيۈنۈش-
لىرىنى ھېس قىلىسىز . . .
ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىشى ، كىشىلەر-
نىڭ ئارامگاھى ، جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى ، مەن
ئائىلەمنى سۆيىمەن ، قېرىنداشلىرىمنى سۆيە-
مەن .



# 1 . ئانا

بوغدا ئابدۇللا[①]

توقسانغا ئۇلاشتى ،
كۆزى خىرەلەشتى .
تونۇمايدۇ گاھىدا سېنى ،
سېنى چاقىرماقچى بولۇپ ،
چاقىرىدۇ باشقا بىرىنى .
باشقا بىرىنى چاقىرغاندەك .
توقسان ياز ،
توقسان كۈز ،
توقسان قىش ،
توقسان ئەتىياز ،
ئۆتۈپ كەتتى
ماڭلىيىغا ئىز سېلىپ ،
ئۆتۈپ كەتتى سۇدەك .
ئەمدى ،
تېتىكلىكى يوق
بۇرۇنقىدەك .
كۆرپىدە ياتار ،
ئىشىككە قارار .
سەن كەلمىسەڭ بىر كۈن

---

① شائىر بوغدا ئابدۇللا 1941 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لەنجۇدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى . ئۇنىڭ «سالغا تېشى» ، «قىز قەلئەسى» ، «يەلكەن» ، «چۈش كۆرۈندۇ بىر توپ ئانارگۈل» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

كۆڭلى يېرىم بولار ،
كۆزىگە ياش ئالار ،
كىچىك بالىدەك .
ھەي !
جاھاننى ياشاپ تۈگىتىپ قويدى ،
ئەمدى مېھماندەك !

كۆڭۈل نازۇك نەرسە ،
كۆتۈرەلمەس گەپنى
سۇ مىسقال تۆمۈرنى كۆتۈرەلمىگەندەك .
شۇڭا
تاشلىما ئۇنى ،
ئۇنتۇما ئۇنى .
يوقلا !
تاتلىق بىلەن !
ئاچچىق - چۈچۈك بىلەن !
ھالداش ،
مۇڭداش ،
ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول !
قىزى بولمىسا قىزى بول !
يۇيۇپ قوي ،
چاچلىرىنى تاراپ قوي .
دۈمبىسىنى سىلاپ قوي ،
پۇتىنى تۇتۇپ قوي ،
شۇنداق قىلساڭمۇ
بىر كىچە بەرگەن سۈتى ھەققىنى
تۆلىيەلمەيسەن ،
بولۇپ پايپېتەك !
ئۇ بولمىسا

سەن قېنى ؟ !
مەن قېنى ؟!
توققۇز ئاي
توققۇز كۈن
توققۇز سائەت
توققۇز دەقىقە
كۆتۈرگەن بىزنى قورسىقىدا .
ئاش ئىچىپ ،
نان يېقىپ
كىر يۇيۇپ . . .
يول يۈرۈپ ،
جاھان لەرزىگە كەلگەن تولغىقىدا . . .
چاقماق چاققاندەك ، بوران گۈركىرىگەندەك !

بىز
ئۆنىڭ بەختى ،
ئارزۇسى ئىدۇق .
بۈگۈنى ،
ئەتىسى ئىدۇق .
بىز !
ئۆنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى ئىدۇق .
ئوغۇل بولۇپ ،
قىز بولۇپ ،
بىز !
ئۆنىڭغا ئوخشىدۇق ؛
كۆزىمىز ئوخشار ،
قېشىمىز ئوخشار ،
بۇرنىمىز ئوخشار ،
ئاغزىمىز ئوخشار ،

گۈل گۈلگە ئوخشىغاندەك .

كۆز نۇرىمىز ،
قارا چېچىمىز ،
قېنىمىز
ئۇنىڭ ئىدى ، ئۇنىڭ . . .
خۇددى سۈنىڭ بېشى بولغىنىدەك .
ئىنسان
ھەم ئەقىللىق بولار ،
ھەم نادان .
كۆيەر بالىسىغا كۆيمەس ئانىسىغا ،
ئانا كۆيەر بالىسىغىلا :
سېنى ئاسماندا ئۇچسا دەيدۇ ،
دېڭىزغا شۇڭغۇسا دەيدۇ .
تۆھپەڭنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ
شەيخ جايىنامازدا تىلىگەندەك .
تاپسا
بىر تال كەمپۈت ،
بىر تال ئالما ،
گېلىدىن ئۆتمەس ،
يالغۇز يېگۈسى كەلمەس
سېنى يېۋالسۇن دەيدۇ ،
سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ ،
كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك .

توقسانغا ئۇلاشتى ،
قولىقى ئېغىرلاشتى ،
چىشى چۈشكەن ،
بېلى ئېگىلگەن ،

بېشى ئاغرىيدۇ
پۇتى سىرقىرايدۇ . . .
لېكىن ،
تۇرغۇسى كېلەر ،
يۈرگۈسى كېلەر ،
ھاسىسىنى تاشلىغۇسى كېلەر ،
يۈرگۈسى كېلەر ياش — قىرانلاردەك .

يەر ئايلىنار ،
ۋاقىت ئۇچار .
بۇگۈننىڭ بوسۇغىسىدا
ئەتە ساقلاپ تۇرار .
شۇنداق
قېرىيدۇ بارچە :
ئادەممۇ ،
دەرەخمۇ
قۇشلارمۇ . . .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىمىزنىڭ بوۋا - مومىمىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ . سىزنىڭچە چوڭلارغا قانداق كۆيۈنۈش كېرەك ؟ سۆزلەپ بېقىڭ .

2 . بۇ بىر چاچما شېئىر . سىلەر چاچما شېئىرنىڭ قانداق شېئىر شەكلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار .

3 . شائىر نېمە ئۈچۈن «ئىنسان ھەم ئەقىللىق بولار ، ھەم نادان .» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ . مۇشۇنداق ئېيتىش توغرىمۇ ؟

4 . بۇ شېئىرنى توغرا ، ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ھەم يادلىۋېلىڭ .

# 2 . بالا مېهرى

## كاۋاباتا ياسۇنارى[1]

پاراخوت سىتو ـ نايكايدىن چىقىپ ، پايانسىز دېڭىزغا قاراپ كېتىۋاتقاندا ، پالوبىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا پۇزۇر كىيىنگەن ، 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئېسىلزادە خانىم پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە كۇتكۇچى ئايال پايىپېتەك بولۇپ يۈرەتتى .

ئۇ خانىمغا يېقىنلا جايدا ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ، چىرايى سولغۇن ، 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر ئۇنىڭغا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ ، ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . يېنىدا ئۈچ ئوغۇل ، چوڭى يەتتە ـ سەككىز ياشلاردا بولۇپ ، باللارنىڭ ھەممىسىلا چېچەن ۋە ئوماق كۆرۈنەتتى ، ئەمما كىيىم ـ كېچەكلىرى بەكلا جۇل ـ جۇل ئىدى .

ئېسىلزادە خانىم پالوبىغا چىقىپلا بۇ نامرات ئاتا ـ باللارنى كۆردى ، ئاندىن بىر كۇتكۇچى ئايالغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى تاپىلىغاندى ، ئۇ كۇتكۇچى ئايال دەرھال ئۇ ئەرنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— بالا كۆپ بولسا نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە ، — دېدى .

— رەھمەت . قۇچاقتا يەنە بىرى بار تېخى . بىزدەك نامراتلارنىڭ باللىسى كۆپ بولغانچە كۈنى تەس بولىدىكەن . زادىلىق قىلىسىڭىزمۇ دەۋرەي ، راستىنى ئېيتسام ، بىزنىڭ بۇ تۆت باللىمىزنى باققۇچىلىقىمىز يوق . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇلارنى ھەرگىز تاشلىۋەتكۈمىز يوق . شۇ تاپتا باللارنى دەپ بىز ئالتە جان خوككايدوغا ئىش ئىزدەپ

[1] كاۋاباتا ياسۇنارى (1899 – 1972) — ياپونىيە يازغۇچىسى . ياپونىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان . 1968 – يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن .

كېتىۋاتىمىز .

— بايا دېگەنلىرىڭىز راست بولسا ، سىزگە بىر تەكلىپ بېرەي . خوجايىنىم خاكوداتېدا كاتتا باي ، چوڭ بىر شىركەتنىڭ باش دىرېكتو-رى . ئەمما ، يېشى 40 تىن ئاشقان بولسىمۇ ، تېخى پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ باقمىدى . شۇڭا ، خانىم مېنى : باللىرىدىن بىرەرىنى بالا قىلىۋېلىشىمغا بېرەمدىكىن ، سوراپ باق ، دەپ ئەۋەتتى . ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان بالا ياخشى كۈن كۆرۈپلا قالماي ، يەنە غوجىدارنىڭ مال - دۇنياسىغىمۇ ۋارىس بولالايدۇ تېخى . ئۇنىڭدىن باشقا ، خانىم سىلەرگە يۈز سوم پۇل بېرىپ رەھمەت ئېيتماقچى .

— بۇغۇ بەلەن گەپ ئىكەن . . . ، — دادا شۇنداق دېگىنى بىلەن چىرايىدىن مۇڭ - زار چىقىپ تۇراتتى ، ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئاخىرى كۆتكۆچى ئايالغا ، — بۇ ئىشنى باللارنىڭ ئاپىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن بىرنېمە دەي ، — دېدى .

كەچتە پاراخوت ساگامى - ناداغا يېتىپ كەلگەندە ، ئۇ ئەر بىلەن خوتۇنى باللارنىڭ چوڭىنى يېتىلەپ ئېسىلزادە خانىمنىڭ قېشىغا كىردى ۋە :

— ئەمىسە ، بۇ ئوغلىمىزنى ئېپقالسىلا ! — دېدى .

ئۇلار نېرى - بېرى دېيىشمەيلا باشتا دېيىشكىنى بويىچە پۈتۈش-تى . ئېسىلزادە خانىم ئۇلارغا يۈز سوم بەردى . ئايرىلىدىغان چاغدا ، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى قىيالمىغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىشقىنىچە ئېسىلزادە خانىمنىڭ قېشىدىن چىقىشتى .

بىراق ، ئەتىسى ئەتىگەندە پاراخوت بوسو - خانتو يېرىم ئارىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقاندا ، ئۇ ئەر نېمىشقىدۇر بەش ياشلىق ئوتتۇرانچى ئوغلىنى يېتىلىگىنىچە ، كۆڭلى يېرىم ھالدا ئېسىلزادە خانىمنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى .

— ئاخشام ناھايىتى ئۇزاق ئويلاپ كەتتۇق ، — دېدى ئۇ ، نېمىلا قىلغان بىلەن ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئەمەسمۇ . ھەرقانچە نامرات بولساق-مۇ ، چىرىغىمىزنى ياندۇرىدىغانغا شۇ بولمىسا بولمايدىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، چوڭ ئوغلىمىزنى خەققە بېرىۋەتسەك بولمىغۇدەك . ماقۇل

كۆرسىلە، ئوتتۇرانچى ئوغلىمىزنى بېرىپ، چوڭىنى قايتۇرۇۋالساق.

— بوپتۇ، بوپتۇ! — دېدى غوجىدار خانىم خۇشاللىق بىلەن.

بىراق، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بالىلارنىڭ ئاپىسى ئۈچ ياشلىق قىزىنى يېتىلەپ كىرىپ، تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا دېدى:

— ئۆزلىرىگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئەتىگەندە ئۆزلىرىگە ئەكىرىپ بەرگەن ئوغلۇم قاش - كۆزلىرىدىن تارتىپ گەپ - سۆزلىرىگىچە قېيىنانامنىڭ قۇيۇپ قويغان ئۆزىلا. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، ئۇنى بېرىۋەتسەم، قېيىنانامنى تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن، ئېرىمغىمۇ يۈز كېلەلمەيدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بەش ياشتا، ئەس كىرىپ قالدى، بىزنىڭ بۇ قىلغىنىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمىغۇدەك. شۇنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا بەكلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. شۇڭا، قىزىمنى ئېلىپ قېلىپ، ئوغلۇمنى بېرىۋەتكەن بولسىلا.

غوجىدار خانىم قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، سەل باشقىچە بولۇپ قالدى. بىراق، ئاپىسىنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ، ماقۇل دېمەكتىن باشقا چارە تاپالمىدى.

ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. ئەتىسى چۈشتە پاراخوت خوككايدوغا يېتىپ باراي دەپ قالغاندا، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىرگە ئېسىلزادە خانىمنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى ۋە غوجىدار خانىمغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى.

— ۋوي، نېمە بولدۇڭلار؟ — غوجىدار خانىم دەرھال ئۇلاردىن سورىدى.

— زادىلا چىدىيالمىدۇق، — ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن شۇنداق دەپلا يەنە يىغلاپ كېتىشتى. غوجىدار خانىم بىرنەچچە قېتىم سورىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەر يىغلاپ تۇرۇپ مۇڭلارنى دېدى:

— ئەسلىدىنمۇ مۇنداق كەم ئەقىللىق قىلمىساق بوپتىكەن. ئاخشام ئىككىمىز مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ئەمدى گېپىمىزدىن يېنىۋالمايمىز، قىزىمىزنىڭ مېھرىدىن كەچكىنىمىز كەچكەن، دېيىشكەندۇق. بىراق، ئۇ بەكلا كىچىك، نېرى - بېرى ئويلاپ، ئەنسىرەپ،

كىچىچە كىرپىك قاقمىدۇق . ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان كىچىككىنە بىر بالىنى خەققە بېرىۋەتسەك ، ھەتتا مەن ئۆزۈمنىمۇ سەن نېمىدېگەن تاش يۈرەك دادا - ھە ، دەپ ئويلاپ قالىدىكەنمەن . ئۆزلىرى بەرگەن پۇلنى تولۇقى بىلەن ئېلىۋېلىپ ، قىزىمىزنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرسىلە بوپتىكەن . بىر ئائىلىدىكى ئالتىمىز ئاچلىقتىن ئۆلسەكمۇ ئۆلەيلى دېدۇقكى ، بىر بالىمىزنىمۇ تاشلىۋەتكۈمىز كەلمىدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خانىمنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى .

— ھەممىگە مەن ئەيىبلىك ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە ، — كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم ، گەرچە بالا يۈزى كۆرمىگەن بولسامۇ ، ئاتا - ئانا ئىككىڭلارنىڭ كۆڭلىنى تولۇق چۈشىنىمەن ھەمدە سىلەرگە تولىمۇ مەستلىكىم كېلىدۇ . بوپتۇ ، قىزىڭلارنى قايتۇرۇپ بەرسەم بېرەي . پۇلغا كەلسەك ، ئۇنىمۇ ئېلىڭلار . سىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىق مېھرىڭلارغا بولغان مىننەتدارلىقىم بولۇپ قالسۇن .

شۇنداق قىلىپ ، بىر ئائىلىدىكى ئالتەيلەن يەنە جەم بولۇشتى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . تېكىستتە ھە دېگەندىلا نامرات ئاتا - ئانا ھېچقايسى بالىسىنى بېرىشكە ئۇنىمىغان بولسا ، بالىلىرىغا بولغان مېھرىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىپادىلەپ بەرگىلى بولاتتىمۇ ؟ تېكىستتىكىدەك يېزىشنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بار ؟

2 . تېكىستتە يېزىلغان «ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ كۆڭلى» نى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ، تۆۋەندە بېرىلگەن كۆرۈنۈشلەر بويىچە دادا بىلەن ئانىنىڭ پسىخىكىسىنى بىر - ئىككى جۈملە تەسۋىرلەپ يېزىڭ :

1 ) غوجىدار خانىم بىرەر بالىسىنى بالا قىلىۋالماقچى بولغاندا :

2 ) چوڭ ئوغلىنى بەرگەن چاغدا :

3 ) ئوتتۇرانچى ئوغلىنى بېرىپ ، چوڭ ئوغلىنى قايتۇرۇۋالغاندا :

4 ) قىزنى بېرىپ ، ئوتتۇرانچى ئوغلىنى قايتۇرۇۋالغاندا :

5 ) قىزنى قايتۇرۇۋالغاندا :

*3 . دەرستىن سىرت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ھېكايە ، ماقال ـ تەمسىل ، ئەقلىيە سۆز ، قوشاق ، شېئىرلارنى توپلاپ ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان مېھرى تېمىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈڭلار . سىنىپ مۇدىرى ، دەرس ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلساڭلارمۇ بولىدۇ .

4 . تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىڭلار .

# 3 . يىراققا تارقالغان قوڭغۇراق ئاۋازى

ئەختەم ئۆمەر[1]

— ئۇ نېمىنىڭ ئاۋازى ؟ — سورىدى چوكان . هارۋىكەش چۆچۈ-دى . چوكاننىڭ ئېرى جاۋاب بەرمەستىن پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاۋازنى ئاڭلىماقتا .

ناهايىتى مودا ياسانغان ياش چوكان ، قاپقارا مايلانغان بۇدۇر چې-چىغا ، يۈز ـ كۆزلىرىگە توپىلىق يولنىڭ ئاچچىق شور توپىسىنىڭ قونۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، پۈتۈنلەي ئورىنىۋالغىنىچە ، ئېرىدىن ماي تارتىپ ئولتۇراتتى .

ئات هارۋىسى ئېگىز ـ پەس توپىلىق يولدا قوپال تەۋرىنىلگەن بۆشۈكتەك چايقىلىپ ماڭماقتا . ئۇنىڭ ئېرى هەربىي ئىدى . ئۇلار توي قىلغاندىن بېرى ، ئۇ ئېرىنىڭ يۇرتى تۇگۇل ، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولۇپ ، مانا هازىر تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى . ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ، ئات هارۋىسىغا كىرا قىلىپ يولغا چىققان-دا ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل توپىلىق يول ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ ـ توپا ، يول بويىدىكى كۆز ئاپتىپىدا سارغىيىپ پىشقان قاتار جىگدىلەرنى هېسابقا ئالمىغاندا ، بىپايان شورلۇق ، قاقاس تۈزلەڭنى كۆرۈپ ، ياش چوكاننىڭ ئەرۋاهى ئۇچۇپ ، ئۆزىنى چۈمكىۋالغانىدى .

— ۋاي ـ ۋۇي ، ماۋۇ توپىلارنى ، نېمىدېگەن بىزەپ يول ، نېمىدېگەن تولا توپا بۇ ، توپىغا كۆمۈلۈپلا كېتىدىغان بولدى كىشى .

---

[1] ئەختەم ئۆمەر — 1963 ـ يىلى مەكىت ناهىيىسىدە تۇغۇلغان . تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراما-تورگ . ئۇنىڭ «يىگانە ئارال»، «مىلاۋئاننىڭ سىرى» ناملىق رومانلىرى ، «ئاھ ، رەهىمسىز دەريا» ، «ئەختەم ئۆمەر پوۋېستلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق 10 غا يېقىن هېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان .

ماۋۇ گىياھسىز قاقاسلىقنى كۆرۈڭ . ۋوي سادىق ، يۇرتۇڭ مۇشۇنداق قاقاسلىق دېگىنە ، ۋاي بىچارىلەرەي ، بۇنداق يەردە قانداق جان باقىدۇ كىشىلەر ، مۇشۇنچىلا يەردە ھېچ نەرسە بولمىسا . . .

ھارۋىكەشنىڭ جۇدۇنى تۇتتى . سادىق ئايالىغا ئالىيىپ قويۇۋىدى ، سۆزلەشتىن توختىدى . ھارۋا قوپال سىلكىنسىمۇ ، يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرەخلىك يېزىدىن بوش ئاڭلىنىۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازىنى سادىق پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئاشۇ ئاۋازدا قالغانىدى . ھارۋىكەشمۇ سادىقنى يىراقتىن بوش ئاڭلىنىۋاتقان ئاشۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالماي قالمىسۇن دېگەندەك ئاتنى ئىلگىرىكىدەك ۋارقىراپ - جارقىراپ ھەيدەشتىن ، ئۈنسىز ھالدا ئانچە - مۇنچە قامچىلاپ ھەيدەشكە ئۆتتى . ئۇ پات - پات سادىققا يەر ئاستىدىن سىنچىلاپ قاراپ قويىدىيۇ ، گەپ قىلمايدۇ .

— سادىق ، سىزدىن سوراۋاتىمەن ، ئۇ نېمىنىڭ ئاۋازى ؟ — سادىقنىڭ ئايالىنىڭ ئىچى پۇشۇپ يەنە سورىدى .

— قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى . بىزنىڭ مەھەللىدە بۇرۇن مەكتەپ يوق ، بىرلا سىنىپ بار ئىدى . ئۇ قوڭغۇراق ئاشۇ سىنىپنىڭكى . مەن ئاشۇ سىنىپتا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەن . . . — ھاياجانلانغان سادىق شۇنچىلىك سۆزلەپ توختاپ قالدى .

— ھازىرمۇ ئاشۇ بىرلا سىنىپ بارمۇ ؟

— ياق ، ھازىر چوڭ مەكتەپ بار .

— سىزنىڭ مەھەللىڭىزدىما ؟

— ياق ، سەل يىراققا كۆچۈپ كەتتى .

— ھازىر ئۇ قوڭغۇراق سىزنىڭ مەھەللىڭىزدە ؟

— ھەئە .

— ئۇنى ھازىر نېمىشقا چالىدۇ ؟

سادىق جاۋاب بەرمىدى .

— بىكاردىن - بىكارغا ساراڭدەك چېلىۋېرەمدۇ ؟

سادىقنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى .

— ئۇنى بۇرۇن مەن چالغان . . . ئېرىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ

ياش چوكان ھەيران قالدى.

— نېمانداق چىرايىڭىز بۆلەكچە بولۇپ كەتتىغۇ، كۆڭلىڭىزگە كەلگۈدەك گەپ قىلمىغاندىمەن؟



سادىقنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — ئۇنى ئاتام چىلىۋاتىدۇ... — ئۇ شۇ سۆزنى دېيىش بىلەنلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. شۇ ئان ياش چوكان قىزىرىپ خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. ھەممىسى جىم بولۇپ قېلىشتى.

قوڭغۇراق ئاۋازى بارغانچە ئېنىق ئاڭلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا چوڭقۇلداپ ئاڭلىنىۋاتقان زىل ئاۋازى، جىمجىت ياتقان بىپايان يېزىدا يېقىملىق ئەكس سادا تارقىتىپ، يىراق - يىراقلارغا تارقىلاتتى...

ھارۋا مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. يولدا سېغىز لايدا قورچاق ياساپ ئويناۋاتقان يالىڭاچ بالىلار ئۇلارغا ھەيران بولۇپ ئەركىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

«ھەي، ئاۋۇ ھارۋىدىكى ئاچاش ھېلىقى كۆنى كۆرگەن كىنودا چىققانغۇ؟» - دېدى. بالىلار شۇ ئان چۇرقىرىشىپ، ھارۋىنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. قوڭغۇراق ئاۋازى مەھەللە ئىچىدە ئاجايىپ ئوچۇق، مۇڭلۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سادىق ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە:

«ئانا... ئانا...» دېگىنىچە كىچىك بالىلاردەك ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. قوڭغۇراق يىراقتىن كۆرۈندى. ئۇ قىرى ئۈجمىنىڭ ئېگىز شېخىغا ئېسىلغان بولۇپ بىر ئايال ئۆگزىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئاق تانىسىنى ھەدەپ تارتماقتا ئىدى.

— ئاشۇ ئايال سادىقنىڭ ئانىسى شۇ، — دېدى ھارۋىكەش.

سادىقنىڭ ئايالى ئاغزىنى تۇتقىنىچە چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

سادىقنىڭ ئانىسىنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي چۇۋۇلغان، كىيىملىرىگە ھەرخىل قۇراقلار، شويىنلار ئېسىلغان ھالەتتە بىر نەرسىلەرنى دەپ بىردەم كۈلۈپ، بىردەم يىغلاپ دېگۈدەك ھەدەپ قوڭغۇراق چالاتتى. ئۇ سادىقنىڭ بار ئاۋازى بىلەن: «ئانا... ئانا!...» دەپ توۋلاپ ئۆگزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. سادىقنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ بىرمۇنچە قېرىنداشلىرى يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئەمما ئۇ ھېچقايسىسىغا پەرۋا قىلماي ئۆيگە قاراپ: «ئانا...

ئانا ! . . . » دېگىنىچە يۈگۈردى .

— ئۇ ئەسلى بەكمۇ ياخشى ، ساغلام ئايال ئىدى . سادىق ئەسكەرلىككە كېتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ قالدى ، شۇنىڭدىن بېرى تولا يىغلاپ ، ئېلىشىپ قالدى . كېيىن ئۇ خەۋەر يالغان بولۇپ چىقتى . سادىق قايتىپ كەلدى . ئەمما ئانىسى ساقايمىدى . سادىق كىچىك چېغىدا دائىم سەھەردە ساۋاقداشلىرىنى مەكتەپكە چىللاپ ئاشۇ قوڭغۇراقنى چالاتتى . ئۇنىڭ ئانىسى سادىقنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ ، ئاشۇ قوڭغۇراق تانىسغا ئېسىلىپ : «ئاھ ، بالام سادىق ، سەن قەيەردە ، قوڭغۇراقنى چالسام ، ئانا ... دەپ كېلەرسەنمۇ ؟ » دەپ يىغلىدى . كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇنداق بولۇپ قالدى . هارۋىكەشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، سادىقنىڭ ئايالى يۈزىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى .

1986 - يىل 26 - ئۆكتەبىر ، قەشقەر

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1 . سادىقنىڭ ئانىسىنىڭ بالا دەردىدە ساراڭ بولۇپ قېلىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ . ئۇ ئىچ ئاغرىتىشقا ئەرزىيدىغان بىچارە ئانا . بىراق كۈتۈلمىگەن بالا - قازاغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئويلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ . شۇ ئاساستا بۇ ئانىغا بىرلىكتە باھا بېرىپ بېقىڭلار .

2 . ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا «هارۋىكەشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، سادىقنىڭ ئايالى يۈزىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى » دەپ يېزىلغان . ئۇنىڭ يىغىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك . ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغان بىر ئايالنىڭ كېلىنى بولۇپ قالغانلىقىدىن يىغلىدىمۇ ؟ ياكى قېينانىسىنىڭ قىسمىتىگە ئېچىنىپ يىغلىدىمۇ ؟

3 . بۇ ھېكايىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاخىرىدا

«قاراقچى ھەمراھ» ناملىق VCD پلاستىنكىسىنى تېپىپ شۇنىڭ ئى-
چىدىكى «يىراققا تارقالغان قوڭغۇراق ئاۋازى» دېگەن ھېكايە فىلىمىنى
بىرلىكتە كۆرۈپ مەزكۇر ھېكايە بىلەن سىنارىيىنى سېلىشتۇرۇپ
پەرقىنى بىلىۋېلىڭلار.

# 4 . مېنىڭ ئاكام

ئەخمەت ئىمىن[①]

بۇ چۈشۈم ، بۇ پەقەت چۈشۈم ، دەپ قالاي ، دۇنيا ، كارامىتىڭنى كۆرسەت ، بىر مۆجىزە كۆرسەت ، پۈتۈن ئۆمرۈم پەقەت چۈش بىلەن ئادا بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى ، سىنىڭ ئويغاق قۇچىقىڭ ئۇيقۇ دۇنياسى بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى ، بۇ رېئاللىقنى كۆرۈشكە رايىم يوق ، دۇنيا ، بۇ ئۇخۇمنى كۆرۈشكە مەيلىم يوق . . . .

دادىمغا يەت ، ھەي ، دۇنيا ، ھالىمغا يەت ! بۇ مېنىڭلا ئەمەس ، ھەممە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نالىسى . . .

ئاكا ، بىز بېشىڭدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتىمىز ، خۇددى قۇياشنى چۆرىدىگەن سەييارىلەردەك . راست ، بىز ئاجايىپ سەييارىلەر ئىدۇق ، سېنى دەۋر قىلىپلا چۆرگىلەيتتۇق . سەن بىزگە نۇر ۋە ھارارەت بېغىشلايتتىڭ . قۇياشنىڭ قۇدرىتى بولمىسا ، سەييارىلىرىنى ھەرگىز-مۇ ئۆز سىزىقىدا چۆرگىلىتەلمەيتتى . سەنمۇ شۇنداق ، سەندىمۇ شۇن-داق بىر قۇدرەت بولمىغان بولسا ، بىزنى ئەتراپىڭغا ئولاشتۇرالمىغان بولاتتىڭ . بۇ قۇدرەت مېھىر — ئۇرۇق - تۇغقانلىق مېھرى ئىدى . سەن ئاكا ئىدىڭ ، لېكىن ئاكىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئەڭ چۈشەنگەن ئاكا ئىدىڭ . خادىكىنىڭ ئالدى چاقى قايسى يول بىلەن ماڭسا ، كەينى چاقلىرىنىڭمۇ شۇ يولغا چۈشۈپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلەت-تىڭ . ئاتا - ئانام سېنىڭ پەرۋىشكار گۈلچىڭ ئىدى ، سەن خۇش

---

① ئەخمەت ئىمىن 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . نەسىرچى ، ئەدەبىي تەرجىمان . ئۇنىڭ «قەلب ساداسى» ، «باھار تىنىقى» ، «جۇلدۇر كىيىگەن خوتۇننىڭ ساداسى» ناملىق نەسىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

پۇرىقىنىڭ بىلەن ئۇلارغا بەھرە بەرگۈچى ئىدىنىڭ . بۇ خوش پۇرىقىنىڭ ئۆز ئۆۋىتىدە بىزنىمۇ بەھرىمەن قىلاتتى .

«دادام ياشىنىپ قالدى . جىق جەبىرلەرنى چەكتى ، ئۇكام ، ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى مەن بولسامبۇ كۆتۈرۈشۈپ بەرمىسەم بولـ ماس » دېگەنلىرىڭ ھېلىھەم ئېسىمدە ، ئۇ سېنىڭ ئۆسمۈرلۈكىڭنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلى بىلەن تېخى خوشلىشىپ ئۈلگۈرمىگەن چاغلىرىڭ ئىدى . سەن تېخى ياشلىقتا قەدەم قويمايلا ، تېخى بېلى قاتمىغان تايدەك مەزگىلىڭدىلا تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى زىممەڭگە ئالدىڭ . ئېسىمدە ، ئۇ بىللە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىز ئىدى . سەنمۇ تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارـ دىن ئىدىڭ ، بىلىم ئېلىشقا ، بىلىملىك بولۇشقا تولىمۇ قىزىقاتتىڭ ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ قىستىشى ۋە ئائىلىلىق مەسئۇلىيەت تۈيغۇسى تۈپەيـ لى ، سەن ئۇ قىزىقىشتىنىمۇ ۋاز كەچتىڭ . شۇ چاغدا : «سەن بولساڭـ مۇ ياخشى ئوقۇغىن ، ئۇكام ، سەن ئارزۇيۇڭغا يەتسەڭ ، مەنمۇ ئارزۇـ يۇمغا يەتكەندەك خوش بولىمەن » دېگىنىڭ ھېلىغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ . شۇنداق قىلىپ ، مىنىڭ بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇغان ۋاقىتـ لىرىم سېنىڭ تۇرمۇش دارىلفۇنۇنلىرىغا كىرىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىڭ بولدى . مەن كۆندە كىتاب ـ دەپتەرلىرىمنى ئېلىپ مەكتەپكە ماڭدـ مەن . سەن ئەندۇۋا ، چوبگەزلىرىڭنى كۆتۈرۈپ ئىشقا ماڭىسەن ؛ چۈشتە مەن ئۆيگە قايتىپ ئەمگىكىڭنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئىسسىق تاماقنى يەيمەن . سەن يىراق ئىش مەيدانلىرىدا قايناقسۇغا چىلاپ قۇرۇق ناننى يەيسەن ؛ كەچقۇرۇن مەن تايچاقتەك سەكرەپ ـ ئويناقـ شىپ مەكتەپتىن يانىمەن ، سەن ئۇستۇبېشىڭ توپا ، ھارغىن ھالەتتە ئىشتىن يانىسەن . لېكىن ، دادامنى ، ئانامنى ، بىزنى — بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭنى كۆرگەندە ھاردۇقۇڭ چىقسا كېرەك ، كۈلىسەن . شۇ كۈلكىلىرىڭنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى كىچىكلىكىمدە چۈشەنمىگەنىدـ كەنمەن ، كېيىن چۈشەندىم . ئۇ بالدۇرلا چوڭ بولۇپ كەتكەن ئوغۇل بالىنىڭ ئېپتىخار كۈلكىسى ئىكەن . شۇ كۈلكىنىڭ ئاجايىپ ساپ ، ھالال ۋە ۋىجدانلىق يۈرەكنىڭ مەمنۇنىيەت بىلەن ياڭراتقان چىن ئىنسانلىق خىتابى ئىكەنلىكىنى كېيىن ، بەكمۇ كېيىن ھېس قىلىپ

يەتتىم .

سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىر ئۆمۈر شۇنداق كۈلۈپ ئۆتتۈڭ . ئاكا ، ئەمدى جىمىلا ياتىسەنغۇ؟ ئۇنداق قىلما ئاكا ، بىر كۈلگىن ، بىر كۈلۈۋەتكىنە ! شۇ كۈلكەڭ بىلەن بىزمۇ كۈلەيلى ، جاھانمۇ تەڭ كۈلسۇن . كۈلكىسىز جاھان ئادەمگە بەكمۇ قورقۇنچلۇق ، سوغۇق بىلىنىدىكەن ، خۇددى جاھان ئەمەستەك ، ئەھمىيەتسىز بىلىنىدىكەن .

ئاكا . . . ! ئاكا . . . !

ھەممىمىز بېشىڭدا قارا قۇشقاچتەك چۇۋۇرلىشىۋاتىمىز ، نالە قىلىۋاتىمىز ، ئاكا ! . . . «ئاكا» دېگەن بۇ سۆزدە نـەقـەدەر ۋەزىـن بار ـ ھە ! راست ، سەن ئاكا ئىدىڭ ، بىزگە ئەسلىي ئاكىلا ئىدىڭ ، لېكىن سېنىڭ بىزگە قىلغان ئەجرىڭ ئاكىلىقتىن جىق ئېشىپ كەتتى . دادام رەھمەتلىكنىڭ ئاشنى ئالدى بىلەن بىزگە بېرىپ ، ئاشقىنىنى ئۆزى يەيدىغان ، ناننىڭ يۇمشىقىنى بىزگە بېرىپ ، قاتتىقىنى ئۆزى غاجايدىغان ئادىتى بار ئىدى . بۇ ئادەت دادامدىن ساڭا ئۇدۇم بولۇپ قالدى . ھەرقانداق ئىشنىڭ جاپاسى سېنىڭ ، راھىتى بىزنىڭ بولدى . بىز ئۇنىساقمۇ شۇنداق بولدى ، ئۇنىمىساقمۇ شۇنداق بولدى . ئاناڭنىڭ ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنىڭ ھاجىتى راۋا بولماي تۇرۇپ ، ئۆزۈڭنىڭ ھېچقانداق ھاجىتىڭنى راۋا قىلىشنى خالىمىدىڭ . سەن بىزگە ئاكا ئىدىڭ ، ئەسلىي ئاكىلا ئىدىڭ ، لېكىن سەن بىزگە ئاتىمۇ بولدۇڭ . راست ، ئاتا ئىزىنى ئوغۇل باسىدىكەن ، ھەقىقىي ئوغۇل بالا باسىدىكەن . سەن سايىۋەن بولغاچقا ، بېشىمىزغا كۈن چۈشمىدى ، سەن يۆلەپ تۇرغاچقا ، ھېچقايسىمىز تۇرمۇش داۋانلىرىدا يىقىلىپ قالمىدۇق . ئېگىز داۋانغا چىققاندا كەينىگە بۇرۇلسا ، باسقان مۇساپىنى ئالدىغا قارىسا ، ماڭىدىغان يولنى ئىلغا قىلغىلى بولىدىكەن . سەن بىزنى دەل مۇشۇنداق داۋانغا يېتەكلىگۈچى ئىدىڭ . بىز سەن بىلەن بىللە ئەقىل يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇگۈنىمىزنى يەكۈنلەيتتۇق ، بۈگۈنىمىزگە نەزەر تاشلايتتۇق ، ئەتىمىزنى مۆلاھىزە قىلاتتۇق . ھاياتلىق مۇستەقىل ياشاشنى ئۆزىگە تۈۋرۈك قىلغان ، ئۇنىڭسىز كىشىلىك تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ئادەم

بالسى دەسلەپتە كۆتۈرۈشكە ، سەل چوڭايغاندا يۆلەشكە ، يېتىلەشكە
موھتاج بولىدۇ ، لېكىن ئۇ ھامان مېڭىشى ، ئۆزى مۇستەقىل مېڭى-
شى كېرەك . بۇ ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسى . سەن بۇ نۇقتىنى چۈشىنەت-
تىڭ ، شۇڭا بىزنى غەيرەتلىك ، شىجائەتلىك ، جۇشقۇن ، قەيسەر بو-
لۇشقا ئىلھاملاندۇراتتىڭ . شۇڭا بىزگە تەلەپچان ئىدىڭ ، بىزنىڭ سەل
بوشاپ قېلىشلىرىمىزمۇ سېنىڭ دىققىتىڭنى تارتاتتى ، يولدىن سەل
قېيىپ كېتىشلىرىمىزمۇ ، بىلىپ ـ بىلمەي ئېزىشلىرىمىزمۇ سېنىڭ
ئۆتكۈر نەزىرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى . بىر ەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ
قويساق ، لاپپىدە مەنىلىك قاراپ قويۇشلىرىڭ ، بىر خاتاغا يول قويغى-
نىمىزدا ، مىيىقىڭدا كۈلۈشلىرىڭ ياكى كايىشلىرىڭ قانداقمۇ كۆز
ئالدىمىزدىن كەتسۇن ؟ ! لېكىن سەن ھازىر كۆزۈڭنى ئاچماي ياتى-
سەن ، سېنىڭ كۆزۈڭ يورۇق دۇنيانى كۆرمەي ياتسا ، بىزنىڭ كۆزى-
مىزگىمۇ قاراڭغۇلۇق تىقىلىدىكەن . بۇ جاھان بىزگە بەكمۇ قاراڭغۇ
كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ . زۇلمەت قوينىدىكى دۇنيا قۇياشىنىڭ كۈلۈپ
قارىشىغا ئىنتىزار بولغىنىدەك ، بىزمۇ سېنىڭ كۆزۈڭنى ئېچىپ بىر
قارىشىڭغا شۇنچە تەشنا بولۇۋاتىمىز . ئاكا ، كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنا ،
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان كۆڭۈللىرىمىز پاللىدە بىر يورۇپ كەت-
سۇن ! كۆزۈڭنى ئاچ ، ئاكا ! تەنبىھلىك قارىساڭمۇ مەيلى ، ئالىيىپ
قارىساڭمۇ مەيلى ، بەرىبىر ئۇ قاراشلىرىڭنىڭ مېھىر بىلەن يۇغۇرۇل-
غانلىقى بىزگە ئايان . ئورنۇڭدىن تۇرغىن ، ئاكا ! تۇرالمىساڭ ، بىر
يۆلەپ تۇرغۇزايلى ، سەنمۇ بىزنى ئۆمۈر بويى يۆلەپ ئۆتكەنىدىڭ ،
بىزنىڭ بۇ ئۆمرىمىز ئەمدى سېنى بىر ئۆمۈر يۆلەپ يۈرۈش بىلەن
ئۆتۈپ كەتسىمۇ مەيلى . ئۆمۈر بويى سېنى ھاپاش قىلىپ يۈرسەكمۇ
مەيلى . كۆزۈڭنى ئاچ ، ئاكا ، بىزگە لاپپىدە بىر قارىغىنا ! ...

ھەي ، دۇنيا ! ساخاۋەتلىك دۇنيا ، كارامىتىڭنى ئىشقا سال ، بىر
مۆجىزە كۆرسەت ، مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئىشلارنى چۈشۈم دەپ
قالاي ، چۈش كۆرۈۋاتىمەن دەپ قالاي ، بۇ ئۆمرۈم چۈش بىلەن ئۆتۈپ
كەتسىمۇ مەيلى ، ماڭا ئەمدى ئويغۇم بولمىسىمۇ مەيلى . ھەي ، دۇنيا!

قوينۇڭ شۇنچە كەڭرى ، ھەتتا ئۇنىڭدا شۇنچە رەزىل ئادەملەرمۇ ياشاۋاتىدىغۇ !؟ ئۇ بەكمۇ ھالال ئىنسان ئىدى ، بەكمۇ جىگەرلىك ئىنسان ئىدى ، بەكمۇ خالىس ئىنسان ئىدى . . . «ياخشىغا كۈن يوق ، يامانغا ئۆلۈم» دەيدىكەن دانالىرىڭ . بۇ زادى نېمىشقا شۇنداق ؟ نېمىشقا شۇنداق ؟ جاۋاب بەر دۇنيا ! سىرلىرىڭنى ئۇنلۇك سۆزلىيەلمىسەڭ ، قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ بولسىمۇ سۆزلىگىن ... ھەي ، دۇنيا !

ئۇنتۇما دۇنيا ، ئۇنتۇما ! نامى چىقمىغان ھالال ئىنسانلىرىڭنى ئۇنتۇما !

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . بۇ نەسردىكى ئاكىنىڭ ئوبرازى بىزنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ . سىزنىڭچە بۇ ئاكىنىڭ بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن تەرەپلىرى زادى قايسى ؟

2 . ئاپتور نەسردە ئاكىسىغا خىتاب قىلىپ : «شۇ كۆلكىلىرىڭنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى كىچىكلىكىمدە چۈشەنمىگەنىكەنمەن ، كېيىن چۈشەندىم» دېگەن . سىلەرچە ئاشۇ كۈلكىنىڭ «ھەقىقىي مەنىسى» نى نېمە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ ؟

3 . ئاپتور نەسردە «ھاياتلىق مۇستەقىل ياشاشنى ئۆزىگە تۈۋرۈك قىلغان ، ئۇنىڭسىز كىشىلىك تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . . . بۇ ھاياتنىڭ تەقەززاسى . .» دەپ يازغان . نېمە ئۈچۈن مۇستەقىل ياشاش ھاياتنىڭ تەقەززاسى ھېسابلىنىدۇ ؟

*4 . ئاپتور «قۇياشنىڭ قۇدرىتى بولمىسا ، سەييارىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۆز سىزىقىدا چۆرگىلىتەلمەيتتى» دەپ يازغان . بۇ ھادىسىنى ئۆزىڭىزنىڭ جۇغراپىيە ھەققىدىكى بىلىمىڭىز ئاساسىدا چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ .

5 . ئاپتور «ئۇنتۇما دۇنيا ، ئۇنتۇما ! نامى چىقمىغان ھالال ئىنسانلىرىڭنى ئۇنتۇما !» دەپ خىتاب قىلغان . ھالال ئىنساننىڭ قانداق ئىنسانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

6 . تېكىستتىن ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدىن بەشنى تېپىپ ئاستىغا سىزىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .




# يۈرەك ياشلىرى

تېيىپجان ئېلىيېف

«كەتكەنلەرغۇ كېلەر بىر كۈنى ،
كەلمەيدىكەن كەتمەنلەنگەنلەر .»
(ئاتىلار سۆزى )

كۆپتىن بېرى چۈشۈم بۇزۇلۇپ ،
ئۆتەر ئىدى غەشلىكتە كۈنۈم .
بۈگۈن مانا شۇم خەۋەر كېلىپ ،
چۈشۈپ كەتتى ئىچىمگە ئۈنۈم .

تامدى مۈنچاق - مۈنچاق ياشلىرىم ،
كۆزدىن ئەمەس ،
يۈرەكتىن تامدى .
تۈنۈگۈنلا بار ئىدى ئانام ،
مەڭگۈ ئايرىلىپ قاپتىمەن ئەمدى .

ئانا ،
شۇنداق يەرگە كېتىپسىز ،
«ئانا» دېسەم ،
«ھە » دېمەيدىغان .

مەن قالدىم بەك ئېغىر ئازابقا ،
ئەسلەپ ، تولغىنىپ ھەسرەت يەيدىغان .

باغرىڭىزدا تۆرەلدىم ، ئۆستۈم ،
مەن پۈشتىڭىز —
يۈرەك پارىڭىز .
مۆشتتەك گۆشنى ئادەم قىلغۇچە ،
كەتتى قانچە كۈچ - مادارىڭىز .

قورۇقلىرىڭىز
ئىزى ئەمەسمۇ ،
پەرزەنت ئۈچۈن چەككەن جاپانىڭ .
سۈتىڭىزدەك ئاپئاق چېچىڭىز ،
ئاق گۈلىغۇ مېھرۇ ۋاپانىڭ .

قانمىغاندەك ، ئانا ، سىز ماڭا ،
قانمىغانىدىم مېھرىڭىزگە مەن .
مىڭ - مىڭ ئەپسۇس ،
ئېگىشلىك بەدەل
تۆلىيەلمىدىم ئەجرىڭىزگە مەن .

تامدۇراتتىم ئاغزىڭىزغا سۇ ،
بولغان بولسام قېشىڭىزدا مەن ،
بەرمەسمىدىم سىزگە تەسەللى ،
«ياسىن» ئوقۇپ بېشىڭىزدا مەن .

ھەقدار تۇرۇپ ئاڭلىيالمىدىم ،
رازىلىق بەرگەن ئاۋازىڭىزنى .
چىقالمىدىم تۇپراق بېشىغا ،

كۆتۈرۈپ ، ئانا ، جىنازىڭىزنى .

ئىلىپ كىرگەندە لەھەت ئىچىگە ،
مۇردىڭىزنى ئۇشلىيالمىدىم .
يەتتە قېرىنداش قاتارىدا مەن ،
بىر كەتمەن توپا تاشلىيالمىدىم .

ھازىدار ئادەم ،
ھەرقانچە بولسا ،
يىغلاپ - يىغلاپ قالاتتى پەسلەپ ،
بىراق ھەسرەتتىن ئۆرلەيدۇ ئۆپكەم ،
تىرىك ئايرىلغان كۆڭلەرنى ئەسلەپ .

بۇ ھەسرەتنى كىمدىن كۆرىمەن ،
بۇ دەردىمنى كىمدىن ئالىمەن .
«تەقدىر شۇنداق» قا كۆنگەچكە مەنمۇ ،
شۇنداق دېمەي ،
قانداق قىلىمەن .

*پۇتكۇل شېئىردىن ئانىدىن جۇدا بولغان چاغدىكى چوڭقۇر ، ئازابلىق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . مىسرالار ھايات ھېكمەتلىرى بىلەن تويۇنغان . شۇڭلاشقا ئوقۇرمەندە چوڭ-قۇر دىلكەشلىك تۇيغۇسى قوزغايدۇ . بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا ئىختىيارسىز ئېچىنىش ھېسسىياتىغا چۆمىمىز .*

يېزىقچىلىق

# ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسلىقى ھەرقايسى مەزمۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، ماسلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش، قاتلام ۋە ئابزاس، ئۆتۈم ۋە ماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەر يازغاندا ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى چوقۇم ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

باشلاش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلىنىشى كېرەك.

«بالا مېھرى»دىكى ۋەقەلىك باشتىن — ئاخىر «بالىسىنى بېرىش»نى چۆرىدىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرىدا نەچچە قېتىم ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئەگرى — توقايدەك بىلىنىدۇ. ئەسەر ئاتا — ئانىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىش ئاساسىدا، قاتلاممۇقاتلام يېزىلغاچقا، قاتلاملىرى ئېنىق، بۆلەك، ئابزاسلىرى روشەن بولغان. ئاپتور بۇ ھېكايىدە ئابزاس، مەزمۇنلار ئارىسىدىكى ئۆتۈم ۋە ماسلىققا ئېتىبار بەرگەن، شۇڭا «بىرنەچچە قېتىم بالا ئالماشتۇرۇش» تىن ئىبارەت ئۆزگىرىش ناھايىتى ئورۇنلۇق بولغان. گەرچە كەينىدىن مەسىلە تۇغۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغاندا يەنىلا راۋان ۋە تەبىئىي بىلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چو-

قۇم يېزىشتىن ئاۋۋال تېزىس تۈزۈپ ، ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ ، مۇكەممەل بىر گەۋدە ھاسىل قىلىش كېرەك .

1 . ھازىرقى ئائىلىلەر ئادەتتە ئاتا ـ ئانا ۋە ئىككى ياكى ئۈچ بالىدىن تەركىب تاپىدۇ . سىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت مۇناسىۋىتىنى تېما قىلىپ ، بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ .

تەلەپ : يېزىشتىن ئاۋۋال تېزىس تۈزۈۋېلىڭ .

2 . «كومپيۇتېر مېنى يېڭىچە بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە تەسۋىرىي ئەسەر يېزىڭ .

3 . مەكتەپ قانات يايدۇرغان «مەدەنىي بولۇش ، ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتى»دا ، 7 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز سىنىپىنىڭ تازىلىقى ۋە مۇھىتىنى ياخشىلاپ ، مەدەنىيەتلىك بولۇش ، ئەدەپلىك بولۇشقا دىققەت قىلىپلا قالماي ، يەنە مەكتەپ ئىچىدە تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇپ ، ناھايىتى ياخشى ھەرىكەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان . سىز «قوشۇمچە Ⅱ » دىكى «تەقدىرلەش خېتى» گە تەقلىد قىلىپ ، مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ نامىدا بۇ سىنىپتىكىلەرنى تەقدىرلەش خېتى يېزىپ بېقىڭ .

ئەسەر تۈزىتىش

تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشتە يەنە تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ : ئاۋۋال مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرىدىن بىرەر بۆلەكنى ياكى بىرەر تېكىستنى تىنىش بەلگىسى قويماي كۆچۈرۈڭ . ئاندىن كىتابقا قارىماي ، كۆچۈرۈلمىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ چىقىڭ . ئاخىرىدا كىتابتىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، خاتا كەتكەن جايلىرىڭىزنى تۈزىتىڭ . «مېنىڭ ئاكام» ناملىق نەسرنىڭ 1 ـ ئابزاسىدىن 3 ـ ئابزاسىغىچە ياكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئابزاسىنى تاللاپ مەشىق قىلىپ بېقىڭ . ئەگەر بۇ ئۇسۇلنى

بولىدىكەن دەپ قارىسىڭىز ، باشقا ماتېرىياللارنىمۇ تېپىپ سىناپ كۆرۈڭ . ناۋادا ئۆزىڭىز قويغان تىنىش بەلگىسىنى ئەسلىدىكى ماتېرى-يالغا قارىغاندا مۇۋاپىق دەپ قارىسىڭىز ، ئۆز پىكرىڭىزنى ساقلاپ قالسىڭىز بولىدۇ .

### ئاغزاكى ئالاقە

# بەدەن تىلى

ئاغزاكى ئالاقىدە سۆزلىگۈچى بىلەن تىڭشىغۇچى يەنە چىراي
ئىپادىسى ، بەدەن قىياپىتى ، قول ئىشارىسى ، كۆز قاتارلىق تىلسىز
ئامىللار (ئادەتتە بۇ بەدەن تىلى دەپ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىقمۇ ئۇچۇر ئال-
ماشتۇرىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ .

1775 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئامېرىكا مۇستەقىللىق
ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ھۆرلۈكپەرۋەر پاترىك ھېنرى ۋىرگىنىيە شتا-
تىدىكى پارلامېنت يىغىنىدا ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش
قىلىش ، «ئەركىنلىك ئۈچۈن جاندىن كېچىشكىمۇ رازى بولۇش»تەك
ئىرادىسىنى ناھايىتى جانلىق قىياپەتتە ئىپادىلىگەن .

ئۇ «ھايات شۇ قەدەر قىممەتلىك ، تىنچلىق شۇ قەدەر سۆيۈم-
لۈك ، شۇڭا يۈت - قوللىرىمىزغا كويزا - كىشەن چۈشۈپ قۇل
بولساق بولىمىزكى ، ئۇنىڭغا ئېرىشمەي قويمايمىز.» دەپ سۆزلىگەندە ،
خۇددى ئېغىر كويزا - كىشەننىڭ دەستىدىن تىك تۇرالمايۋاتقاندەك
قىياپەتتە ، ئاۋازىنى پەس ھەم ئازابلىق ، تىترەڭگۈ ھەم بوغۇق چىقى-
رىپ ، قەددىنى پۈككىنىچە ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئاستا مۇز-
بەرنىڭ ئالدىغا كەلگەن . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ۋە گەپ - سۆزلىرى
ئاڭلىغۇچىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ ، ئۇلارنىمۇ خۇددى قۇللۇق ۋە
ئېزىلىش دەستىدىن ئازاب تارتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرگەن ، شۇڭا
پۈتكۈل مەيدان چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆمگەن . بۇ
چاغدا پاترىك بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، مەيدىسىنى كېرىپ ، قەددى-
نى رۇسلىغان ھەمدە خۇددى كويزا - كىشەندىن قۇتۇلغاندەك ، قوللى-

رىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «ھەي قۇدرەتلىك پەرۋەردى-گار! بىزنى مۇرەسسەچىلىكتىن ساقلىغايسەن!» دەپ ئىلتىجا قىل-غان. ئاندىن ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇپ: «باشقىلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم، ئەمما ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ھەرگىز ئەركىنلىكتىن ۋاز كەچمەيمەن!» دېگەن.

ئۇنىڭ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بۇ سۆزلىرى ۋە ھېس-سىياتقا باي، يارىشىملىق ھەرىكەت، ئىشارىلىرى (يەنى بەدەن تىلى) پۈتكۈل مەيداندىكىلەرنى رام قىلىۋالغان. نەتىجىدە ئامما ئىلھامل-نىپ، قولىغا قورال ئېلىشنى خالايدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭدىكى سېھىرىي كۈچنى پاترىكنىڭ كىشىلەرنى كۈچلۈك قايىل قىلغۇچى بەدەن تىلىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئاغزاكى ئالاقىدە ئىشلىتىلگەن بەدەن تىلى ئاغزاكى ئالاقە ئوب-يېكتىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۇنى تەڭشەپ، تەپەككۇ-رىنى قوزغىتىدۇ ھەم ئۇنى يېتەكلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاغزاكى ئالاق-دىكى ئاكتىپلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاغزاكى ئالاقە پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىدىيىۋى ھېسسىيات توغرا ھەم ئەتراپلىق يەتكۈزۈلىدۇ.

ئاغزاكى ئالاقىدە بەدەن تىلىنى قوللىنىشتا تەبىئىي ھەم يېقىش-لىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. نايناقلاش، قوپال سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولۇش چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرىكەت ـ ئىشارىلىرى يېقىشلىق بولۇشى، بەك ئاشۇرۇۋېتىلمەسلىكى بەك مەنمەنچىلىك قى-لىپ تىڭشىغۇچىلارنى بىزار قىلىپ قويماسلىقى، قىياپىتى بىلەن گەپ ـ سۆزلىرى بىردەك بولۇشى، تىڭشىغۇچىلارنىڭ روھىي ھال-تى، ھېسسىياتىغا ماسلىشىشى، تىڭشىغۇچىلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانل-رىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدىغان بولۇشى كې-رەك. شۇندىلا سۆزلىگۈچىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى كۈچلۈك تەسىر

قوزغىيالايدۇ.

1. ئۆزىڭىزنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىڭىزگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا ماسلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭ. بۇنىڭدا چىراي ئىپادىڭىز، بەدەن قىياپىتىڭىز، قول ئىشارىڭىز، كۆزىڭىز ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك.

A. دەرس تېمىسى گۆرۈپپىسىدىكى ساۋاقداشلار جەمئىيەت تەكشۈرۈش جەريانىدا باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشى، چۈشەنمەسلىكى سەۋەبىدىن ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، بەزىلەر بۇ ئىشتىن ۋاز كەچمەكچى، شۇڭا سىزنىڭ ئۇلارغا ئىلھام بېرىپ، كەمستىشتىن ۋە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقۇپ قالماسلىق ھەققىدە سۆزلىشىڭىزگە توغرا كەلدى.

B. سىز «ئۈمىد قورۇلۇشى» ئۈچۈن ئىئانە توپلىماقچى بولۇپ، كوچىدىكى كىشىلەرگە سۆزلىمەكچى بولغاندا.

2. سىنىپ بويىچە «بىر مىنۇتلۇق نۇتۇق سۆزلەش» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈڭلار. نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا بەدەن تىلىنى تولۇق قوللىنىپ، ھېسسىيات ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.



## ئىككىنچى بۆلەك

# ۋەتەنپەرۋەرلىك

خەلق ئارىسىدا «ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمەيدى-
غان كىم بار»، «ۋەتەننىڭ ھەربىر غېرىچ
تۇپرىقىمۇ جاندىن ئەزىز» دېگەن سۆز بار. بۇ
بۆلەكتىكى تېكىستلەردە بىر پادىچى بالىنىڭ
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى
ۋە يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان باتۇرانە قارشى-
لىقى، دۆلىتى مۇنقەرز قىلىنىپ، دۆلەت تە-
لىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىن-
غانلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، مەشھۇر ئا-
لىمنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئۇزۇلمەس رىش-
تىسى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.



# 5 . مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى

نۇر روزى[①]

بەقەسەم تون كىيگەن 30 ياشلار چامىسىدىكى ئاقپىشماق ئادەم كۆك سىرلانغان كەڭ دەرۋازىدىن ئاق بوز ئاتنى يورغىلىتىپ كىرىپ كەلدى . ئۇ مەكتەپ سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، تىزگىننى يەڭگىل تارتتى . ئات توختاپ ، سوزۇپ ـ سوزۇپ ئىككى قېتىم كىشنىدى ـ دە ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى چاپچىشقا باشلىدى . دەل شۇ چاغدا مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ياشقىنا قارا خىزمەتچى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى ـ دە ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى ۋە ئېگىلىپ سالام قىلدى :

— تىنچ ـ ئامان كەپلا ، شياۋجاڭ .

ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئېلىك ئېلىشىنى كۈتمەيلا ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى .

— خوش ، بۈگۈن نىمە بولدى ؟ مەكتەپ چۆلدەرەپ قاپتىغۇ ؟

— مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سىلىنىڭ «تۆگە دۆڭ» دىكى قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزدۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى .

مۇدىرنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىسىلىپ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى ، سېمىز قوللىرى بىلەن شاپ بۇرۇتىنى ئىككى يانغا تاراپ قويدى . خىزمەتچى ئالا يوللۇق بەلۋېغىغا قىستۇرۇلغان كىچىككىنە مىس چىلىم بىلەن قىزىل پۆپۈكلۈك تاماكا خالتىسىنى چىقاردى .

---

① نۇر روزى 1942 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ، يازغۇچى ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئارقىلىق كۆرۈنۈش قىلىنغان «ئەنجانىياي» ناملىق رومانى ، «قىساس» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان .

تاماكىنى ئۇۋىلاپ، سەيخانىغا تولدۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنى چوغلاپ مۇدىرغا تۇتتى، ئۆزى بولسا ئاتنى سوۋۇتۇشقا تۇتۇندى. مۇدىر تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى-دە، خىزمەتچىنىڭ ئاتنى سوۋۇتۇشىغا نەزەر سالغاچ، چىلىمنى خورۇلدىتىپ چېكىشكە باشلىدى. خىزمەتچى ئاتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چىلىمنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەردى-دە، تۇيۇقسىز سورىدى:

— ئەرتىپ مۇدىرىچۇ؟

— ئادەم ئۇقۇشقىلى كەتتى.

— ئادەم ئۇقۇشقىلى؟ ئادەم ئۇقۇشۇپ نېمە ئىش قىلماقچىكەن؟

خىزمەتچىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتتى-دە، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

— بايراقنىڭ تانىسى غالتەكتىن چىقىپ كەتكەنىكەن، — دېدى ئۇ ئېگىزكى بىلەن مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغاچنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ موماغا چىقىپ، تانىنى غالتەككە يۆگىمەلەيدىغان ئادەم تېپىلسىپ قالارمىكىن دەپ ئەتىگەنلا چىقىپ كەتكەنىدى.

— ھە؟!

مۇدىر بېشىغا كالتەك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى.

ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىغانىدى، مومىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلىپ تۇرغان گومىنداڭ بايرىقىنى كۆردى. ھەر كۈنلۈكى 20 غۇلاچلىق مومىنىڭ ئۇچىدا ھەيۋەت بىلەن لەپىلدەپ تۇرىدىغان بايراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئالىپاساق ئۇتلىنىپ قورۇلۇپ قالغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرىكى بىردىنلا پىژژىدە ئېچىشتى-دە، يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ، سېمىز گۆشلىرى لىپ-لىپ تىترەپ، بۇرۇتى لىككىلداپ كەتتى. قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۈششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ بايراقتىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ، ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتچىدىن سورىدى:

— نەچچە كۈن بولدى؟

— تۈنۈگۈن شۇنداق بولغانىدى.

مۇدىر خۇددى بىر كىشى ئۇنى چۆرگىلىتىۋەتكەندەك پىرىرىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. دىر - دىر تىترەپ تۇرغان خىزمەتچىگە چەكچىيىپ ئالايدى - دە، يوتىسىغا پاقىدە بىرنى شاپىلاقلاپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. خىزمەتچىمۇ مىس چىلىمنى دەرھال چوغلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىشخانىغا كىردى ۋە قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىككى قوللاپ چىلىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

مۇدىر چىلىمنى قاتتىق - قاتتىق بىر - ئىككىنى شورىدى - دە، ۋارقىرىدى:

— ئاتقا مىنىپ تېز ماڭ! بېرىپ تەرتىپ مۇدىرىنى تېپىپ كەل!

— خوپ.

خىزمەتچى چىقىپ كەتتى. مۇدىر قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى. ئارىدىن چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتكەندە تەرتىپ مۇدىرى كىرىپ كەلدى - دە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى:

— خوش نۇسرەت ئەپەندى، — مەكتەپ مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، — مەن ئۆيۈشمىغا يىغىنغا كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى؟

— بىر ھەپتە بولدى.

— ئۇنداق بولسا، بىر ھەپتىدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

— كۆرسەتمىلىرى بويىچە، بىرىنچىدىن، بەگلىكىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق پىرقە ئەزالىرىنى يىغىپ، جاھاننىڭ دۆڭ - چوڭقۇرلىرىنى تىڭ - تىڭلاشتىن دوكلات ئالدىم. ئۇلار ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوكلات قىلىشتى؛ ئىككىنچىدىن، 20 ئائىلىگە بىردىن پىرقە ئەزاسىنى نازارەتكە قويساق، يەنە تۆت پىرقە ئەزاسى كەملەيدىكەن. بىز نىشانلىغان ئونبېشىلارغا ئانكىتىنى توشتۇرۇپ بەرسەممۇ، ئۇلار قول قويۇشنى كېيىنگە سۈرەۋاتىدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنى تاپالمىدىم. يەنە ئون ئانكىتقا تېخى ئادەم يوق.

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇ كەم تۆت ئادەمنى قەتئىي تولدۇرۇۋش كېرەك! ئەتە مۇشۇ ئىشلارنى تەكشۈرگىلى

داڭبۇدىن ئادەم كەلمەكچى . ئۈلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ، تېخى بايراقنىمۇ چىقىرالماپسىلەر ، ئادەم ئۇقۇشتۇقمۇ ؟ قېنى ئۇ ئا-دەم ؟

— ئۇقۇشتۇم ، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى .

— قانداق ئادەم ئىكەن ئۇ ؟

— 13 ياشلىق بىر كىچىك بالا .

— كىچىك بالا ؟ كىچىك بالا 20 غولاچلىق مومىغا قانداق چىقا-لايدۇ ؟ !

— چولڭ ئادەم ئەسلا چىقالمايدۇ ، موما ياغاچ ئىنچىكە ، چىققاندى-مۇ ، يېرىمىغا چىقىپ بولغۇچە سۇنۇپ كېتىدۇ ، — تەرتىپ مۇدىر دۇدۇقلىدى ، — نا···ناۋا···دا چىقالمىسا ، مومىنى ، ئۈ···ئۈ···رۇپ قايتا تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ .

— قاپاق باش ! — مۇدىر پاققىدە شىرەگە مۇشتلىدى - دە ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىگىز قولىنى تەرتىپ مۇدىرنىڭ بۇرنىغا تەڭلىدى ، — ئەتە داڭبۇدىن تەكشۈرگىلى ئادەم كېلىدۇ دەۋاتسام ، يەنە مومىنى ئۆرۈپ قايتا تىكلەيلى دەۋاتىسەن ، نېمىدېگەن دۆتلۈك بۇ ! ھەرقايسىڭدەك سۆزلەملەر بىلەن مومىنىڭ سۇپىسىنى چۇۋۇپ مومىنى قايتا تىكلەپ بولغۇچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ ! ؟ تېخى كۆمۈلگەن بېشى سېسىپ كەتكەن بولسىچۇ ؟ ! غەرىزىڭ ئاللىبۇرۇنلا ماڭا مەلۇم ، مېنىڭ ئېشىمغا توپا سالماقچى ، ئىناۋىتىمنى تۆكمەكچى !

تەرتىپ مۇدىرى تىترەپ كەتتى . ئۇنىڭ پېشانىسىدىن چىققان تەر كۆزلىرىگە چىپىلداپ ئېقىپ كىرىپ ، ئېچىشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ ، سورتۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي كۆزىنى چىمىلدىتاتتى .

— كەچۈرسىلە شياۋجاڭ ، مەن خاتا سۆزلەپ سالدىم .

— ھىم ! خاتا سۆزلەپ سالغانمىش ! سېنىڭ كاللاڭدا شۇنداق ئوي بار . قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى . مومىغا قانداق بولمى-سۇن بىرىنى چىقىرىش كېرەك ! زۆرۈر تېپىلغاندا بىرەر ئادەمنىڭ خۇنىدىن كەچسەكمۇ مەيلى ! ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ئۇقتۇم .

— ئۇ بالا مومىغا چىقالامدىكەن ؟

— چىقالايدىغاندەك قىلىدۇ ، ئۆزىمۇ «قەتئىي چىقالايمەن» دەپ ھۆددە قىلدى . لېكىن ، ئۇ ھارامزادە بىزگە بىر شەرت قويۇۋاتىدۇ . يالغاندىن ماقۇل بولۇپ گوللاپ ئېپكەلدىم .

— شەرت ؟ ! قانداق شەرتكەن ئۇ ؟

— دادىسىنى قاماقتىن قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويدى .

— دادىسى كىمكەن ؟ نېمىشقا قامىلىپتىكەن ؟ — سەگەكلىشىپ سورىدى مۇدىر .

— سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە نىمكار بولۇپ ئىشلەيدىغان بەشتۇگ-مەنلىك كۆنچى ئىكەن . بۇ يەرگە كەلگىلى بىر يىل بوپتىكەن . «بىر چەملىك كالا تېرىسىنى ئوغرىلىۋالدى» دەپ چۈيگۇڭسۇ[1] غا قاماپ قويغىلى بىر ئاي بوپتۇ . شاڭجاڭ[2] بەشتۇگمەندىن تىڭلاپ يىقىندا مەلۇ-مات ئاپتۇ . ئەسلىدە ئىلىلىق ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ ، ھۆكۈمەتكە قار-شى ئۇرۇش قىلغان قىزىل پاچاق ئىكەن . بىتىمدىن[3] كېيىن قېچىپ يۈرۈپتىكەن . ئۇنى ئەتە ناھىيە يامۇلىغا كىرگۈزۈپ بېرىدىكەن .

— مۇنداق دەڭ تېخى . تۆت كۈنلۈك يەردىن قېچىپ كېلىپ بۇرنىمىز-نىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋالغىنىنى ، بېشىمىزغا چاڭگا تىزسىمۇ ئۇقماپتۇق .

— ھە ! ئېيتماقچى ، ئۇنىڭ بالىسىغا نېمىدەپ ۋەدە بەردىڭ ؟

— داداڭنى بوشىتىپ بېرىمىز ، دەپ .

— ئوبدان دەپسەن ، ئىشنى كېچىكتۈرمەي تېزرەك ھەرىكەت قىل ! مەن بىر رايوننىڭ پىرقە شۇجىسى ، سەن بولساڭ بىر ھەيئەت . ھەر ئىككىمىز «قىچقارسا ئېتى بار ، تۇتسا سېپى بار» ئادەملەر ، قېرىنشقاندەك بىز تۇرغان مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقى چىقىرىلماي مو-مىنىڭ يېرىمىدا ئەسكى پالاستەك ساڭگىلاپ تۇرسا ، بۇنىڭغا قانداقمۇ

① چۈيگۇڭسۇ — رايونلۇق مەھكىمە .
② شاڭجاڭ — يېزا باشلىقى .
③ بىتىم — 1946 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىدە ئىمزالانغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ بىتىمگە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى شىمالىي يۆنىلىشتە ماناس دەرياسىدا توختايدىغان ، جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغان بولغان .

چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ ؟ ! بۇ بايراق پىرقىمىزنىڭ جېنى ، بۇنىڭسىز پىرقىمىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ! يەنە شۇنى ئەستىن چىقارماس-لىق كېرەككى ، بۇ بايراق چىقىرىلماي مۇشۇنداق سالپىيىپ تۇرۇۋەر-سە ، كاللىمىزغا سەگەك بولساق بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بايراقنى جېنىمىزنى تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك . مەن ئۇلۇغ گومىنداڭ پىر-قىمىزنى قىزىل پاچاقلاردىن قوغدايمەن دەپ تېخى تۈنۈگۈنكى يىغىندا يەنە بىر قېتىم قەسەمياد قىلدىم .

مۇدىر ئالدىرىماي ، خۇددى قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك ، چوڭ قەدەم بىلەن ئۇ ياندىن - بۇيانغا بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ ، تەرتىپ مۇدىرى-نىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، تاققىدە توختىدى - دە ، ئىشخانىدا ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىشى بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— ئۇ بالىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولغىنىڭ بوپتۇ . مۇنداق ئادەمنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ ، بۈگۈنكى مۇشۇ بايراق چىقى-رىش يولىدا نەزىر قىلىۋەتسەكمۇ بولىدۇ ... ئاي - ھاي ... ! بۇ پىرقىمىز ئۈچۈن نېمىدېگەن ئالىي ساداقەت ... تىلىمىز تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ ، — ئۇ نۇسرەتنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى تېخىمۇ يېقىنلاش-تۇرۇپ ، نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ ، ئۆز پىلانىنى ئۇقتۇردى .

— خوش ، سەن چىقىپ ئۇ بالىنى كىرگۈزۈۋەت ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئەھۋالنى شاگىجاڭغا مەلۇم قىلىپ قوي .

ماتادىن تىكىلگەن كۆڭلەك - تامباللىرى يىرتىلىپ ، ئالىيېشىل ياماقلار چۈشكەن ، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ قىزغۇچ توپا رەڭگىدە بولۇپ قالغان ، كۆزلىرى چوڭقۇر ، ئورۇق ، ئېگىز گىنە بالا بوسۇغىدا كۆ-رۈندى . مۇدىر لىككىدە ئورنىدىن تۇردى .

— ھە ، كېلە - كېلە يىگىت ، ئولتۇر .

بالا ئولتۇرمىدى ، مۇدىرغا تىكىلىپ قاراپ ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرىۋەردى . مۇدىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە ، قولىدىن بوشقىنا تارتىپ ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى . يۈزىگە يالغاندىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، بالىغا بىر ئاق ناننى تۇتقۇزدى ، «يە ئوغلۇم» دېدى ئۇ تۇمشۇقىدا ئىملاپ ناننى كۆرسىتىپ ، بالا ناننى

چوڭ ـ چوڭ چىشلەپ يەۋاتقاندا ، مۇدىر ئۇنىڭ پۇتىغا كۆز تاشلىدى . ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ دۈمبىلىرى يېرىلىپ ، ئاقبالداقتەك ئېتىلىپ كەتـ. كەنىدى . مۇدىر كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تاپاڭـ. لىرىغا قارىدى ، تىكەن ، شوخا كىرىپ ، شور يېتىپ قېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى توكچە سالغاندەك تۆشۈك ئىدى . قىرىۋالغۇدەك گۆشى يوق قوللىرى بولسا ، تارىشىدەك قاتتىق ئىدى . مۇدىر ئۆز ئىچىدە «مومىغا چىقالايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى . گويا ئۆزىنى بالىغا ئېچىنغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ باش لىڭشىتىپ .

— ئېتىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— مۆمىن .

— داداڭنىڭ ئېتىچۇ ؟

— مۇسا .

— ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن ؟ خەت بىلەمسەن ؟

— سوپاخۇن باينىڭ ئۆي ـ كالىلىرىنى باقىمەن . خەت بىلمەيـ. مەن .

— نەچچە كالا باقىسەن ؟

— يىگىرمە .

— يىگىرمە ؟ ھەي . . . كىچىككىنە بالىغىمۇ شۇنچە جىق كالا باقتۇرامدۇ ! تۈزۈكرەك كىيىم ـ كېچەكمۇ بەرمەپتۇ . ھەي بىچارە ، پۇتلىرىڭ يېرىلىپ ئاختامىلىقنىڭ چالمىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ . سا- ڭا بەك ئۇۋال بوپتۇ . بۇنداق ئىنساپسىزلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك !

ئۇ كارىۋاتنىڭ تېگىدىن نىمكەش بولغان تاسمىلىق بىر جۈپ كەشنى ئېلىپ بالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى :

— مە مۇنۇ كەش پۇتۇڭغا چوڭ كەلسىمۇ ، كىيىۋالغىن .

بالا كەشكە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپلا قويدى ـ دە ، سالماقلىق بىلەن سورىدى :

— بايراقنى چىقىرىپ بەرسەم ، دادامنى قويۇپ بېرەمسىلە ؟

— قويۇپ بېرىمىز ، خۇش بولامسەن ؟ ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار يەنە

بىللە بولسىلەر.

— راستما؟

— راست بولمايچۇ، ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرىمەن، — مۇدىرنىڭ مەككار كۆزلىرى بالىغا تىكىلدى.

— ئۇنداق بولسا، تىلخەت بەرسىلە.

— مۇنداق دېگىن، تىلخەت يېزىپ بېرىش تەسمىدى، مانا قاراپ تۇر.

مۇدىر قولىغا قەغەز ـ قەلەم ئالدى ـ دە، شىتىرلىتىپ خەت يېزىشقا باشلىدى:

«تىلخەت

مەنكى چاقا ئۆستەڭ مەھەللىسىدىكى سوپاخۇن باينىڭ ئىمكىرى مۇسا كۆنچىنىڭ ئوغلى مۆمىن شۇ تۇغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى، مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جېنىمنى پىدا قىلىپ كەلدىم. پىرقىمىزنىڭ بايرىقىنى چىقىرىش يولىدا كۆتۈلمىگەن بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسام، پىرقە ئۈچۈن شېھىت بولغايمەن، بۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ دەۋا قىلىشىغا ھەققى يوقتۇر، دەپ تىلخەت بەرگۈچى:

مۆمىن مۇسا

شاھىتلار:

مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسھەدۇللا

تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت ئەخمىدى

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى 9 ـ ئاي.»

مۇدىر تىلخەتنى مۆمىنگە ئۇزاتتى. بالا بېشىنى چايقىدى:

— مەن خەت بىلمەيمەن. ئوقۇپ بەرسىلە.

— خوپ مەن ئوقۇپ بېرەي، — مۇدىر سەل ئويلانغاندىن كېيىن يۇقىرىقى خەتنى مۇنداق «ئوقۇش» قا باشلىدى:

« تىلخەت

مەنكى مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسھەدۇللا، شۇ تۇغرىسىدا

تىلخەت بېرىمەنكى، سوپاخۇن باينىڭ يىلىلىقچىسى مۆمىن دېگەن بالا مەكتەپ بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئىلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار دادىسى مۇسانى قاماقتىن بوشىتىپ بېرىدىغان بولدۇق، دەپ تىلخەت بەرگۈچى ئوسمان ئەسھەدۇللا.»

— قانداق، بوپتىمۇ؟

سادىدا مەسۇمنىڭ چىرايىغا شادلىق كۈلكىسى يامرىدى.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي.

— بولغان بولسا، ئىككىمىز تەڭ قول قويايلى.

مۇدىر سۇرۇخنى بالىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ ئىسمىنىڭ ئۈستىگە باستۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىغا تۇجاڭزىسىنى باستى. بالا خەتنى قولىغا ئالدى. ئۇ بۇنداق ئەگرى-بۈگرى خەتلەرنى تونۇمىسىمۇ، سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ، بۇ «ئىلمەك-توقماق» سىزىقلار ئارىسىدىن دادىسى قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى-دە، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇشال ھالدا موما سۇپىسىغا كەلدى-دە، پەلەمپەيلەردىن سەكرەپ-سەكرەپ، سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە مۇدىرغا قاراپ دېدى:

— قېنى ئەمسە، دادامنى كەلتۈرۈپ بەرسىلە.

— بولىدۇ، خاتىرجەم بولغىن، بايراقنى قانچە تېز چىقارساڭ، داداڭ بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشىسەن، داداڭنى ھازىرلا ئالدىڭغا ئۇندۇرىمىز. — مۇدىر يېنىدا چىلىم تەڭلەپ تۇرغان خىزمەتچىگە ئۇنلۇك بۇيرۇدى، — تەرتىپ مۇدىرىغا ئېيتقىن، دادىسىنى تېزدىن مۇشۇ يەرگە كەلتۈرسۇن! يەنە ئېيتىپ قوي، مەن ئېيتقان كۆرسەتمىگە دىققەت قىلسۇن!

خىزمەتچى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بالا خاتىرجەم بولدى-دە، موماغا قارىدى. كۆك سىرلانغان 20 غولاچلىق بۇ موما ئىككى ئۇلاقلىق بولۇپ، ھەربىر ئۇلىقى ئۈچتىن چەمبەر بىلەن مەھكەملەنگەنىدى. ئۇ موماغا بىردەم كۆز تىكىپ تۇردى-دە، شىپپىدە ئولتۇرۇپ

قوللىرىنى سۇپىنىڭ پىششىق خىشلىرىغا سۈركىدى . ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇدىرىدىن يەنە سورىدى :

— دادام نېمىشقا ھازىرغىچە كەلمەيدۇ ؟

— سەن چىقىۋەر ، داداڭ ھازىرلا كېلىدۇ .

موما مۆمىنىنىڭ قوچىقىغا پاتمىدى ، لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى . ئۇ مومىنى پۇتلىرى بىلەن يۆگەپ چىرماق سېلىپ ، قوللىرى بىلەن قوچاقلاپ تۇتۇپ ، مومىنى چۆرگىلەپ يۇرۇپ يالمانتاقتاقتەك يامىشىشقا باشلىدى . ھايت - ھۇيت دېگۈچە ، يەتتە غۇلاچلىق تۆۋەنكى ئۇلاقنىڭ چەمبىرىگە چىقىۋالدى . مۇدىر تۆۋەندە تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— يىگىت ، غەيرەت قىل ، ئاز قالدى !

مۆمىن بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى چەمبەرگە دەسسەپ بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالدى - دە ، يەنە يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى . ئىككىنچى ئۇلاققا يەنە ئىككى غۇلاچلا قالغانىدى ، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى سىرقىراپ كەتتى ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ تىنالماي قالدى . ئاران دېگەندە ئىككىنچى ئۇلاقنىڭ تۆۋەنكى چەمبىرىگە چىقىۋالدى - دە ، مومىغا مەھكەم چاپلاشتى . ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى . دادىسى كۆرۈنمەيتتى . ئاغزىلىرىنى كاككۇكتەك ئېچىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مۇدىرنىڭ پۇرقىرىتىپ چىلىم چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە ، ۋارقىرىدى :

— شىياۋجاڭ ، دادام تېخىچە كەلمەپتىغۇ ؟

— كېلىدىغان ۋاقتى بولدى . غەيرەت قىل يىگىت ! دادىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل دەپ نېمە قىلىدۇ ؟ ! ئۇچىغا چىقساڭلا ، داداڭنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ . . .

«مومىنىڭ ئۇچىغا چىقساملا ، دادامنى قۇتۇلدۇرالايمەن» بۇ خىيال ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ بېغىشلىغاندەك بولدى .

ئۇ يەنە مومىغا يامىشىشقا باشلىدى . يۇقىرىلىغانسېرى موما ئىنىچىكىلەپ ئۇنىڭ قوچىقىغا بىمالال پاتقۇدەك بولدى . لېكىن ، ئىرغاڭلىشى كۈچىيىپ تېخىمۇ سىلىقلاشتى . شۇنچە كۈچىسىمۇ چىرماقلى-

رى تۇتماي، بىرنەچچە قېتىم تۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى. ئۇ ھاسىراپ، دېمى تۇتۇلۇپ تىنالماي قالغاندا، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېڭىكىنى مومىغا چىڭ تاقاپ، بوينى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ، سەل توختايتتى - دە، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالاتتى. مۇشۇ مومىدەك ئېگىز بولغان قاپاق تېرەكلەرگە چىقىپ، قاغا چاڭگىلىرىنى چۇۋۇشلىرى، ئانىلىرى قاناتلىرى بىلەن شاپاللاپ تۇرسىمۇ، قورقماي كۆكنەك بالىلىرىنى ئېلىپ چۈشۈشلىرى . . . غىل - پاللا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. تېرەكلەرگە چىقىش بۇ مومىغا چىقىشقا، ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. بۇ موما ئېگىز ھەم بەك سىلىق…

ئۇ تەركىرىپ، ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مومىغا سۈركىدى. «مەيلى قانداقلا بولمىسۇن چىقىش كېرەك. مومىغا چىقسامىلا دادامنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ. دادا! . . . دادا . . . !» ئۇ ھەرقېتىم «دادا!» دېگەندە دادىسى ئۇنى يۆلەپ يۇقىرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى - دە، كۈچكە كېلىپ قالغاندەك يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. ئۇ يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى موما خۇددى قارا بوران سوققان زىلۋا سۆۋادان تېرەكتەك ئىرغاڭلايتتى. تۆۋەندىن مۇدىرنىڭ «غەيرەت قىل! تېز بول! ئاز قالدى! داداڭنى قۇتقۇز!» دەپ ۋارقىراشلىرىنى جامائەتنىڭ «ئۆزۈڭگە پەخەس بول، سىلكىنمە!» دېگەن چۇقانلىرى بېسىپ چۈشتى. مۆمىن يەنە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى. ئەنە! يەنە ئۈچ غۇلاچ …ئىككى غۇلاچ… بىر غۇلاچ موما ئىرغاڭلايتتى… سۇنۇپ كەتسە… ئۇنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ…

مانا … ئۇنىڭ قولى موما تۆشۈكىدىن ئىككى تەرەپكە بىر غېرىچ چىقىپ تۇرغان غالتەكنىڭ ئوقىغا تەگدى - دە، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ ئوڭ قولتۇقىغا ئوق بىلەن مومىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، ئوقنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى. سول قولى بىلەن تانىنى تارتىپ، پۇتىغا ئۆزەڭگە قىلىپ دەسسەپ سەل دېمىنى ئالدى. ئۇ غالتەككە قارىدى، تانا غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىدىن چىقىپ كېتىپ، ئوققا يۆگىشىپ قالغانىكەن. بىر قولى بىلەن تانىنى سىلكىپ تارتىپ، غالتەكنى ئارقىسىغا ياندۇردى. موما ھەدەپ لەپەڭشىپ، ئۇنىڭ بېشى

قېيىپ تۇرسىمۇ ، تاننى غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىغا سالدى . شۇندىلا ئۇ ئەتراپىغا قارىدى : «ۋاي ــ ۋۇي ، نېمىدېگەن ئېگىز ! جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن . ئەنە ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ بىزنىڭ بەشتوگمەنگە پەقەت بىر كۈنلۈكلا كېلىدۇ . جاھان ئەجەبمۇ چوڭ ئىكەن . شۇنچە چوڭ جاھان بىزگە نېمانچە تار ؟ ھەي ! كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكى ! بىر چارەك قوناقنى بېرىشنى تەس كۆرۈپ دادامنى ئوغرى تۇتۇپ ، سولىتىپ قويدى تېخى ! ياق ! بىردەممۇ ھاڭۋېقىپ تۇرماسلىق كېرەك ، دادامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك ! ئۇ تۆۋەنگە قاراپ توۋلىدى :

— شياۋجاڭ بايراقنى چىقارسىلا !

مۇدىر تاننىڭ بىر قېتىنى تارتتى . بايراق كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ــ دە ، ئۇ تاننى سىيرىپ تارتىشقا باشلىدى . بايراق مومىننىڭ ئۇچىغا چىقتى ــ دە ، بايراقنىڭ كالتىكى تاققىدە غالتەككە تاقاشتى . مۇدىر خۇشاللىقىدىن توۋلىۋەتتى :

— بىزنىڭ بايراق يەنە مومىننىڭ ئۇچىغا چىقىپ لەپىلدىدى ! بىزنىڭ بايراق ئاسماندا پەرۋاز قىلدى ! يىگىت ، سەل تەخىر قىلغىن ! يەنە بىر قېتىم سىناپ باقاي !

دەل شۇ چاغدا ، ئۇچ ئادەم پۇتىغا كىشەن سېلىنغان ، يۈز ــ كۆزلىرى سارغىيىپ كەتكەن ، ئورۇق ــ ۋىجىككىنە ، كەكە ساقال بىر بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ مەيدانغا ئېلىپ كەلدى . بوۋاي توپلىنىپ تۇرغان جامائەتكە ئېگىلىپ سالام قىلدى ــ دە ، يوغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ مۇدىرغا قادالدى . مۇدىر بىر قەدەم ئارقىغا داجىدى . كىشىلەر مومىننىڭ ئۇچىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى . بوۋايمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مومىننىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئوغلىنى كۆردى ــ دە ، چۆچۈپ ۋارقىرىدى :

— مۆمىنجان ، نېمىشقا موماغا چىقىۋالدىڭ ؟

مۆمىن دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەسكە قارىدى ، ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا جاۋاب بەردى :

— دادا ! سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقىرىپ بەردىم .

بوۋاي ئەھۋالنى ناھايىتى تېزلا چۈشەندى، ئۇ بالىسىنىڭ مومىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان-لىقىنى كۆردى - دە، قاتتىق ۋارقىرىدى:

— توختا! چۈشمە!

مۆمىن بۇ چاغدا سىيرىلىپ ئۇستۇنكى ئۇ-لاققا چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ چۆچۈپ چەمبەرگە دەسسىۋالدى، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دادىسىغا قارىدى. بوۋاي يەنە ۋارقىرىدى:

— ئوغلۇم! ئاناڭنى ئۆلتۈرۈشكەندە، سەن كۆرگەن ئىكەنسەن، ئۇنى نېمىدەپ ئۆلتۈرگەن؟!

— قىزىل پاچاق ئېرىڭنى تېپىپ بەر، دەپ.

— قانداق ئۆلتۈرگەن؟

— ئوت تۇغرايدىغان جاۋۇغا بېسىپ، توغ-راپ ئۆلتۈرگەن.

— ئاناڭنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ شەپكىسىدە قانداق بەلگە بار ئىدى؟



بالا بىشى بىلەن مومىدىكى بايراقنى كۆرسىتىپ جاۋاب بەردى :
— ئاشۇ بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىگە ئوخشايتتى .
— بەشتوگمەندە 19 ئادەمنى تۆمۈر مىخ بىلەن ئۇجمىگە مىقلاپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قانداق بەلگىسى بار ئىدى ؟
— مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى .
— بىتىمدىن كېيىن ، يېنىپ كەلگەن 40 ئادەمنى تىرىكلا خۇم-دانغا سالغانلارنىڭچۇ ؟
— ئۇلارنىڭمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى .
— ئوغلۇم ، ئاڭلا ! سەن چىقارغان ئاشۇ بايراقنى يوقىتىمىز ، دەپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قۇربان بولدى . بىز يوقىتىمىز دەپ كۈرەش قىلغان بايراقنى سەن چىقىرىپسەن ، قۇربان بولغان شېھىتلەر-نىڭ روھىغا نىمىدەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ ! داداڭنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن ؟ !
بالا شوك بولۇپ قالدى . مۇدىر بوۋاينىڭ ئاغزىغا كۆچەپ بىر مۇشت ئۇردى ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كېتىپ ، سارغىيىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پېشىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى . بالا بىر-دىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە مومىنىڭ ئۇچىغا يەنە چىقىپ بولدى . مۇدىر ۋارقىرىدى :
— يېنىپ چۈش ، يېنىپ چۈش ! داداڭنى ئېلىپ كەت !
لېكىن ، بالا مومىدىن چۈشمىدى . . .
ئۇنىڭ پەسكە قاراپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى :
— دادا ! مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بول ! مەندىن رازى بول . . . ! — ئۇ مومىنىڭ ئۇچىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، پۇتلىرىنى مومىغا قاتتىق تاقاپ تۇرۇپ ، مومىنى شۇنداق قاتتىق لىڭشىتتىكى ، موما ئىرغاڭلاپ تۆۋى تەرىپى غىرىسلاپ كەتتى . تۆۋەندە قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدە ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلدى .
مۇدىر پوكاندەك ئېسىلىپ ، غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى چىقى-رىپ ، بالىغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى . دەل شۇ چاغدا ،

بىرى ئۇنىڭغا قاتتىق كاللا قويۇپ، تاپانچىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنىنى چىشلەپ، تارتىپ سىلكىدى، مۇدىرنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، «ۋايجان» دەپ چوشقىدەك چىرقىراپ كەتتى. يالاقچىلار مۇسانى سىلكىشلەپ، مۇدىرنى قۇتقۇزۇۋالدى. مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ، مۇساغا ئالايماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر چىشلەم گۆش يەرگە چۈشتى. مۇدىرنىڭ ئۈزۈلگەن بويۇن تومۇرىدىن قاپقارا قان جىرغىۋاتاتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يەردىكى تاپانچىسىنى ئالدى ـ دە، تۆت ئادەم يەرگە بېسىپ تۇرغان بوۋايغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى . . . دەل شۇ چاغدا، قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ موما سۇندى، مۆمىن مومىنىڭ ئۈچىنى قۇچاقلاپ بايراق بىلەن گۇرسۇلداپ يەرگە چۈشتى. چۈشتىيۇ، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەنە يەرگە قويدى . . .

ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋاتاتتى . . . ئوق زەربىدىن ھالسىزلانغان مۇسا بوۋاي چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، پۈتىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ، ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى:

— بالام، — دېدى ئۇ ھاسىراپ خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن، — داداڭ سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سەنمۇ مەندىن رازى بولغىن…

— ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلدى.

ئاتا ـ بالىدىن ئاققان قان بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرنى قىپقىزىل بوياۋەتتى. بۇ قانلار ئۇلتۇراي دەپ قالغان كۈننىڭ نۇرىدا قىپقىزىل بولۇپ تاۋلىناتتى. مۇدىر ئۆز كارامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ بويىنىنى سوزغانىدى، ئۇمۇ يىقىلدى. ئۇنىڭ قانسىرىغان يۈزى مۇردىدەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— كۆتۈرۈڭلار! تېز بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت، — يۇسۇپ خاتىپنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ داۋالىتايلى!

جامائەت ئارىسىدا قاراپ تۇرغان بىر مويسىپىت بوۋاي ھاسىسى بىلەن مۇدىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ھېلىقى يۈسۈپ خاتىپكەن، پەيغەمبىرىمىز گىمۇ مۇردىغا جان كىرگۈزۈشكە ئىجازەت بېرىلمىگەن.

تەرتىپ مۇدىرى چۆچۈپ مۇدىرنىڭ يۈزىگە تىكىلدى، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان جەھەننەمگە سەپەر قىلغانىدى.

بەشتۇگمەن يېزىسىنىڭ جامائىتى مۇسا بىلەن مۆمىنىنىڭ جەسەتلىرىنى مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلىشتى. چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە دۇئا - تەكبىر قىلىشىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپ ئاستا - ئاستا تارقاشتى. لېكىن، ئاق تۇماقلىق بىر ياش يىگىت تۇپراق بېشىدا ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ، خېلى ئۇزاققىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. مەھەللىنىڭ توخۇلىرى ئىككىنچى قېتىم چىللاشقا باشلىغاندىلا، ئۇ ئاندىن ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالىقانلىرىنى كەڭ ئېچىپ دۇئا قىلدى:

— قەدىرلىك مۇسا ئاكا، مۆمىنجان، ياتقان يېرىڭلار جەننەتتە بولسۇن، مەن يەنە بىر تۇرغان تاغقا كەتتىم، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز چوقۇم سىلەر ئۈچۈن قىساس ئالىمىز!

يىگىت ماڭماقچى بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تونۇش بولمىغان ئون نەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق يۈزلىرى ۋە سىمابتەك كۆز ياشلىرىنى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت خاتىرجەم ھالدا مەردانە قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ تېخى يەتتە - سەككىز قەدەممۇ ماڭمىغانىدى، قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى:

— ئۇكام، توختاڭ، — دېدى مۇلايىم ئاۋازدا، يىگىت توختىدى.

— سىز تاغلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ھېلىقى كىشى.

— ياق، مەن تاغلىق ئەمەس، تاغ لاچىنلىرىنىڭ توپىدىنمەن.

— مۇساكام يۈرگەن شۇ تاغدىكى لاچىنلارنىڭ توپىغا بىزنىمۇ باشلاپ بارسىڭىز.

يىگىت ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى، تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلار-

نىڭ كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ ، ئاق كۆڭۈل ، ئەرك سۆيەر ئادەملەر ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس ئىدى . يىگىتنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلىدى :

— يۈرۈڭلار !

شۇنداق قىلىپ بۇ يىگىت ئۆزىگە تونۇش بولمىغان ئون نەچچە ئەزىمەتنى ئەگەشتۈرۈپ ، قوناقلىقنىڭ قىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى . بۇلۇتلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان 14 كۈنلۈك ئاي سۈتتەك ئاپئاق نۇرنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ ، ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ھېكايىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، مۆمىندىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ قايسى تەرەپلىرى سىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

2 . بايراقنى چىقىرىش بىلەن چۈشۈرۈش مەسىلىسىدە نېمە ئۈچۈن ھايات ـ ماماتلىق كۆرەش يۈز بېرىدۇ ؟

مۆمىننىڭ دادىسى بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلىنىپ بايراق ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپ ، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) «ئاتا ـ بالىدىن ئاققان قان بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرنى قىپقىزىل بويىۋەتتى . بۇ قانلار ئۇلتۇراي دەپ قالغان كۈننىڭ نۇرىدا قىپقىزىل بولۇپ تاۋلىناتتى . » (ئاپتور نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تەسۋىرلىگەن ؟ )

2 ) «تىكەن ، شوخا كىرىپ ، شور پېتىپ قېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۆكچە سالغاندەك تۆشۈك ئىدى»

(بۇ تەسۋىردىن نېمىنى ھېس قىلىش مۇمكىن )

3 ) «— سىز تاغلىقمۇ ؟

— ياق، مەن تاغلىق ئەمەس، تاغ لاچىنلىرىنىڭ توپىدىنمەن.»

(نامەلۇم يىگىت نېمە ئۈچۈن «— ھەئە» دېمەي، «تاغ لاچىنلىرىنىڭ توپىدىنمەن» دەيدۇ؟ بۇ خىل جاۋابتىن نېمىنى ھېس قىلىش مۇمكىن؟)

4. «ئۇيغۇر تىلى» دىن پايدىلىنىپ، تېكىستتىن ئىككى ئىدىئوم تېپىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

5. «قوشۇمچە II» تىن پايدىلىنىپ، مەكتىپىڭىزنىڭ بايراق چىقىرىش تۈزۈمىنى يېزىپ بېقىڭ.

# 6 . ئاخىرقى دەرس

داۋدېت[1]

شۇ كۈنى ئەتىگىنى مەن مەكتەپكە ناھايىتى ۋاقچە ماڭغانلىقىم ئۈچۈن مۇئەللىمنىڭ تەنبىھ بېرىشىدىن قاتتىق قورقتۇم. بولۇپمۇ ھامىمۇر ئەپەندى بۈگۈن پېئىلنىڭ تۈرلىنىشىنى سورايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغانىدى. لېكىن، مەن ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيتتىم. بۇ ۋاقىتتا مەندە دەرستىن قېچىپ، دالىغا چىقىپ ئويناپ كېلىش خىيالى پەيدا بولدى.

ھاۋا شۇ قەدەر ئىللىق، شۇ قەدەر ئوچۇق ئىدى!

ئورمان ياقىسىدىن غورۇلاينىڭ چاڭىلداپ سايرىغان ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى، پەن زاۋۇتىنىڭ ئارقىسىدىكى ئوتلاقتا پروسسىيە[2] ئەسكەرلىرى مەشىق قىلىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىلەر پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ قائىدىلىرىگە قارىغاندا مېنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلاتتى، ئەمما مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۆزۈمدىكى بۇ خىياللارنى يېڭىپ، تېزدىن مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئېلان تاختىسى ئېسىپ قويۇلغان تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئالدىغا توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ بىر - ئىككى يىلدىن بېرى، ئۇرۇشتا يېڭىلىش دەمدۇ، ئەسكەر چىقىرىش دەمدۇ، ئالۋان - ياساق

---

① داۋدېت — (1840 — 1897) فرانسىيە يازغۇچىسى. داۋدېتنىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرى دۇنيادا كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. بىز بۇ تېكىستنى جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدۈرگەن 8 - يىللىقلار ئۈچۈن 1 - قىسىم «تىل — ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىن ئالماپ تەرجىمە قىلدۇق.

② پروسسىيە — ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە چېگرىسى ئىچىدىكى بىر ھەربىي مۇستەبىت دۆلەت. ئۇ پروسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى (1870 — 1871)دا فرانسىيىنى مەغلۇپ قىلغان ھەم ئاخىرقى ھېسابتا گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

دەمدۇ، پروسىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى دەمدۇ، ئىشقىلىپ مۇشۇنداق يامان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ يەردە ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى، مەن توختىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ «يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

مەن مەيداندىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شۇ ئەسنادا شاگىرتى بىلەن بىللە شۇ يەردە ئېلان كۆرۈۋاتقان تۆمۈرچى ۋاختېر ئۇستام ماڭا قاراپ:

— شاكىچىك، ئۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتمە! قانچىلىك ۋاق قالغىنىڭ بىلەنمۇ كېچىكمەيدىغان بولدۇڭ! — دەپ توۋلىدى.

مەن، ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، قاتتىق ھودۇقۇش ئىچىدە ھاسىراپ يۈگۈرگەن پېتىم ھامۇر ئەپەندىنىڭ قورۇسىغا كىردىم.

ئادەتتىكى كۈنلەردە، دەرس باشلاش ۋاقتىدا سىنىپنىڭ ئىچى كوچىغىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولۇپ كېتەتتى، پارتىلار تاراق ـ تۇرۇق ئېچىلىپ ـ يېپىلاتتى، بالىلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. بىرەر نەرسىگە كۆڭۈل قويماقچى بولسىڭىز، قۇلاقلىرىڭىزنى ئېتىۋالمىغۇچە مۇمكىن بولمايتتى. مۇئەللىم قولىدىكى يوغان پالاق بىلەن مۇنبەرگە توختىماي پاقىلدىتىپ تۇرۇپ: «تىنچلىنىڭلار!» دەپ ۋارقىرايتتى.

مەن ئەسلىي مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايلا غىپپىدە ئۆز ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالاي دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما شۇ كۈنى قېرىشقاندەك، سىنىپ ئىچى خۇددى يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ ئەتىگىنىگە ئوخشاش تىمتاس ئىدى. مەن كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا رەتلىك ئولتۇرۇشقانلىقىنى، ھامۇر ئەپەندىنىڭ ھېلىقى قورقۇنچلۇق پالىقىنى قولتۇقىغا قىسىۋېلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. مەن نائىلاج ئىشىكنى ئېچىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆزىچىلا جىمجىتلىققا چۆمگەن سىنىپقا كىردىم. سىلەر شۇ چاغدا مېنىڭ يۈزۈمنىڭ قانچىلىك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، ھودۇقۇشتىن

يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك دۈپۈلدەپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭلار مۇمكىن!

لېكىن، ھېچقانداق ئىش بولمىدى. ھاممۇر ئەپەندى مېنى كۆرۈپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

— چاققان ئورنىڭغا بېرىپ ئولتۇرۇۋال! فرانس قوزام، يەنە كەلمىگەن بولساڭ، بىز سېنى كۈتۈپ ئولتۇرمايتتۇق، — دېدى.

مەن ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ دەرھال پارتامدا ئولتۇردۇم. ئالاقزادىلىكىمنى بېسىپ ئۆزۈمگە كېلىۋالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بىزنىڭ مۇئەللىمىمىزنىڭ بۈگۈن بايراملاردا كىيىدىغان چىرايلىق مايسىرەڭ كىيىمىنى كىيىپ، بېشىغا چۆرىسى كەشتىلەنگەن قارا يىپەك شىلەپە كىيىۋالغانلىقىغا سەپسالدىم. ئۇ بۇ كىيىملىرىنى پەقەت يۇقىرىدىن مۇپەتتىش كېلىپ مەكتەپنى تەكشۈرگەن چاغلاردىلا ياكى بىزگە مۇكاپات تارقاتقان كۈنلىرىلا كىيەتتى. شۇ تاپتا پۈتۈن سىنىپنىڭ ئىچى سۈرلۈك كەيپىياتقا تولغانىدى. لېكىن، مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، سىنىپنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئادەتتە بىكار تۇرىدىغان ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقلارغىمۇ كەنتتىكى كىشىلەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچ قىرلىق قالپىقىنى كىيىۋالغان خوس بوۋايمۇ ئولتۇراتتى، سابىق كەنت باشلىقىمۇ، پېنسىيىگە چىققان پوچتىكەشمۇ كەپتۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ كېلىشكەن بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايلىرىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. خوس بوۋاي چۆرىلىرى تىتىلىپ كەتكەن كونا ئېلىپبەدىن بىرنى ئالغاچ كەپتۇ. ئۇ بۇ ئېلىپبەسىنى ئېچىپ تىزىغا قويۇۋالغانىدى، كىتابنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ چوڭ كۆزەينىكى تۇراتتى.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمدا ھاممۇر ئەپەندى مۇنبەرگە چىقىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بايا ماڭا گەپ قىلغاندىكىدەك مۇلايىملىق ۋە جىددىيلىك بىلەن بىزگە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بالىلىرىم، بۇ مېنىڭ سىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دەرس

ئۆتۈشۈم. بېرلىندىن بۇيرۇق كەلدى[1]، بۈگۈندىن كېيىن ئالساس ۋە لوررېندىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پەقەتلا نېمىسچە دەرس ئۆتۈشكىلا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. . . يېڭى مۇئەللىم ئەتىلا يېتىپ كېلىدۇ. بۈگۈن سىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق فرانسۇزچە دەرسىمنى ئۆتىمەن، شۇڭا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى، ھىم. . . ئۇ ئەبلەخلەر[2]نىڭ بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان تاختىسىغا چاپلىغىنى مۇشۇ گەپ ئىكەن ـ دە!

بۇ مەن ئاڭلايدىغان ئەڭ ئاخىرقى فرانسۇزچە دەرس ئىكەن!

مەن ئەمدىلەتىن يازالايدىغان بولغانىدىم، بۈگۈندىن كېيىن فرانسۇزچىنى ئۆگىنەلمەسمەنمۇ! ئەجەبا بۈگۈنگىچە بوپتۇلا دېيىشكە بولامدۇ؟ . . . مەن بۇرۇن ئوبدان ئۆگەنمەي، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىكىمگە، مەكتەپتىن قېچىپ قۇشقاچ ئۇۋىلىرىدىن تۇخۇم ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمگە، سارىيا دەرياسىغا مۇز تېيىلغىلى بارغانلىرىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. مەن تېخى ھېلىلا گرامماتىكا، تارىخ دەرسلىكلىرىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى ئېغىر كۆرۈپ بىزار بولغانىدىم. ئەمدىلىكتە، خۇددى قەدىناس دوستلىرىمدەك بۇلاردىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ. ھامىمۇر ئەپەندىگە نىسبەتەنمۇ شۇنداق ئويدا بولدۇم. ئۇنىڭ ھازىرلا بۇ يەردىن كېتىدىغانلىقىنى، بۈگۈندىن كېيىن ئۇنى زادىلا كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، ئۇنىڭ ئىلگىرى ماڭا بەرگەن جازالىرىنى ئۇنتۇدۇم، مېنى ئۇنىڭ ئۇرغانلىرىنىمۇ كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتتىم.

ھەي، بۇ بىچارە كىشى ـ زە!

ئەسلىدە ئۇ بۇ ئاخىرقى دەرسنى خاتىرىلەش ئۈچۈنلا بايراملىق چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپتىكەن! بازاردىكى بوۋايلارنىڭ نېمە

---

① بېرلىن شۇ چاغدا پرۇسسىيىنىڭ پايتەختى ئىدى. پرۇسسىيە ــ فرانسىيە ئۇرۇشىدا فرانسىيە مەغلۇپ بولۇپ، فرانسىيىنىڭ ئالساس ۋە لوررېن ئوبلاستلىرى (ئىككىسىلا ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋىلايەت ــ [illegible]) ئالىنىپ پرۇسسىيىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. پرۇسسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى ئوبلاستتىكى مەكتەپلەردە نېمىس تىلىنى [illegible] بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

② پرۇسسىيە قوشۇنلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئۈچۈن سىنىپقا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم. بۇ ماڭا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپكە پات - پات كېلىپ تۇرمىغانلىقىغا ئۆكۈنگەنلىكىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقتەك تۇيۇلدى. ئۇلار گويا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن هامېۇر ئەپەندىنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بۇيان سەممىي - ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىگەن خىزمىتىگە تەشەككۇر ئېيتىۋاتقاندەك، قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان زېمىنىمىزغا بولغان ئىززەت - ئېھتىرامىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

مۇشۇلار خىيالىمدىن كېچىۋاتقاندا، مۇئەللىم بىردىنلا مېنى چاقىرىپ قالدى. يادلاش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى. ئاھ خۇدا، ئەگەر شۇ تاپتا قىيىنلىقتا داڭق چىقارغان پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ قائىدىلىرىنى جاراڭلىق، ئېنىق ۋە قىلچە خاتاسىز هالدا باشتىن - ئاخىر ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولسام، بۇنىڭ بەدىلىگە هەرقانداق نەرسىنى قۇربان بېرەتتىم. ئەمما، بېشىدىكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەرنى يادلايادلىمايلا كېكەچلەشكە باشلىدىم. ئورنۇمدا تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان ئىرغاڭلايتتىم، قاتتىق ئازابلىنىپ، بېشىمنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. هامېۇر ئەپەندىنىڭ ماڭا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم:

— فرانس، قوزام، ئەمدى مەن سېنى ئەيىبلىسەم قاملاشماس، ئۆزۈڭمىغۇ خېلىلا بىئارام بولۇۋاتىسەن، شۇمۇ كۇپايە. ئىش مانا مۇشۇنداق. بىز هەر كۈنى ئۆزىمىزگە، بولدىلا ۋاقىت دېگەندىن تولا نېمە يوق، ئەتىلىككە ئۆگەنسەممۇ كېچىكمەيمەن، دەيمىز. لېكىن، قارىغىنا، بۇگۈن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ... ئىلگىرى بىز ئالسالىقلارنىڭ راسا كەتكۈزۈپ قويغان يېرىمىز، مائارىپنى ئەتىگە قالدۇرغانلىقىمىز بولدى. ئەمدى هېلىقى ئەبلەخلەر بىزگە: «قانداق؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنى تېخى فرانسۇز دەيسىلەر، ئەمما فرانسۇزچىنى يا ئوقۇيالمىساڭلار، يا يازالمىساڭلار!» دېيىشكە هەقلىق بولۇپ قالدى. بىراق، بىچارە شاكىچىك فرانس، بۇ سېنىڭلا سەۋەنلىكىڭ ئەمەس، بىز هەممەيلەننىڭ ئۆزىمىزنى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن جايلىرىمىز بار.

ئاتا - ئانىلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئوبدان تەربىيىلىنىشىڭلار ئۈچۈن

ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى، ئۇلار پۇلنى كۆپ تېپىش ئۈچۈن سىلەرنى كىتابلىرىڭلارنى تاشلاپ، ئېتىزغا ۋە زاۋۇتلارغا ئاپىرىپ ئىشلىتىشكە رازى بولدىكى، مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا رازى بولمىدى. مەنچۇ، مېنىڭمۇ ئۆزۈمنى ئەيىبلىگۈدەك جايلىرىم يوقمۇ؟ مەن سىلەرنى پات - پات دەرسىڭلارنى تاشلاتقۇزۇپ گۈللىرىمنى سۇغىرىشقا سالمىدىممۇ؟ مەن بىرنەچچە قېتىم بېلىق تۇتقۇم كەلگەندە سىلەرنى كۆنلەپ قويۇۋەتمىدىممۇ؟ . . .

ھاممۇر ئەپەندى ئۇ ئىش، بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ، فرانسۇز تىلى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: فرانسۇز تىلى ھەممىدىن پۇختا، ھەممىدىن توغرا، دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق تىل. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئېيتتى: بىز ئۇنى قەلبىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز، مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم، دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، قۇل قىلىنغان خەلق ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى يادىدا چىڭ ساقلىسىلا، تۈرمە دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەك بولىدۇ. ئۇ مۇشۇلارنى دەپ بولۇپ، گىرامماتىكا دەرسلىكىنى قولىغا ئېلىپ، بىر دەرسنى ئۆتتى. ئاجايىپ ئىش، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆتكەن دەرسىنى ناھايىتى ئاسان چۈشىنىۋالدىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ئەزەلدىن بۇنچىلىك كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئاڭلاپ باقمىغان، مۇئەللىممۇ ئەزەلدىن بۇنچىلىك سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا بۇ بىچارە ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بىزگە ئۆگىتىپ قويغۇسى، مېڭىمىزگە بىراقلا قۇيۇپ قويغۇسى كېلەتتى.

گىرامماتىكىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بىز خەت يېزىش مەشقى قىلدۇق. شۇ كۈنى ھاممۇر ئەپەندى بىزگە ئالاھىدە يېڭى خۇشخەت ئۈلگىلىرىنى راستلاپ كەپتۇ. بۇ خۇشخەت ئۈلگىلىرىدە «فرانسىيە»، «ئالساس»، «فرانسىيە»، «ئالساس» دېگەن چىرايلىق دۈگىلەك شەكىللىك خەت[1]لەر بار ئىدى. بۇ خەت ئۈلگىلىرى پارتىمىزنىڭ

① دۈگىلەك شەكىللىك خەت — فرانسۇز يېزىقى يازما شەكلىنىڭ بىر تۈرى.

تۆمۇر دەستىسى ①گە ئېسىلغان بولۇپ، خۇددى نۇرغۇن كىچىك دۆلەت بايراقلىرى سىنىپتا لەپىلدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھەممەيلەن شۇنچىلىك بېرىلىپ خەت مەشقى قىلىۋاتاتتى. سىنىپ ئاجايىپ جىم-جىتلىققا چۆككەن! قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە شىتىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. شۇ ئەسنادا بىرنەچچە مايقوڭغۇزى سىنىپقا ئۇچۇپ كىر-دى. ئەمما، ھېچكىم ئۇلارغا دىققەت قىلمىدى. ھەتتا كىچىك ئوقۇغۇ-چىلارمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي پۈتۈن زېھنى بىلەن قەغەزنىڭ قۇر سىزىقلىرىنىمۇ خۇددى ئۇ فرانسۇز يېزىقى ھېسابلىنىدىغاندەك ئىخلاس بىلەن سىزاتتى. ئۆگزىدە بىر توپ كەپتەر تۆۋەن ئاۋازدا بۇقۇلدايتتى. مەن «ئۇلار بۇ كەپتەرلەرنىمۇ نېمىسچە بۇقۇلداشقا مەجبۇرلىماس!» دەپ ئويلىدىم.




مەن ھەر قېتىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ھامەر ئەپەندىنىڭ

---

① پارتىنىڭ تۆمۈر دەستىسى — بۇنداق تۆمۈر دەستە سىبىرلما شەكلىدە بولۇپ، نوتا قويىدىغان جازىغا ئوخشاپراپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە توغرىسىغا ئورنىتىلغان بىر دانە تۆمۈر تاياقچە بولۇپ، ئۇنىڭغا خەت ئۈلگىلىرىنى ئاسقىلى بولىدۇ.

مۇنبەر كەينىدە قىمىر قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى ، بۇ كىچىك سىنىپتى-
كى ئەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆزى قىيماي ، ئۇلارنى ئېلىپ كەتكۇ-
سى كېلىۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم . ئويلاپ
كۆرۈڭچۇ ، 40 يىلدىن بۇيان ئۇ ئىزچىل مۇشۇ يەردە ياشىدى ، دېرىزە
سىرتىدا ئۇنىڭ كىچىككىنە ھويلىسى ، كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى-
لىرى ؛ ئۇزاق يىللار ئىشلىتىلگەن پارتا - ئورۇندۇقلار پارقىراپ ۋە
ئۇپراپ كەتكەن ؛ ھويلىدىكى ياڭاق دەرىخى خېلىلا ئېگىز ئۆسۈپ
قالغان ؛ ئۇ ئۆز قولى بىلەن تىككەن پېچەكگۈل بوگۇنكى كۈندە
دېرىزىدىن ھالقىپ ئۆگزىگە ياماشقانىدى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى بارلىق
نەرسىلەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا . مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۇ-
نىڭ كۆڭلى قانداقمۇ بۇزۇلمىسۇن ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ، سىڭلىسىنىڭ
ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈك - تاقلارنى يىغىش-
تۇرۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ! ئۇلار ئەتە بۇ يەردىن مەڭگۈ ئايرى-
لاتتى .

لېكىن ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەرسلەرنى ئاخىرغىچە ئۆتۈپ بولۇشقا
غەيرىتى بار ئىدى . خەت مەشقى دەرسى تۈگىگەندىن كېيىن ، ئۇ يەنە
بىر سائەت تارىخ ئۆتتى . ئارقىدىن باشلانغۇچ سىنىپلارغا «bu ،
ba ، be ، bi ، bo » بوغۇملىرىنى قوشۇپ ئوقۇشنىمۇ ئۆگەتتى .
سىنىپنىڭ ئارقا رېتىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان خوس بوۋايمۇ كۆزەينە-
كىنى تاقىۋېلىپ ئېلىپبەنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بالىلار بىلەن بىللە
ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇيتتى . ئۇنىڭ ئوزايىدىن ناھايىتى كۆڭۈل
قويۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى ، ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەيتتى . ئۇنىڭ
غەلىتە ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ، كىشىنىڭ ھەم كۈلگىسى ، ھەم يىغلىغۇ-
سى كېلەتتى . ئاھ ! مەن بۇ ئاخىرقى دەرسنى ھەقىقەتەن مەڭگۈ
ئۇنتۇمايمەن !

ئۇشتۇمتۇت ، چېركاۋنىڭ سائىتى سائەت ئون ئىككىگە داڭ ئۇر-
دى ، ئىبادەت قىلىش ۋاقتىنىڭ قوڭغۇرىقىمۇ جاراڭلىدى . بۇ ۋاقىتتا
مەشىقتىن قايتقان پروسسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كاناي ئاۋازى دېرىزىمىز-
نىڭ يېنىدا ياڭراشقا باشلىدى . . . ھاممۇر ئەپەندىنىڭ چىرايى تاتى-

رىپ ، مۇنبەردە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ماڭا ھېچقاچان مۇنداق بەستلىك — گىگانت كۆرۈنمىگەنىدى .

— قېرىنداشلار ، — دېدى ئۇ ، — مەن ··· مەن ··· — ئۇنىڭ گېلىغا قانداقتۇر بىرنەرسە كەپلىشىۋالغاندەك بولۇپ ، سۆزلىيەلمەي قالدى .

شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئۆرۈلۈپ دوسكىغا قاراپ ، بوردىن بىر تال ئالدى - دە ، بورنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ ، چوڭ - چوڭ قىلىپ : «ياشىسۇن فرانسىيە !» دېگەن ئىككى سۆزنى يازدى .

يېزىپ بولغاندىن كېيىن ، بېشىنى تامغا يۆلەپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى . ئۇ گەپ قىلمايتتى ، پەقەتلا قولى بىلەن بىزگە دەرس تۈگەدى . . . دەرستىن چۈشۈڭلار ، دېگەن ئىشارىنى قىلدى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . تېكىستتىكى فرانس بىر ئويۇنقېپى ئوقۇغۇچى . «ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسى» ئۇنىڭ ئۆگىنىش ، مۇئەللىم ، ۋەتەنگە بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا قانداق تۈپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالىدى؟ ئويلىغانلىرىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەر تېكىستتىن ئۈزۈپ ئېلىنغان بولۇپ ، چوڭقۇر مەنە ، كۈچلۈك ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن . ھەربىرىڭلار بىردىنى تاللاپ ، ئۆز قارىشىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار :

1 ) دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ قۇل قىلىنغان خەلق ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى يادىدا چىڭ ساقلىسىلا ، تۈرمە دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەك بولىدۇ .

2 ) قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە شىتىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى . شۇ ئەسنادا بىرنەچچە مايقوڭغۇزى سىنىپقا ئۇچۇپ كىردى . ئەمما ، ھېچكىم ئۇلارغا دىققەت قىلمىدى . ھەتتا كىچىك ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي پۈتۈن زېھنى بىلەن قەغەزنىڭ قۇر سىزىقلىرىنىمۇ

خۇددى ئۇ فرانسۇز يېزىقى ھېسابلىنىدىغاندەك ئىخلاس بىلەن سىزاتتى .

3 ) مەن ھەر قېتىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ھامۇر ئەپەندى-نىڭ مۇنبەر كەينىدە قىمىر قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى ، بۇ كىچىك سىنىپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆزى قىيماي ، ئۇلارنى ئېلىپ كەتكۇسى كېلىۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم .

3 . تېكىستتە فرانس بىلەن ھامۇر ئەپەندىنىڭ ھەر ئىككىسىلا بىر - بىرىگە ئىچ ئاغرىتىشقان . تېكىستنى تەپسىلىي ئوقۇش ئارقى-لىق ، بۇ ئىككى خىل «ئىچ ئاغرىتىش» تا ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭ .

1 ) ئۇنىڭ ھازىرلا بۇ يەردىن كېتىدىغانلىقىنى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زادىلا كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا ، ئۇنىڭ ئىلگىرى ماڭا بەرگەن جازالىرىنى ئۇنتۇدۇم ، مېنى پالاق بىلەن ئۇرغانلىرىنىمۇ كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتتىم ،

ھەي ، بۇ بىچارە كىشىزە !

2 ) شۇ تاپتا ، بۇ بىچارە ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بىزگە ئۆگىتىپ قويغۇسى ، مېڭىمىزگە بىراقلا قۇيۇپ قويغۇسى كېلەتتى .

3 ) ئۇ كۆز ئالدىدىكى بارلىق بەرسىلەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا . مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقمۇ بۇزۇلمى-سۇن ؟

4 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ ، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ھېس قىلىش ئاساسىدا ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ، بەزى-رىڭلار فرانس ، بىرىڭلار ھامۇر ئەپەندىنىڭ ، يەنە بىرىڭلار خوس بوۋاينىڭ رولىنى ئېلىڭلار ھەمدە ھەربىرىڭلار بىردىن ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھەرىكەتنى قىلىپ ، ئىچكى ھېسسىياتنى ئەڭ ئىپادى-لەپ بېرەلەيدىغان بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىڭلار . قالغان ئوقۇغۇچى-لار باھالاپ باقسۇن .

# 7 . ۋەتەن رىشتى

لىۋ جىڭجى

چيەن شۆسېن 1911 ـ يىلى شاڭخەيدە تۇغۇلغان . بېيجىڭ پېدا-گوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان . 1935 ـ يىلى گېڭزى تۆلىمى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا[1] ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ ، دەسلەپتە ئامېرىكىنىڭ ئاسىۋ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان . كېيىن ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ، داڭلىق فىزىكا ئالىمى ۋون كارمان[2] دىن تەلىم ئالغان ھەمدە ئۈچ يىلدىن كېيىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ ، مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان . بۇ مەزگىلدە ئۇ ۋون كارماننىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق راكېتا تېخنىكىسىغا ئىشتىياق باغلاپ ، كالىفورنىيە تېبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ كۇگېنھام تەجرىبە-خانىسىنىڭ راكېتا تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان . بۇ تەجرىبىخانا كېيىن ئامېرىكىنىڭ راكېتا تېخنىكىسىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلانغان . چيەن شۆسېن بولسا مۇشۇ بۆشۈكتە راكېتا تېخنىكىسىنى ئەڭ بۇرۇن

---

① گېڭزى تۆلىمى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش — 1900 ـ يىلى (گۇاڭشۈيىنىڭ 26 ـ يىلى ، يەنى گېڭزى يىلى )سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭنى ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغاندا ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەجبۇرىي «شىنچۇ شەرتنامىسى»نى تۈزدۈرىدۇ . بۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن : «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن 450 مىليون سەر كۈمۈشنى 39 يىلغا بۆلۈپ تۆلەيدۇ . ئۇنىڭ دەسمايىسى بىلەن ئۆسۈمىنى قوشقاندا 980 مىليون سەر كۈمۈش بولىدۇ .» ئامېرىكا بۇ تۆلەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە بىر قىسمىنى جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن .

② ۋون كارمان (1881 — 1963 ) — ۋېنگرىيىلىك ، 1930 ـ يىلى ئامېرىكىغا بارغان ، 1936 ـ يىلى ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتكەن . مېخانىك ۋە ئاۋىئاتسىيە قۇرۇلۇشى ئالىمى .

تەتقىق قىلغان ئۈچ نەپەر خادىمنىڭ بىرى.

چيەن شۆسېن پروفېسسور ۋون كارماننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شاگىرتى ئىدى. كارماننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن چيەن شۆسېن يۇقىرى سۈرئەتلىك ئايرودىنامىكا① جەھەتتە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلىغان. 1943-يىلى ئامېرىكا ھەربىي دائىرىلىرى قايتا-قايتا تاللاش ئارقىلىق، چيەن شۆسېنگە مارىننا بىلەن ھەمكارلىشىپ، راكېتا ماتورى ئىلغارلاشتۇرۇلغان سىنارەدنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت زور ھەربىي ئىشلار تېمىسىنى تەتقىق قىلىشنى تاپشۇردى.

2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان مەزگىلدە، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى چيەن شۆسېنگە ئۇرۇش غەلىبىسى ئۈچۈن «غايەت زور تۆھپە قوشتى»، «مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپە قوشتى» دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. ئامېرىكا مەخسۇس ئىستون بازغۇچىسى مىلتون ۋيۇرست چيەن شۆسېننى «ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پالاقلىق ئايروپىلاندىن پۈركۈگۈچلۈك ئايروپىلانغا ئۆتۈشىدىكى ھەمدە ئالەم بوشلۇقىغا ئادەمسىز ئالەم ئۇسكۇنىسى قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت يىراق مۇساپىلىك پىلانىنى تۈزۈشتىكى نۇقتىلىق شەخسلەرنىڭ بىرى»، «ئامېرىكىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ھەربىي كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشىغا ياردەم قىلغان ئالىملار ئارىسىدىكى نۇرانە چولپان» دەپ قارىغان.

1947-يىلى ۋون كارماننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ كالىفورنىيە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئەڭ ياش ئۆمۈرلۈك پروفېسسورى بولىدۇ. 1949-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇ بۇ ئىنستىتۇتتىكى «كۆگگېنھام پۈركۈشنى تېزلىتىش تەتقىقات مەركىزى»نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ،

① ئايرودىنامىكا — ئاقار جىسىملار دىنامىكىسىدىكى بىر تارماق پەن. ئاساسلىق ھاۋانىڭ ھەرىكىتى ۋە ھاۋا بىلەن جىسىملار نىسبىي ھەرىكەت قىلغان چاغدىكى ئۆز ئارا تەسىرلىشىش قانۇنىيىتىنى، بولۇپمۇ ئۇچار جىسىمنىڭ ئاتموسفېرا قەۋىتىدىكى ئۇچۇش پرىنسىپىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئاۋىئاتسىيە ۋە ئالەم تېخنىكىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم بولغان ئاساسلىق نەزەرىيىلەرنىڭ بىرى.

ئاسپرانتلارنىڭ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلى-
دۇ . شۇ يىلى ئاران 37 ياشقا كىرگەن چيەن شۆسېن بۇ مەزگىلدە
مېخانىكا ساھەسى ۋە ئەمەلىي ماتېماتىكا ساھەسىدىكى كۆچلۈك نوپۇز
ئىگىسى ، ئاقار جىسىملار دىنامىكىسى[①] تەتقىقاتىنىڭ يول ئاچقۇچىلى-
رىنىڭ بىرى ، مەشھۇر ئايرودىنامىكاشۇناس ، ھازىرقى زامان ئاۋىئاتى-
سىيە ئىلمى ۋە راكېتا تېخنىكىسىنىڭ پېشۋاسى ، قۇرۇلۇش كونترول
نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى دېگەندەك ئاتاقلار بىلەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ
ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ بولغانىدى .

1935 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە ئۇ ئامېرىكىدا نەق 20 يىل
تۇرغان . بۇ 20 يىل جەريانىدا ، ئۇ ئىلىم ساھەسىدە شانلىق نەتىجى-
لەرگە ئېرىشىپ ، تۇرمۇشتا ناھايىتى يۇقىرى پاراۋانلىققا ئېرىشكەن .
لېكىن ، ئۇ ئۆزىنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئانا ۋەتىنىنى بىر مىنۇتمۇ
يادىدىن چىقارمىغان . ئۇ دادىسىغا يازغان خېتىدە ، «ياقا يۇرتتىكى
سېغىنىشلىق كۈنلىرىم قاچانمۇ تۈگەر» دېگەننى كۆپ قېتىم تىلغا
ئالغان ھەمدە دادىسىغا شائخەي چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى ،
چۈشلىرىمدە مەن باللىق چاغلىرىمنى ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئۆينى كۆرد-
مەن ، دېگەن .

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى جۇڭگو دۇنياغا
كۆز ئاچقاندا ، چيەن شۆسېن بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ ھەمدە
شۇ يىلى تاۋۇز چاغنى (يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 6 - كۈنى)دا
ئەر - خوتۇن ئىككىسى ۋەتەنگە قايتىپ ، ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى
دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن بېغىشلاش نىيىتىگە
كېلىدۇ .

1950 - يىل 7 - ئايدا ، ۋەتىنىگە قەتئىي قايتىش قارارىغا
كەلگەن چيەن شۆسېن ئۆزىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى
ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ ،

---

① ئاقار جىسىملار دىنامىكىسى — ئاقار جىسىملار (سۇيۇق جىسىملار ۋە گاز جىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ماكرو ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بولۇپ ، پاراخوت ، ئايروپىلان ، راكېتا ۋە سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ .

ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ باش-
لىق قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ: «چيەن شۆسەن مەيلى قەيەردىلا
بولسۇن، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ» دەپ قاراپ، «مەن ئۇنى
ئېتىۋەتسەم ئېتىۋېتىمەنكى، ھەرگىز جۇڭگوغا قايتقىلى قويمايمەن»
دەيدۇ.

1950- يىل 8- ئايدا، چيەن شۆسەن كانادا تىنچ ئوكيان
شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىدا ئولتۇرۇپ ئامېرىكىدىن كېتىش ئۈچۈن
ئايروپىلان بېلىتى تەقلەپ قويىدۇ. 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ
ئامېرىكىنىڭ لوس ئانگېلېس شەھىرىدىكى كالىفورنىيە تەبىئىي پەن
ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاۋازدىن تېز سۈرئەت تەجرى-
بىخانىسىنىڭ مۇدىرلىقى ۋە بۇ ئىنستىتۇتنىڭ «كۇگېنھام پۇركۇشنى
تېزلىتىش تەتقىقات مەركىزى» مەسئۇللىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا
بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن ئىلمىي كىتاب ۋە تەتقىقات
خىزمەت خاتىرىلىرىنى چامادانغا قاچىلاپ، ئامېرىكا توشۇش شىركى-
تىنىڭ جۇڭگوغا يەتكۈزۈپ بېرىشىگە تاپشۇرىدۇ.

دەل شۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز ئامېرىكا كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ
ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئۇنىڭ ئامېرى-
كىدىن كېتىشىگە يول قويمايلا قالماستىن، يەنە ئۇنى جازا بېرىمىز،
ھەسسىلەپ جەرىمانە قويىمىز، دەپ قورقۇتىدۇ. يەنە تېخى ئۇنىڭ
بارلىق ئىلمىي كىتابلىرى ۋە خاتىرىلىرىنى ئاختۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ
ھەمدە ئۇنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇلىدىغان ئىلمىي ھۆججەتلەرنى ئۆز
ۋەتىنىگە ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان، دەپ ھاقارەتلەيدۇ.

ئۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇ-
شۇۋاتقان رەقىبلەردىن بولۇپ، ئامېرىكىدا فاشىستلارچە ماك كارتىئىزىم[1]

[1] ماك كارتىئىزىم — 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئامېرىكىدا ئەۋج ئالغان فاشىزىم. 1950- يىل 2- ئايدا ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماك كارتى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىنىڭ ئىچىگە كوممۇنىستلار «سوقۇنۇپ كىرىۋالغان»، دەپ توقۇق سۆزلەپ كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان. 1951- يىلى ماك كارتى كېڭەش پالاتانىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپا ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، فاشىستىك ۋاسىتە ئارقىلىق دېموكراتىك ۋە ئىلغار كۈچلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا رەھبەر-لىك قىلىپ، ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى ساھەنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان.

ئەۋج ئالماقتا ئىدى. شۇڭا چيەن شۆسېننىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغانلىقى ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ. 1950 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى تۇيۇقسىز چيەن شۆسېننى قولغا ئېلىپ، تېمىنا ئارىلىدىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئاپىرىپ، 15 كۈن قاماپ قويىدۇ. 15 كۈنلۈك ئازاب - ئوقۇبەت دەستىدىن ئۇ 30 قاداق ئورۇقلاپ كېتىدۇ.

كالىفورنىيە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شۇ مەزگىلدە ياۋروپادا تۇرۇۋاتقان ۋون كارامان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئامېرىكا كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ھەمدە 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق كېپىللىك قويۇپ بېرىش سوممىسىنى يىغىپ تاپشۇرۇپ، چيەن شۆسېننى تېمىنا ئارىلىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاچىقىۋالىدۇ.

بىراق ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئامېرىكا كۆچمەنلەر ئىدارىسى چيەن شۆسېننىڭ ئەركىنلىكىنى قانۇنسىزلارچە بوغۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئايدا كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە بىر قېتىم بېرىپ تۇرۇشىنى ھەمدە ئۆزى تۇرۇشلۇق لوس ئانگېلېستىن ئايرىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلىرى ئۇنى داۋاملىق نازارەت قىلىپ، پات - پات ئۇنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە تۇرالغۇسىغا كىرىپ پاراكەندە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ خەت - چەكلىرى بىلەن تېلېفونى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ.

ئۇ دوستلىرىغا كېلىدىغان ئاۋارىچىلىكنى ئازايتىش ئۈچۈن، بەش يىلغىچە ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدۇ. لېكىن شۇنچىلىك قىيىن - قىستاقلارمۇ چيەن شۆسېن ئەر - خوتۇننىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ خانىمى جياڭ يىڭ شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە، بىز يېنىككىنە ئۈچ چامادانىنى تەق قىلىپ قويۇپ، كۈندىلا ئۆز ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كېتىشنى ئويلايتتۇق.»

ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشكە ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلار تۇ-

رۇشلۇق ئۆيىنىمۇ بىر يىللىقتىنلا ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىدۇ ھەمدە بەش يىل جەريانىدا بەش قېتىم كۆچۈپ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى بىلەن بەش ياشلىق قىزىمۇ ئامېرىكىدىن ناھايىتى يىراق جايدىكى جۇڭگودا بوۋا - مومىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى سېغىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

1955 - يىل 6 - ئايدا يەتكۈچە ئازاب - ئوقۇبەت تارتقان چيەن شۆسېن ۋەتىنىگە بالدۇرراق قايتىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ، ئانا ۋەتىنىنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

جۇ ئېنلەي زۇڭلى بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، بۇ خەتنى جۇڭگونىڭ پولشادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋاڭ بىڭنەنگە ئەۋەتىپ بېرىش، جۇڭگو - ئامېرىكا باش ئەلچىلىرىنى بۇ ھەقتە كېڭەشتۈرۈش، چيەن شۆسېننى ئامال قىلىپ ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە يوليورۇق بېرىدۇ.

پولاتتەك پاكىت ئالدىدا ئامېرىكا ۋەكىللىرى ئامالسىز قالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئامېرىكىدىكى مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر چيەن شۆسېننىڭ ئامېرىكىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشى ھەققىدە جىددىي ئۇختۇرۇش چۈشۈرىدۇ.

1955 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بەش يىلدىن ئارتۇق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، چيەن شۆسېن، جياڭ يىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى ئاخىر غەلىبىلىك ھالدا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، شەرقتىكى ۋەتىنىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىڭلار:

1) ئۇ دادىسىغا يازغان خېتىدە، «ياقا يۇرتتىكى سېغىنىشلىق كۆڭلىرىم قاچانمۇ تۈگەر» دېگەننى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان ھەمدە دادىسىغا، شاڭخەي چۈشۈمگە كۆپ كىرىدىغان بولۇپ قالدى، چۈشلە-

رىمدە مەن باللىق چاغلىرىمنى ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئۆينى كۆرىمەن، دېگەن.

بۇنىڭدا «كۆپ» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم ئىشلىتىش، ئىپادىلەش جەھەتتە قانداق رول ئوينىغان؟ سىز يۇرت ـ ۋەتەن ھەققىدە ئېيتىلغان ماقال ـ تەمسىلدىن بىر ـ ئىككىنى مىسال كەلتۈرەلەمسىز؟

2) ئۇ باشلىق قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ: «چيەن شۆسېن مەيلى قەيەردىلا بولسۇن، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ» دەپ قاراپ، «مەن ئۇنى ئېتىۋەتسەم ئېتىۋېتىمەنكى، ھەرگىز جۇڭگوغا قايتقىلى قويمايمەن» دەيدۇ.

ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ پوزىتسىيىسىنى يېزىش ئەسەردىكى مەزمۇن ۋە ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشىدە قانداق رول ئوينىغان؟ ئەگەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزنى تەپسىلىي بايانغا ئايلاندۇرۇپ يازسا، سىزچە مۇۋاپىقمۇ، ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

3) 1955 ـ يىل 6 ـ ئايدا يەتكۈچە ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان چيەن شۆسېن ۋەتىنىگە بالدۇرراق قايتىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ، ئانا ۋەتىنىنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

چيەن شۆسېننىڭ ئۆز ۋەتىنىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى مۇراجىئەت قىلىشىدىن ئۇنىڭ قانداق روھىي ھالىتىنى چۈشىنىۋالدىڭىز؟ سۆزلەپ بېقىڭ.

2. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى چەت ئەلدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماي، ھەققانىيەت يولىدا جۇڭگوغا قايتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتماقتا. دەرستىن سىرتقى چاغلاردا بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ كۆرۈڭ ھەمدە ئويلىغانلىرىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىز ياكى يېقىن كىشىلىرىڭىز-

گە سۆزلەپ بېرىڭ.

3. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭ. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، چيەن شۆسىننىڭ ئوبرازىنى بىر ـ ئىككى جۈملە سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىڭ.

# 8. سېغىندىم ۋەتەننى ئۇزاق سەپەردە

قۇربان بارات[①]

*مىسىرلىقلارنىڭ «نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۆسكەن كىشى ئۆزگە يۇرت دەريالىرىنىڭ سۈيىنى ئىچسە تەشنالىقىنى باسالمايدۇ» دېگەن بىر مەشھۇر سۆزى بار ئىكەن. شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ قۇدرىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ شېئىردا ئەنە شۇنداق ئوتلۇق مۇھەببەت ئەكس ئەتكەن. شائىر ياۋروپانىڭ گۈزەل شەھەرلىرىدە، ئوتتۇرا شەرقنىڭ مۇقەددەس ماكانلىرىدا ساياھەتتە بولۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى باسالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەر دائىم ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى يازغان.*

1

كۆتۈردى ئوكياندىن كىرپىكلىرىنى،
ھىندىنىڭ كۆزىدەك قارا بىر كېچە.
كەشمىرنىڭ ئۈستىگە كەلدۇق بىز ئۇچۇپ،
تاڭ نۇرى ئاسماننى سۈزۈلدۈرگىچە.

① بۇ شېئىر «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1989 - يىل 5 - ئايدىكى سانىدىن ئېلىندى، ماۋزۇسى تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاھ، بۇ تاڭ مەن ئۈچۈن يارالدىمىكىن،
تۇمانسىز، بىپايان، پارقىراق، تىنىق...
تاغ سۈيى ئاستىدىن كۆرۈنگەن سايىدەك،
كەڭ زېمىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ئېنىق.
ئاستىمدا قار - مۇزلۇق كەشمىر تاغلىرى،
يانمۇيان، قاتمۇقات يۈكسەلگەن ئۇلار.
دەريانىڭ ئىزىدەك ئەگرى ۋە بۈگرى،
قار كېتىپ قارايغان چوڭقۇر جىلغىلار.
ياتار بۇ دۇنيانىڭ ئېگىزلىكلىرى،
زېمىنىنىڭ قەدىمىي دەۋرىنى ساقلاپ.
ئىنساننىڭ ئايىغى، تالان - تاراجى،
تېخى بۇ تاغلارغا كەلمىگەن ئاتلاپ.
مەڭگۇ بىر جىمجىتلىق ھۆكۈمران بۇندا،
مىسالى ئورماندەك ھەممە نەرسە ساپ.
ئېقىنلار كۆرۈنەر كۈمۈش سىزىقتەك،
ۋە كەتكەن ھەرياققا تومۇردەك تاراپ.
مەن كۆرگەن، دۇچ كەلمەك تەس بۇ مەنزىرە،
سوزۇلۇپ باراتتى راۋان، بىمالال.
ماتورنىڭ رىتىملىق گۈرۈلدەشلىرى،
قوزغىدى قەلبىمدە دولقۇنلۇق خىيال.
سەپەرنىڭ يېپيېڭى ئەسلىمىلىرى،
ئۆرلىدى ھاۋارەڭ تۇماندەك لەيلەپ.
كۆرۈندى كۆزۈمگە يەنە ۋارشاۋا،
كۆكىدە بۇلۇتلار ئالدىراپ تەۋرەپ.
ئىستانبۇل — تۈنلىرى كوچىلىرىدا،

رەڭمۇرەڭ يۇلتۇزلار ئىچىدىكى ئاققان...
ئاي ـ يۇلتۇز شەكلى بار قىزىل بايراقلار...
ۋە يېشىل قەبرىگاھ — سۇلتانلار ياتقان .
تەۋرەيدۇ تارىخىي جامەلەر ئەكسى ،
مەرمەر دېڭىزنىڭ كۆكۈچ سەتھىدە .
ۋە خەلقى غەيرەتلىك ، مەغرۇر ، جەڭگىۋار ،
ئانا قان جۇشقۇنلاپ تۇرغان قەلبىدە .
ھەم ئەرەب چۆللىرى — دەھشەتلىك چۆللەر ...
داچىلىق ساھىلى قىزىل دېڭىزنىڭ...
ئالتۇندىن ، مەرمەردىن ياسالغان ھەرەم ،
بۆشۈكى — ئېتىقاد ۋە روھىمىزنىڭ .
ئەرەبلەر ، نىگىرلار ، پاكىستانلىقلار ،
خىلمۇخىل قىياپەت ، رەڭمۇرەڭ ئىنسان ...
بىز بىلەن ئوخشايدۇ ھەم ئوخشمايدۇ ،
ئۇ يىراق ئەللەردە ياشىغان ھەرجان...
بىز كەبى ھاياتقا قىزغىن سۆيگۈ بار ،
ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىك يۈرەكلىرىدە .
ئۇلارنىڭ زېمىنى ، ۋەتەنلىرى بار ،
قىتئەنىڭ ئۇ باشقا بۆلەكلىرىدە .
مېنىڭمۇ ۋەتىنىم بار بۇ دۇنيادا ،
ھەر قۇشنىڭ ئۆز ئىنى بولغىنى ئوخشاش .
كۆرۈندى سەھەرنىڭ سۇزۇكلۇكىدە ،
مانا ئۇ — پامىرى كەشمىرگە تۇتاش .
بايقىدىم يۇرتۇمنىڭ بوستانلىرىنى ،
سوزۇلغان تارىمنى — گويا لېنتىدەك .

كۆرۈندى باغراش ۋە لوپنۇر كۆللىرى ،
ئوتلاقتا ئېچىلغان كۈمۈش غۇنچىدەك .
كۆرۈندى ئالتۇندەك قۇملىرى بىلەن ،
جاھاندا نامى بار كەڭ تەكلىماكان .
كۆرسەتتى ئانامدەك مېھرىبان چىراي ،
خەلقىمنىڭ بۆشۈكى — بۇ ئالتۇن ماكان .
ياشايدۇ بۇ جايدا قەددى - قامەتلىك ،
قوڭۇر چاچ ، قارا چاچ ، سېرىق چاچ خەلقىم .
كېيىكنىڭ كۆزىدەك يوغان كۆزى بار ،
ئاسىيا قەلبىدە بىر گۈلتاج خەلقىم .
خۇش چىراي ، مېھماندوست ، ئەمگەكچان ، تېتىك ،
نادانراق ، ساددىراق ، ئەمما ئەقىل يار .
ئېچىلىپ گۈلەيدۇ كۆڭلى - كۆكسىدىن ،
ناخشىسى ، ئۇسسۇلى ، چاقچاقلىرى بار .
ياشنايدۇ قەدىمىي ئۆز ماكانىدا ،
توغراقتەك ، يانتاقتەك بولۇپ باراقسان .
ئىنساننىڭ ئۇ ئۆزگە تۈركۈملىرىدەك ،
ياشاشقا ھەققى بار زور تۈركۈم ئىنسان .
سىغىندىم بۇ ئەلنى ئۇزاق سەپەردە ،
ئانامنى ، بالامنى سېغىنغان كەبى .
بۇ تاڭدا ئۇلارغا تېپىنغۇم[1] كەلدى ،
شامانلار[2] قۇياشقا تېپىنغان كەبى ...

[1] تېپىنىش قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدا تىزلىنىش دەپ قوللىنىلىدۇ . شائىر بۇ جايدا بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى شەكلىنى قوللانغان .

[2] شامانلار — قەدىمكى زاماندىكى قۇياشقا ، كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئەبئەت دىنى — شامان دىنىنىڭ كاھىنلىرىنى ، پىر موللىلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . شائىر شېئىردا ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ ئيروپىلان ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى پامىر ۋە كەشمىر تاغلىرى ئۈستىگە كەلگەندە بىردىنلا بېسىۋالغۇسىز دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن . نېمە ئۈچۈن ۋەتەن بوسوغىسىغا ئاياغ قويۇۋاتقان ئاشۇنداق ئالاھىدە مۇھىتتا مۇشۇنداق كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇرغۇيدۇ ؟ چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ .

2 . شائىرنىڭ ۋەتەن توغرىسىدىكى ھېسسىياتى قايسى كونكرېت ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈلگەن ؟

3 . سىز تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنى خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پسىخىكىسىدىكى ، يەنى مىجەز - خاراكتېرىدىكى ئەۋزەللىك ۋە ئاجىزلىقلارغا باغلاپ تەھلىل قىلىپ بېقىڭ :

خۇش چىراي ، مېھماندوست ، ئەمگەكچان ، تېتىك ،
نادانراق ، ساددىراق ، ئەمما ئەقىل يار .
ئىچىلىپ كۈلەلەيدۇ كۆڭلى - كۆكسىدىن ،
ناخشىسى ، ئۇسسۇلى ، چاقچاقلىرى بار .

4 . خەلق ئارىسىدا «يۇرتىنى سۆيمىگەن كىشى ، ۋەتىنىنىمۇ سۆيەلمەيدۇ» دېگەن ماقال بار . خەلق نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەپ قارايدۇ ؟

ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# شۇنداق ۋەتەننىڭ ئوغلى ئىدىم مەن

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا[①]

كېتىپتىمەن ،
تۇزكور بولۇپ بەخت تاپقىلى ،
كاج زامانىنىڭ پەيلىدىن رەنجىپ ،
بىلەلمەستىن ماكان قەدرىنى .
سەرگەردانلىقتا تارتتىما ئەجەب
ئون ئۈمۈرگە يېتىپ ئاشقۇدەك ،
ئانا ۋەتەننىڭ ھىجران دەردىنى .
«ۋەتەن !» دېگەننىڭ ئاغزىغا باقتىم ،
قايتماققا قۇشتەك تەلپۈنۈپ باقتىم ،
لېكىن قايتالماي قالدىم پىغاندا .
ھەركۈنى نەچچە
لەيلىدىم ،
چۆكتۈم ،
كۆزلىرىمدىن ئاققان قىياندا .

① ئابدۇرېھىم ئابدۇللا — 1955 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . شائىر ۋە يازغۇچى . «بويناق» ، «داۋانلىق يوللار» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان . «كەچۈر ئانا» ناملىق ھېكايىسى VCD فىلىمى قىلىپ ئىشلەنگەن .

هەر ئاخشىمى قارايمەن ، ۋەتەن ،
كىچىككىنە ئۆگزىدە يېتىپ ،
كۆز قىسىشىپ كۈلۈپ بېقىشقان
ماڭا سىرداش يۇلتۇزلىرىڭغا .
خىيال بىلەن ۋىسال قۇچىمەن ،
يۇلتۇز بولۇپ ساقىپ چۈشىمەن ،
ناخشا بىلەن كۈلكە توختىماس ،
گۈلىستاندەك ئېتىزلىرىڭغا .

ئەجەب سېغىنىدىم ،
كىندىكىمنىڭ قېنى سىڭگەن ،
چىلان رەڭلىك ئېپار توپاڭنى .
ئەجەب سېغىنىدىم !
مەرتىشىپ ،
مۆرتىشىپ ،
ھىجران بىلەن ، قايتقان پاداڭنى .
ئىسىت !
قولياغلىقىمدا سۈرتۈپتىكەنمەن ،
چاڭ توزۇتۇپ قايتقاندا پاداڭ ،
يۈزلىرىمگە قونغان ئۇپاڭنى .

توپا دېگەن ئالتۇن قوزۇقكەن ،
توپا دېگەن تالقان ـ ئوزۇقكەن ،
ئەمدى بىلدىم ،
توپا ئىكەن مېنى بار ئەتكەن .
ئەمدى بىلدىم ،
توپا ئىكەن مېنى ئۆگەيلەپ ،
مېنى بۇندا شۇنچە خار ئەتكەن .

زارمەن ،
گادايمەن ،
لېكىن پۇلۇم جىق ،
مەن ئۇچۇن قەدرى خۇددى غازاڭدەك .
كەچۈر ، ۋەتىنىم ،
ساڭا بىر قايتسام ،
بىر ئۆمىلىسەم ،
تاغۇ ۋاداڭدا ،
تالقان توپاڭدا
باغرىمنى يېقىپ ئىمجان سازاڭدەك .

شۆھرىتىڭنى ھەر ئاڭلىغاندا ،
سۆيۈنۈپ ،
سىغىنىپ...
يىغلىۋالدىم پىنھان ـ دالدىدا ،
چېھرىم گويا كۈندەك نۇرلىنىپ ،
شانىڭ بىلەن شىردەك روھلىنىپ ،
شۇنداق ۋەتەننىڭ ئوغلى ئىدىم ، دەپ
ئىپتىخار قىلدىم ياتلار ئالدىدا .

*بۇ چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر مۇھا-جىرنىڭ تىلىدىن يېزىلغان چاچما شېئىر .*

*شېئىردا ۋەتەننى سېغىنىش ، ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى ناھايىتى قويۇق ئىپادىلەنگەن . كونكرېت ئوبرازلار ، جان-لىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىيات يارقىن-لىققا ئىگە قىلىنغان .*

# تەپسىلىي يېزىش ۋە ئىخچام يېزىش

ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بولىدۇ. ئەسەر-نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى روشەن، گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، يازماقچى بولغان ماتېرىيالنىڭ مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەسلىرى-نى ئېنىق ئايرىپ، مەركىزىي ئىدىيىنى بەكرەك ئىپادىلەپ بېرەلەيدى-غانلىرىنى تاللاش ۋە تەپسىلىي يېزىش كېرەك. مەسىلەن، «مۆمىن-نىڭ مومىغا چىقىشى» ناملىق ئەسەردە مۆمىننىڭ ئىش - ئىزلىرى تەپسىلىي يېزىلغان. مۆمىننىڭ دادىسىنىڭ ۋە «تاغ لاچىنى» نىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي يېزىلمىغان، بۇنداق يېزىشتا مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇش مەقسەت قىلىنغان.

تەپسىلىي يېزىشقا تېگىشلىكنى تەپسىلىي يېزىش، ئىخچام يېزىشقا تېگىشلىكنى قىسقارتىش، تەپسىلىي جايلىرى بىلەن قىسقارتىلغانلى-رى ئۆزئارا ماسلاشقان بولۇش كېرەك. شۇندىلا مەركىزىي ئىدىيىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

1. «شەنبە، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشتا» ماۋزۇلۇق بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ. تەپسىلىي يېزىشقا تېگىشلىك جاي-لىرىنى تەپسىلىي يېزىشقا، قىسقا يېزىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىسقا يېزىشقا دىققەت قىلىڭ.

2. ياز پەسلىدە قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، چېكەتكە، تومۇزغى-لارنىڭ چىرىلداشلىرى بىرىكىپ كۆچلۈك سىمفونىيە ھاسىل قىلسا، تاۋۇز، قوغۇن، ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئۆرۈك، نەشپۈتلەر كىشىلەرگە

ئىسىل نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ؛ قىز ـ يىگىتلەر چىرايلىق كىيىملەر ـ نى كىيىشىدۇ؛ كىشىلەر بەس ـ بەستە سىۇ ئۇزۇشىدۇ، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشىدۇ، كېچىلىرى گۇلخان يېقىپ تاماشا قىلىد ـ شىدۇ . . . . يازنىڭ ئەتىگىنى سالقىن، كەچلىكى كۆكۈللۈك. شۇڭا ياز پەسلىدە يېزىشقا تېگىشلىك ئادەم، ۋەقە، مەنزىرە، نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. «مەن يازغا ئامراق» ماۋزۇلۇق بىر پارچە بايان خاراكتېرلىق ئەسەر يېزىڭ. تەپسىلىي بولۇشقا تېگىشلىك جايلىرىنى تەپسىلىي يېزىشقا، قىسقارتىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىسقارتىشقا دىققەت قىلىڭ.

3. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق مەشقى: ئۆزىڭىزنىڭ تۇر ـ مۇش، ئۆگىنىش، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر ياكى ئىشلارغا بولغان تەسىراتىڭىزنى يېزىڭ. بىرەر پارچە قىلىپ يازسىڭىزمۇ، بىر پۈتۈن ئەسەر قىلىپ يازسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## ئەسەر تۈزىتىش

يېزىقچىلىقتا دەسلەپ كىرىشكەندە، تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلى ـ تىشتە، پەشنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋالىدىغان، ھەتتا باشتىن ـ ئاخىر پەشلا ئىشلىتىدىغان كەمچىلىك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەسەرنى تۈزىتىش جەريانىدا، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم پەشلەرنى چېكىتكە ئۆزگەرتىش كېرەك. چېكىت بىر جۈملىنىڭ ئاخىرلاشقانلى ـ قىنى بىلدۈرىدۇ. بىر ئوي ـ پىكىر تولۇق ئاخىرلىشىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم چېكىت قويۇلىدۇ. ئەگەر بىرنەچچە قاتلام ئوي ـ پىكىردىن كېيىن ئاران بىر چېكىت قويۇلسا، جۈملە بەك ئۇزىراپ كېتىپ، قاتلاملىرى ئېنىق بولماي قالىدۇ. تۆۋەندىكى پارچىدا بىر ـ نەچچە جايدىكى پەشنى چېكىت (ياكى ئۈندەش) كە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، بەزى پەشلەر جايىغا چۈشمىگەن. سىز ئۇلارنى بىرمۇبىر تېپىپ ئۆزگەرتەلەمسىز ھەمدە ئۆزگەرتىش سەۋەبىنى دەپ بېرەلەم ـ سىز؟

سىنىپ باشلىقىمىز مەردان ئۆگىنىشتە تىرىشچان ، ئىش بىجىرىشتە ئاكتىپ ، ھەممە ئىشنى بىجانىدىل ئورۇندايدۇ ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ، سىنىپىتىكى ساۋاقداشلار ، ئىتتىپاقلىشىپ ، ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىدى ، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر جانلىنىپ ، ھەممە جەھەتتە تەڭ ئالغا باستى ، ئالدىنقى مەۋسۇمدا ، بىزنىڭ سىنىپىمىز يەنە بىر قېتىم « مەكتەپ بويىچە ئىلغار سىنىپ كوللىكتىپى بولۇپ باھالاندى ، بىز بۇنداق ياخشى سىنىپ باشلىقىغا ، ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولماي تۇرالمايمىز .

ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

# ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە بازىسىنى زىيارەت قىلىش

ۋەتەنپەرۋەرلىك نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە نىسبەتەن تۇراقلىشىپ كەتكەن چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. قەدىمدىن تا ھازىرغىچە تالاي باتۇر ئەزىمەتلەر، مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلار ۋەتەن ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى تۆكتى. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە بىر سەلبىي بالىنىڭ قەلبىدە يېلىنجىغان قارشىلىق يالقۇنى، ئانا تىلىدا سۆزلەش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان فرانسىيە خەلقىنىڭ باسقۇنچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ئانا ۋەتىنىگە قايتىش ئارزۇسىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن ئۇلۇغ ئالىمنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ! ئۆزۈڭلار تۇرۇشلۇق جايىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە بازىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن مول بىلىمگە ئىگە بولۇڭلار.

## زىيارەتتىن بۇرۇنقى تەييارلىق

1. گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىپ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە بازىسىنى زىيارەت قىلىش پىلانى»نى تۈزۈڭلار ھەمدە ۋاقتى، ئورنى ۋە مەزمۇنى قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

2. مەكتەپ ياكى بىرەر ئىدارىنىڭ مەسئۇلىنى زىيارەت قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە بازىسىنىڭ تۈرلىرى، مەسىلەن،

ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەلىم ـ تەربىيە بازىسى، دۆلەت مۇداپىئەسى تەلىم ـ تەربىيە بازىسى، دۆلەت ئار ـ نومۇسى تەلىم ـ تەربىيە بازىسى، مەدەنىيەت پېشۋالىرى تەلىم ـ تەربىيە بازىسى، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەلىم ـ تەربىيە بازىسى، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ياراملىق قىلىش تەلىم ـ تەربىيە بازىسى قاتارلىقلارنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە شۇ جايدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم ـ تەربىيە بازىلىرىنىڭ ئاتىلىشى، ئادرېسى، ئالاقىلەشكۈچىسى ياكى ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىنى بىلىۋېلىڭلار.

3. تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئائىت ماتېرىياللار، مەسىلەن، تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى، تارىخنىڭ باھاسى، مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ تارىخى ۋە يەر شارائىتى قاتارلىقلارنى بىلىۋېلىڭلار. خاتىرىلىنىدىغان شەخسلەر ھەققىدىكى ئەسەرلەر بولسا، بىر قىسمىنى ئوقۇپ كۆرسەڭلارمۇ بولىدۇ.

## پائالىيەت جەريانى

1. دوكلات ئاڭلاش ياكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇش.

2. بازىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسلىھەلەر، خاتىرە بۇيۇملار ۋە رەسىملەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ھەمدە تەپسىلىي كۆزىتىش؛ مۇھىم يازما ماتېرىياللارنى ئوقۇپ چىقىش ياكى كۆچۈرۈۋېلىش.

3. بازىدىكى خاتىرىلىنىدىغان شەخس ياكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى زىيارەت قىلىش. زىيارەت داۋامىدا خاتىرە بۇيۇم، رەسىم، يازما ماتېرىيال ۋە رىۋايەت خاراكتېرلىك ماتېرىياللارنى توپلاشقا دىققەت قىلىش.

4. پائالىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىغا دىققەت قىلىش.

## زىيارەتتىن قىسقىچە خۇلاسە

1. ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت داۋامىدا خاتىرىلىۋالغانلىرىڭلارنى رەتلەپ، ئۆزۈڭلارغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان جايلىرىنى يېزىڭلار.

2 . سىنىپنى بىرلىك قىلىپ ، «××× نى ئەسلەيمەن» دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئېچىڭلار ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم ـ تەربىيە بازىسىدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەڭلار . ئاغزاكى بايان قىلىشقىمۇ ، رەسىملەر ئارقىلىق دوكلات قىلىشقىمۇ بولىدۇ . ئەڭ ياخشىسى مۇئەللىملىرىڭلارنى ، باشقا سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ۋە ئائىلەڭلاردىكىلەرنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىڭلار .

3 . بۇ قېتىملىق دوكلات يىغىنىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى خەۋەر قىلىپ يېزىپ ، مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىدا خەۋەر قىلىشقا سۇنۇڭلار .




ئوقۇش ۋە پايدىلىنىش

ئەسەرلەردىن تاللانما

# بىزنىڭ تارىخي يېزىقلىرىمىز

ئارسلان ئابدۇللا[①]

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ۋە مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە مىللەت . ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن يېزىقلارنى قوللانغان . بۇ يېزىقلار ھەرخىل تىپقا ، ھەرخىل سىستېمىلارغا مەنسۇپ ، بۇ يېزىقلار ھەرخىل دىنىي ئېتىقاد ، ئىجتىمائىي بىرلىك سەۋەبىدىن ، قوللىنىلـ غان . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ھەربىر خىل يېزىقنىڭ كەينىدە ئۆزىگە خاس سىياسىي ، ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بار . ئەجدادلىرىمىز مانا مۇشۇ ھەرخىل يېزىقلار ئارقىلىق ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ۋە دىنىي مۇھىتتىكى ئەسەرلەرنى ، جۈملىدىن ئەدەبىـ يات ، دىن ، تارىخ ، ئىقتىساد ، تېبابەتچىلىك ، ئىلمىي نۇجۇم ، تىلشۇـ ناسلىق ۋە باشقا ساھەلەردىكى يازما يادىكارلىقلارنى خاتىرىلىگەن .

---

① ئارسلان ئابدۇللا — 1955 ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسو- رى . ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى . «قۇتادغۇبىلىك ، ئىستىلىستىكىسى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان .

ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان، ئەجدادلىرىمىز قوللانغان يېزىقلاردىن قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھمى يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، كونا تىبەت يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى. سلاۋيان يېزىقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق 30 غا يېقىن يېزىق بار.

بۇ يېزىقلار ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك، كەڭ قوللىنىلغانلىرى قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت.

## 1. قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى

قەدىمكى تۈرك يېزىقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى خەلقلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ھەم 6 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە قوللانغان ئېلىپبەلىك يېزىق. بۇ يېزىقتىكى بەلگىلەر تىك، قىيپاش، يايسىمان سىزىقچىلارنىڭ ھەرخىل شەكىلدە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ ئۇنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە باشقا خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تامغىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى قىياس قىلىنىدۇ. بۇ يېزىق تۈركىي قەۋملەر تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن قەدىمكى تۈرك يېزىقى دېگەن نام بىلەن؛ بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار — مەڭگۈ تاشلار موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋە سىبىرىيىدىكى يېنسەي (ئاناساي) دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغاچقا ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى دېگەن نام بىلەن؛ كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغانلىقى سەۋەبلىك كۆكتۈرك يېزىقى ياكى ئورخۇن يېزىقى دېگەن نام بىلەن؛ شەكىل جەھەتتىن قەدىمكى گېرمانلار قوللانغان رۇنىك يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بىز ئادەتتە قەدىمكى تۈرك يېزىقى دەپ ئىستېمال قىلىشنى توغرا تاپىمىز.

قەدىمكى تۈرك يېزىقى خاراكتېرى جەھەتتىن قارىغاندا تاۋۇشلۇق يېزىق . يەنى ئۇنىڭدىكى بەلگىلەر (ھەرپلەر ) تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلاتتى . ئورخۇن يېزىقىدا 40 بەلگە بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە تۆت ھەرپ سوزۇق تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . قالغان ھەرپلەر ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . بەزى ھەرپلەر ئىككى خىل شەكىلگە ، بەزى ھەرپلەر ئۈچ خىل شەكىلگە ، بەزى ھەرپلەر بەش - ئالتە خىل شەكىلگە ئىگە . بۇ يېزىق قوشۇپ يېزىلمايدۇ . ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ . سۆزلەر يېزىلغاندا ، ئايرىم ئورۇنلاردا سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى يېزىلسا ، كۆپىنچە ئورۇنلاردا يېزىلمايدۇ . شۇڭا ، بۇ يېزىقتا ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . سۆز بىلەن سۆز ، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەر قوش چېكىت ( : ) ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ .



بۇ يېزىق ۋە بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار تاكى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىلىم دۇنياسىغا سىر پېتى تۇرغانىدى . بۇ يېزىقتا يېزىلغان يادىكارلىقلار تاشقا ئويۇپ يېزىلغان تەزكىرىلەردىن ئىبارەت . بۇ تاشلار ئابىدە دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىلىم دۇنياسى تەزكىرىلەر پۈتۈلگەن بۇ خاتىرە تاشلارنى «مەڭگۈ تاش» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشلار 1692 ـ يىلى گوللاندىيىلىك ن. ۋىتتسىن، 1696 ـ يىلى روسىيىلىك سېمىت رىمىزوف، 1730 ـ يىلى شىۋىتسىيىلىك ستىرالېنبېرگ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. بىراق شۇنىڭدىن يەنە 100 يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ «مەڭگۈ تاشلار»دىن ئىبارەت بۇ خاتىرە تاشلاردىكى يېزىقلار سىر پېتى تۇرۇۋەرگەن. 1884 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم ئاسپېلىن مەڭگۈ تاش يېزىقىدىكى بارلىق ھەرپ بەلگىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بۇ يېزىقنىڭ تەخمىنەن 38 ـ 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقانلىقى، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. بىراق ھەرپلەرنىڭ ئاۋۇش قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغان. ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1893 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ سىر دانىيىلىك ئالىم ۋ. تومسېن تەرىپىدىن يېشىلدى.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلار ئىچىدە «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ئابىدىلەرگە كۆكتۈرك خانلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى پۈتۈلگەن. «ئۇيغۇر قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» («مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ئابىدىلەرگە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تەزكىرىسى پۈتۈلگەن.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى[1] يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئېلىپبەلىك يېزىق. ئىلىم ساھەسى ئۇنى بىردەك «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «回鹘文字»

---

① سوغدىلار قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان بىر قوۋم. ئۇلار مەدەنىيەتلىك ۋە سودىغا ماھىر بولغاچقا، يىپەك يولىدا مۇھىم رول ئوينىغان. مەدەنىيەت جەھەتتە سوغدىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىپ ئۆزىگە خاس يېزىق ئىشلىگەن.

دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىق 8 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قوۋملار تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلغان.



مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى جەھەتتە قەھەتچىلىك ئاپىتى، تاشقى جەھەتتە قىرغىز قوۋملىرىنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يىمىرىلىپ، ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئورخۇن ۋادىسىنى ۋە ئۆتۈكەن تاغلىرىنى تاشلاپ غەربكە كۆچكەن. بىرىنچى تۈركۈم ئۇيغۇرلار بوغدا تېغى ئەتراپىدىكى زېمىنلارغا كېلىپ، شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان؛[1] ئىككىنچى تۈركۈم ئۇيغۇرلار كۆكئارت (پامىر) تاغلىرى ئەتراپىغا كېلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان؛ يەنە بىر تۈركۈمى بولسا خېشى كارىدورىغا كېلىپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇر يېزىقىنى داۋاملىق ئىشلەتكەن. مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق

① بۇ خانلىقنىڭ نامى كىتاب ـ ژۇرناللاردا «قوچۇ خانلىقى»، «قوچۇ دۆلىتى»، «ئىدىقۇت خانلىقى»، «ئىدىقۇت دۆلىتى»، «ئۇيغۇر دۆلىتى»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى»، «ئۇيغۇر ئېلى»، «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ھەرخىل ئېلىنماقتا.

يازىدۇ: «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ بارلىق خەت ـ ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن». مەھمۇد قەشقەرى بۇ يېزىقنى «تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتىغان. چىڭگىزخان دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا نىيەت باغلىغاندا بۇ يېزىقنى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ يېزىقى قىلىپ قوبۇل قىلغان ھەمدە «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىغان. 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ يېزىقنى مانجۇلار موڭغۇللار ئارقىلىق قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك شىۋەلەر قوبۇل قىلىپ ھازىرقى شىۋە يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى ئۇزاق قوللىنىلغان. ھەتتا 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ۋولگا دەريا ۋادىسىدىكى ئالتۇن ئورداخانلىقى[1]دا ئالاقىلەردە كەڭ قوللىنىلغان. قىسقىسى، بۇ يېزىق 700 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلغان. سەككىز سوزۇق تاۋۇشقا، ئۈچ ھەرپ ئىككىدىن ئالتە ئۈزۈك تاۋۇشقا، قالغان 14 ھەرپ بىردىن 14 تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلىدۇ. جۈملە ئاخىرىغا قوش چېكىت ( : ) قويۇلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلاردىن «ئالتۇن يارۇق»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئوغۇزنامە»، «قىسسە سۇل ئەنبىيا»، «سامىتۇ ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالى» («شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»)، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

## 3. خاقانىيە يېزىقى (ئەرەب يېزىقى)

قاراخانىيلار خانلىقى[2]نىڭ مەشھۇر خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ باشچىلىقىدا 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ خانلىق تېررىتورىـ

① ئالتۇن ئوردا خانلىقى — قىپچاق خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

② قاراخانىيلار خانلىقى — 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇرۇلۇپ، 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مۇنقەرز بولغان. بۇ خانلىقنىڭ نامى خاقانىيە دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق دەۋر.

يىسىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان . شۇنىڭدىن كېيىن دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن ئەرەب يېزىقى بارا - بارا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتىلىپ ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەيدىغان ئاساسىي يېزىققا ئايلانغان . شۇ سەۋەبتىن بۇ يېزىق «خاقانىيە يېزىقى» دەپ ئاتالغان . بەزىلەر «ئەرەب يېزىقى» دەپمۇ ئاتايدۇ .




خاقانىيە يېزىقى — ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ھېچقانچە ئىسلاھ قىلىنمىغان ھالدا قوبۇل قىلىنغان يېزىق . بۇ يېزىقتا ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28 ھەرپ ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «پ» ، «چ» ، «گ» ، «ژ» ھەرپلىرىنى پارس ئېلىپبەسىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن . ئىملا جەھەتتە ئەرەب ، پارس يېزىقلىرىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئەمەل قىلغان . سوزۇق تاۋۇشلار ياردەمچى بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن . بۇ يېزىق 10 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە قەشقەرنى مەركەز قىلغان كەڭ قاراخانىيلار تېررىتورىيەسىدە قوللىنىلغان . ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇش ۋاستىسى قىلىنغان . 11 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بۈيۈك ئەسەرلەردىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇ بىلىك» ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىقلار مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان .

## 4 . چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى

«چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغان بۇ يېزىقنىڭ ئاساسى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقى. خاقانىيە يېزىقى بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن خاقانىيە يېزىقى ئۈستىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلار يۈرگۈزۈلۈپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلغان چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، بۇ يېزىق قوللىنىلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلىقى، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، بولۇپمۇ، بۇ يېزىقتا مەيدانغا كەلگەن زور ھەجىمدىكى كاتتا، نادىر يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن باشقا ھەرقانداق يېزىقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ.



بۇ يېزىق 13 ـ ئەسىردىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى بولغان. بۇ يېزىق چاغاتاي خانلىقى[①] دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن يېزىق بولغاچقا، بۇ يېزىقنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئۇنى «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىغان.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە، يەنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە

① چاغاتاي خانلىقى — مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە چىڭگىزخان ناھايىتى كەڭ زېمىنلارنى بويسۇندۇرغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆز تەۋەلىكىدىكى زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ، ماۋەرائۇننەھىر ۋە پۈتۈن شىنجاڭنى باشقۇرۇشقا بۆلۈپ بەرگەن. چاغاتاي خانلىقى چاغاتاي بەرپا قىلغان ھاكىمىيەتنى كۆرسىتىدۇ. چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرى كېيىن تەخت تالىشىش ماجىراسىغا پېتىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن چاغاتاي خانلىقى بىرنەچچە ھاكىمىيەتكە پارچىلىنىپ كەتكەن.

ئامۇ دەرياسىغىچە ، شىمالدا ئىلىدىن جەنۇبتا ھىندىستاننىڭ پايتەختى دېھلىنىڭ شىمالىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە قوللىنىلغان ھاكى- مىيەت يېزىقى ئىدى .

بۇ يېزىق بىلەن سەككاكى ، لۇتفى ، نەۋائى ، خاراباتى ، زەلىلى ، ئەرشى ، گومنام ، نىزارى ، موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ ، موللا مۇسا سايرامى ، تەجەللى ، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق ئالىم - ئۆلىمالار ۋە ئەدىب - سەنئەتكارلار مىڭلىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان . ئەرەب ، پارس تىللىرى ۋە باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ھەرخىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ .

چاغاتاي يېزىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ خىلمۇ خىل ھۆسنى- خەت نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن ، خەتتاتلىق يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان . چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلىرى بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولالايدۇ .

## 5 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى چاغاتاي يېزىقىنىڭ بىۋاسىتە راۋا- جى ، يېڭى دەۋردىكى شەكلى ھېسابلىنىدۇ . 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ۋە 30 - يىللىرىغا كەلگەندە دۇنيادا زور سىياسىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي ھادىسىلەر بارلىققا كەلدى . بۇ ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ زىلزىلىسى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە بېكىنمىچىلىك ، خۇراپاتلىق ۋە قالاقلىقنىڭ قوچىقىدا ئۇخلاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى ئاز - تولا سە- گىتتى ، مىللىي ئويغىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ ، زامانغا لايىقلى- شىش سادالىرى بارلىققا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئېھتىياجى مىلىتارىست شېڭ شىسەينى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پەن - مەدەنىيەتكە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى . 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا تەسىس قىلىن- غان «ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا

يېپ ـ يېڭى مەزمۇن قوشتى . جۇملىدىن زىيالىيلارمۇ ئۇيغۇر يېزىقى-
نى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە جىددىي ئويلىنىپ 1937 ـ يىلى يېڭى
ئېلىپبە ۋە ئىملا قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى .

چۈنكى ، چاغاتاي يېزىقىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار
ئۈچۈن ھەرپ بەلگىلەنمىگەن بولغاچقا بۇ يېزىق ئىلمىي ئىزغا سېلىشقا
موھتاج ئىدى . 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ چىقىرىلغان «شىنجاڭ
گېزىتى» مانا مۇشۇ يېڭى ئىملادا نەشر قىلىنغان . «ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى» نىڭ غەلىبىسى بىلەن بۇ يېڭى ئېلىپبە يەنە بىر قەدەم
ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىنغان .

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن
يەنى 1954 ـ يىلىغا كەلگەندە ، بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان ئېلىپبەنىڭ
ئاساسى تۇرغۇزۇلۇپ تاكى 1984 ـ يىلىغىچە شۇ پېتى قوللىنىلدى .
1984 ـ يىلى تۆت لەۋلەشكەن تاۋۇش ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم تۆت
ھەرپ بېكىتىلىپ ، ئۇيغۇر كونا يېزىقى 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان ،
تىلىمىزدىكى ھەربىر تاۋۇش ئۈچۈن بىردىن ھەرپ بەلگىلەنگەن ئىل-
مىي بىر ئېلىپبە مەيدانغا كەلدى .

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

### 1 . ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى بىر نەچچە قېتىملىق يېزىق ئىسلاھاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى يېزىق ئىسلاھاتى 20 ـ
يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى[①] ئارىسىدا باشلاندى . يېقىندىن بار-
لىققا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا ھەرقايسى مىللەتلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك يېزىق
ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار دەسلەپتە
لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى لايىھەلەپ ئوتتۇرىغا

① ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەتتى . سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغان بولدى .

چىقاردى ۋە بۇ يېزىق بىلەن بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللارنى نەشر قىلدى . لېكىن ستالىن رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چېكىدىن ئاشقان «بۈيۈك بىردەكلىك» يېزىق جەھەتتىمۇ ئىپادىسىنى تاپتى . نەتىجىدە ئۇيغۇرلار لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى تاشلاپ سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇلار بۇ يېزىقنى تا بۈگۈنگىچە قوللىنىپ كەلمەكتە .

جۇڭگو 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە «ئالتۇن دەۋر» نى باشتىن كۆچۈرگەن . ستالىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەتتا موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدە يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت زور سىياسىي ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن جۇڭگوغا كۆز تىكتى . ستالىن ھۆكۈمىتى رۇس تىلشۇناسلىرىنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ خەنزۇ تىلى پىنيىنىنى سلاۋيانلاشتۇرۇش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى . خەنزۇ تىلشۇناسلار ئىلمىي مەقسەتتىن كۆرە سىياسىي غەرەز يوشۇرۇنغان بۇ ئويۇننىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتكەچكە سىلىق سۆزلەر بىلەن بۇ لايىھىنى رەت قىلدى . لېكىن بۇ لايىھە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەندە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ «جىنايى پاكىتلىرى» نى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ سلاۋيان ئېلىپبەسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئىلغارلىقىنى مەدھىيىلەپ يېپ ـ يېڭى بىر لايىھىنى ئىشلەپ چىقتى . بۇ لايىھە 1956 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى . شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل ۋە شىۋە قاتارلىق بەش مىللەتنىڭ يېزىقىنى سلاۋيانلاشتۇرۇش ھەققىدىكى بۇ لايىھە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلماي تۇرۇپلا جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بۇ ئېلىپبە تاشلىنىپ قالدى . بۇ ۋاقىتتا جۇ ئىنلەي زۇڭلى «يېزىق ئۆزگەرتىشتىكى بەش پرىنسىپ» نى ئېلان قىلدى . بۇ پرىنسىپلار بويىچە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئىجاد قىلماقچى ياكى يېزىق ئۆزگەرتمەكچى بولسا خەنزۇ تىلى پىنيىن لايىھىسى

(لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ) ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلدى . شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ۋە شىۋەلەر يېزىق ئۆزگەرتىمەسلىك يولىنى تاللىدى . ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىزلار بولسا خەنزۇ تىلى پىنيىن لايىھىسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنىڭ لايىھىسىنى ئىشلەشكە كىرىشتى . شۇنداق قىلىپ ئالدىراپ - تېنەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ، ئىلمىي بولمىغان بۇ ئېلىپبە 1960 - يىلى يورۇقلۇققا چىقتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1965 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىدى .

بۇ يېزىق ئۆزىدىكى تىلشۇناسلىق ئىلمىگە زىت بەزى نۇقسانلىرى (مەسىلەن ، ئۇيغۇر تىلىدا يوق تاۋۇشلار ئۈچۈن كىرمە سۆزلەرنى يېزىشتا قوللىنىلىدىغان C ، V ، Zh ، ch ، sh قاتارلىق ھەرپلەر ) ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ھۆرمەتلەشنىڭ تەشەببۇس قىلىنىشى بىلەن 1982 - يىلى ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلدى . 17 يىل قوللىنىلغان ، نىسبەتەن ئىلغار ھېسابلانغان لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كىشىلەر «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى» دەپ ئاتاشقان . 1930 - يىللاردىن باشلاپ ئىسلاھ قىلىنىپ مۇكەممەللەشكەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنى بولسا يېڭى يېزىقتىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن بىر مەزگىل «ئۇيغۇر كونا يېزىقى» دەپ ئاتاشقان .

بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر مىللەتنىڭ مۇنداق كۆپ قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىشى ، دۇنيا يېزىق تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ .

(بۇ ماتېرىيال شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى ئابدۇرېھىم راخماننىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 40 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى . )

## 2 . موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىشى

موڭغۇللار جۇڭگونىڭ شىمالى ، موڭغۇل يايلاقلىرىدا شەكىللەن-

گەن مىللەت . ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 618 ـ 907 ـ يىللار ) دە موغۇل شىرۋېي دېگەن نام بىلەن رەسمىي سىياسىي سەھنىگە چىققان . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار موڭغۇل يايلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن دەۋران سۈرگەن ھاكىمىيەتلەردىن تۈرك خانلىقى (مىلادىيە 552 ـ 744 ـ يىللار ) ، ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 744 ـ 840 ـ يىللار ) ۋە قىتان خانلىقلىرىغا تەۋە بولۇپ ، بىر زامانلارنى ئۆتكۈزگەن . ئومۇمەن مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە موڭغۇل قەبىلىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باسقۇچىدا تۇرغان . 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تېمۇچىن دېگەن بىر ئەزىمەت دۇنياغا كېلىپ ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە كىرىشكەن ، 1206 ـ يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ ، تېموچىن «چىڭگىزخان» (ئالەمنىڭ خانى ، دېڭىزدەك خان دېگەن مەنىدە ) نامىدا ئاتىلىپ ، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان . شۇنىڭ بىلەن شەرقتە ھىنگان تاغلىرى ، غەربتە ئالتاي تاغلىرى ، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ، جەنۇبتا غوبى چۆللۈكى قاتارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسى شەكىللىنىشكە باشلىغان . ئەمما ، موڭغۇل قەبىلىلىرى شۇ كەمگىچە يېزىق ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويمىغان .

موڭغۇللار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم يېزىق ئىشلەتكەن . بۇ يېزىق دەل «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» ئىدى . «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىسى . جۇڭگو تارىخى» تومىدا مۇنداق يېزىلغان : «ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئىشلەتكەن . ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دائىم باشقا مىللەت ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن . مەسىلەن ، تاتاتۇڭا ( 塔塔统阿 ) نايمان خانى تاياڭخان (كۈنخان ) تەرىپىدىن ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىنىپ ، ئاقچا ۋە ئاشلىق كىرىم ـ چىقىم قىلغاندا مۆھۈرنى باسقان . كېيىن چىڭگىزخاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن شاھزادىلەرنى تەربىيىلەش ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان . »

موڭغۇللارغا يېزىقنى ئەنە شۇ مەشھۇر سىياسىئون ، تىلشۇناس

تاتاتۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ بەرگەن. سوڭلىيەن (1310 ـ 1381) تەرىپىدىن يېزىلغان «يۈەنىنامە، تاتاتۇڭا تەزكىرىسى»دە بۇ ۋەقە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن: مىلادىيە 1204 ـ يىلى چىڭگىزخان ئالتاي ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان نايمانلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن نايمان خانى تاياڭخاننىڭ ئوردىسىدا مۆھۇردارلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىن بولغان تاتاتۇڭانى تۇتۇۋالغان. تاتاتۇڭا زېرەك، سۆزمەن ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزىقىغا ئۇستا بولغاچقا، نايمان خانى ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتۇن تامغا تۇتۇش، پۇل، ئاشلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. چىڭگىزخان نايماننى مۇنقەرز قىلغاندا، تاتاتۇڭا تامغىنى ئېلىپ قاچقان. ئۇ تۇتۇۋېلىنغاندا، چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن: «تاياڭخاننىڭ پۇقرالىرى ھەم زېمىنى پۈتۈنلەي ماڭا مەنسۇپ بولدى. تامغىنى ئېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ» دەپ سورىغان. تاتاتۇڭا: «تاياڭخاننى تېپىپ بۇنى ئۆزىگە قايتۇرماقچىمەن، باشقا غەرىزىم يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. چىڭگىزخان: «دىيانەتلىك، ۋاپادار ئادەم ئىكەنسەن» دېگەن. ئاندىن «تامغىنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇ: «پۇل ۋە ئاشلىقنى چىقىم قىلغاندا، كىشىلەرنى خىزمەتكە تەيىنلىگەندە ھەم باشقا ھەممە ئىشتا ئىناۋەت بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ دىتىغا يېقىپ قالغان ھەم ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللاردا پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا ئىشلىتىش باشلانغان. چىڭگىزخان تامغىنى يەنىلا تاتاتۇڭاغا تۇتقۇزغان. چىڭگىزخان يەنە پەرمان چىقىرىپ تاتاتۇڭانى شاھزادە ـ ۋاڭلارغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشكە، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىنى يېزىشقا بۇيرۇغان.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ موڭغۇللار «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»نى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. تاتاتۇڭا دۇنيا يېزىق تارىخىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ نامى ۋە تۆھپىسى كىتاب ـ ناملەردە تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىنغان.

(بۇ ماتېرىيال شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى غەي-

رەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى )

## ئويلىنىش . گۇمانلىنىش

1 . ئارسلان ئابدۇللانىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن ماقالىسىدە ئەجدادلىرىمىز ئۆز تارىخىدا قوللانغان مۇھىم يېزىقلار تونۇشتۇرۇلغان . تېكىستنى تەكرار ئوقۇپ ، تونۇشتۇرۇلغان بەش خىل ئاساسىي يېزىقنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ . سىز بۇ يېزىقلار ئىچىدە قايسى يېزىقنىڭ شەكلىنى ياقتۇرۇپ قالدىڭىز ؟

2 . «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن ماقالىدا ئاپتور مەڭگۈ تاشلار توغرىسىدا يېزىپ كېلىپ «ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، 1893 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ سىرنى دانىيىلىك ئالىم ۋ . تومسېن تەرپىدىن يېشىلدى» دەپ ئاي ، كۈنلىرىگىچە ئېنىق يازغان . بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق ئالاھىدە تەرىپى بار ؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىنچىكە يازىدۇ ؟

3 . يېزىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت گۆھىرى دەپ قارىلىدۇ . چۈنكى يېزىق مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر روشەن بەلگىسى ، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر مۇھىم ۋاسىتە . سىز بىر قىسىم ۋىۋىسكا ـ ئېلانلاردىكى ئۆلچەمسىز ، چۇكىنىدەم يېزىلغان ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز ؟

4 . بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغان ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە چىققان ئۇيغۇرلار شۇ جايلاردىكى بىرەر ئاشپۇزۇل ياكى تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىدە كەمدىن ـ كەم ئۇچراپ قالىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىنى چېلىقتۇرغاندا كۆزىگە ئوتتەك كۆرۈنۈپ ، گويا يۇرتىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندەك ، بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىغا ئۇچراپ قالغاندەك تۇيغۇغا چۆمىدىكەن . ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز ئىللىق سېزىم قاپلايدىكەن . سىزنىڭچە شۇنداق بولۇشى مۇم-

كىنىمۇ ؟

5 . «موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىشى» نى ئوقۇدىڭىز ، سىز «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» يەنى ئىسلاھ قىلىنىپ ھازىر «موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزىقنى كىنو ـ تېلېۋىزورلاردا ، كىتاب ـ ژۇرناللاردا ، ۋىۋىسكا ـ ئېلانلاردا ئۇچرىتىپ قالغان ۋاقتىڭىزدا بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى دەپ ھېسابلاپ ئىپتىخار تۇيغۇسىغا چۆمەمسىز ؟

6 . ھازىر مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن لاتىن ھەرپلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېزىلىدىغان ئەھۋاللار بار . مەسىلەن ، «WTO غا كىرىش» ، «APEC يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى» ، «VCD پلاستىنكىلىرى» ، «NBA كوماندىسى» قاتارلىقلار . سىزنىڭچە مۇشۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ يېزىش ياخشىمۇ ؟

7 . لاتىن ھەرپلىرى تەرتىپىنى ئىپادىلەشتە ۋە فورمۇلىلارنى يېزىشتا ، شۇنداقلا يەنە خىمىيە ئېلېمېنتلىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ . سىزنىڭچە بۇ ھەرپلەرنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە قانداق بولار ؟

8 . «بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر مىللەتنىڭ مۇنداق كۆپ قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىشى دۇنيا يېزىق تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ .» دېگەن جۈملىنى ئوقۇپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز ؟

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

1 . يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىڭلار . گەپنى مۇشۇ مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ماتېرىياللار ۋە مەسىلىلەردىن باشلاپ ، مۇنازىرە قىلساڭلار بولىدۇ .

2 . ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا يېزىق جەھەتتە زور مۇقىمسىزلىقنى بېشىدىن كۆچۈردى . دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك كۆپ يېزىق قوللانغان ،

دىن يەڭگۈشلىگەن مىللەت ئاز ئۇچرايدۇ. يېزىق جەھەتتىكى بۇنداق مۇقىمسىزلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن ياكى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن پايدىسىز دېگەن قاراشقا قوشۇلامسىز؟ چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ.

3. كومپيۇتېر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا، يىغىنلاردا، يىغىلىشلاردا بەزىلەر لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا كۆچۈشنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار سان - سىفىرلارنى ۋە فورمۇلىلارنى يازغاندا ھازىر قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى تەتۈر يۆنىلىش ھاسىل قىلىپ، قولايسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، كومپيۇتېردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىزمۇ زور چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ ۋەھاكازا ... دەپ ئاساس كۆرسىتىشمەكتە. يېزىق ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىغانلارمۇ بىر يۈرۈش ئاساسلىرىنى كۆرسىتىشمەكتە. سىلەرچە قانداق قىلىش كېرەك. ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئاساسلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار.





## ئۈچىنچى بۆلەك

# ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

ئىنسانىيەت تارىخىدا قانلىق ئۇرۇشلار كەينى - كەينىدىن بولۇپ تۇرغان. ئۇرۇش ھەققانىي ئۇرۇش ۋە ئادالەتسىز ئۇرۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، تارىخنى چۈشەنگىلى، ھەققانىي ئۇرۇشنىڭ سەلتەنىتى بىلەن ئادالەتسىز ئۇرۇشنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى؛ چىنلىق، ئالىيجانابلىق، گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق، رەزىللىك، خۇنۈكلۈكتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپنى؛ ئىنسانىيەتنىڭ ئىرادىسى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە جىسمانىي كۈچىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى نامايەندىسىنى كۆرۈۋالغىلى ھەمدە بۇنىڭدىن پايدىلىق ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.



# 9 . شام

سىمونوف①

ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان جەڭ مەيدانىدا، پارتلىتىۋېتىلگەن تۆمۈر - تەسەكلەر ۋە كۆيۈپ كەتكەن دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا، يۇگوسلاۋىيىلىك بىر ئانا 45 يىل قەدىرلەپ ساقلىغان تويلۇق شام سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ قەبرىسىدە يېنىپ تۇراتتى. بىز زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، ئاشۇ ئېچىنىشلىق، ئەمما ئالىيجانابلىققا تولغان كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش لاگېرىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ قان بىلەن گۆشتەك چوڭقۇر دوستلۇقىنى ھېس قىلىپ باقايلى.

1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، بېلگراد② ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن ئېلىپ بولۇنغان، پەقەت ساۋا دەرياسىدىكى بىر كۆۋرۈك بىلەن كۆۋرۈك بېشىدىكى كىچىككىنە پوتەيلا تېخىچە نېمىسلارنىڭ قولىدا ئىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگىنى بەش قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بۇ كۆۋرۈكتىن تۇيدۇرماي ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئانچە چوڭ بولمىغان چاسا شەكىللىك بىر مەيداندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مەيداندا كۆيۈپ كەتكەن بىرنەچچە تانكا ۋە برونېۋىك قېپقالغان،

① سىمونوف (1915 — 1979) — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى.
② سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ پايتەختى.

بەزىلىرى نېمىسلارنىڭ، بەزىلىرى بىزنىڭ ئىدى. پەقەت بىر تۈپ دەرەخلا يىقىلمىغان بولۇپ، ئۈستى ئالۋاستى يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندەك يوق، پەقەت ئادەم بويى كەلگۈدەك غولىلا قېپقالغانىدى.

مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، بىزنىڭ ئۇ بەش نەپەر قىزىل ئارمىيە جەڭچىمىز دۈشمەن مىناميوتىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچرىدى. گۇمبۇرلەپ ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى ئىچىدە، ئۇلار يېرىم سائەتتىن ئوشۇقراق يەر بېغىرلاپ يېتىپ قالدى. ئاخىر توپ ئوقلىرى شالاڭلاپ، يېنىك يارىلانغان ئىككىيلەن ئېغىر يارىلانغان ئىككىيلەننى سۆرەپ ئۆمىلەپ قايتىپ كەلدى. يەنە بىرەيلەن جان ئۈزگەن پېتى مەيداندا قېپقالدى.

روتا تىزىملىكىنى ئاختۇرۇپ، قۇربان بولغان بۇ جەڭچىنىڭ ئىسمىنىڭ چېخرايېف ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇ 19- چېسلا بېلگرادتىكى ساۋا دەرياسى بويىدا قۇربان بولدى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەكچى بولغانلىقى نېمىسلارنى قورقۇتۇۋەتكەنىدى. شۇڭا مەيدان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارنى مىناميوت بىلەن ھەدەپ بومباردىمان قىلدى. پۈتۈن بىر كۈندە پەقەت بىرنەچچە قېتىملا سەل توختىغاندەك قىلدى.

روتا كوماندىرى ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇ كۆۋرۈكنى ھوجۇم قىلىپ ئېلىپ بولۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. شۇڭا ئۇ، بۇنداق مەزگىلدە چېخرايېفنىڭ ئۆلۈكىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەتە كۆۋرۈكنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يەرلىككە قويايلى، دېدى.

نېمىسلارنىڭ توپ ئوقلىرى تاكى كۈن ئولتۇرغىچە ئۆكسىمىدى.

مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە، باشقا ئۆيلەردىن بىرنەچچە قەدەم بېرىسىدا تام - كېسەكلەر ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئەسلىدىكى ئۆي سىياقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بۇ يەردە ئىلگىرى ئادەم تۇرغان دېسە، ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئەمما، بۇ خارابىلىكنىڭ تېگىدىكى بىر ئورەكتە مارى يۇگەش ئىسىملىق بىر موماي تۇرۇۋاتاتتى. تام - كېسەكلەر توسۇۋالغان بىر

تۆشۈك دەل شۇ ئورەكنىڭ چىقىش ئېغىزى ئىدى.

يۈگەش موماي ئەسلىدە بۇ يەردىكى بىنانىڭ 2 ـ قەۋىتىدە تۇراتتى. بۇ ئۆينى ئۇنىڭ مەرھۇم ئېرى — كۆۋرۈككە قارايدىغان جىسەكچى بوۋاي قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. 2 ـ قەۋەت پارتلىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، 1 ـ قەۋەتكە چۈشۈۋالغانىدى. 1 ـ قەۋەتتىكىلەر ئاللىبۇرۇن كېتىپ بولۇشقانىكەن. كېيىن 1 ـ قەۋەتمۇ پارتلىتىۋېتىلىپ، ئۇ ئامالسىز مۇشۇ ئورەككە مۆكۈنۈۋالغانىدى.

19 ـ چېسلا ئۇنىڭ ئورەككە چۈشۈۋالغىنىغا تۆت كۈن بولغانىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ بەش نەپەر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ چاسا مەيدانغا ئۆمىلەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردى. چۈنكى مەيدان بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىدا ئەگرى ـ بۈگرى تۆمۈر رېشاتكىدىن باشقا توسۇق يوق ئىدى. ئۇ نېمىسلارنىڭ ئۇلارغا قارىتىپ توپ ئېتىۋاتقانلىقىنى، توپ ئوقلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىدا گۈمبۈرلەپ پارتىلاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينى بىر ئاز بىخەتەر دەپ ئويلاپ، ئورەكتىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۇ بەش نەپەر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورەككە چاقىرىۋالماقچى بولغانىدى، بىراق ئەمدىلا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا يېقىنلا بىر جاي گۈمبۈرلەپ پارتلاپ كېتىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىنى پاڭ قىلىپ قويدى. بېشى تامغا ئۇرۇلۇپ، ھوشىدىن كەتتى.

ئېسىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بەش نەپەر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىدىن پەقەت بىرىلا مەيداندا قاپتۇ. بۇ جەڭچى يېنىچە ياتقان بولۇپ، بىر قولىنى سوزغان، يەنە بىر قولىنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ قويۇۋالغان، خۇددى ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. موماي ئۇنى بىرنەچچە قېتىم چاقىرغان بولسىمۇ، جاۋاب بولمىدى، شۇندىلا ئۇ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پەملىدى.

نېمىسلار يەنە توپ ئېتىشقا باشلىدى. توپ ئوقلىرى ئاشۇ كىچىككىنە مەيداندا قارامتۇل تۇپراقنى تۈۋرۈك شەكلىدە سورۇپ گۈمبۈرلەپ پارتلىماقتا، چاچراندىلىرى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئۇ جەڭچى مەيداندىكى ئوچۇقچە-

لىقتا ، قولىنى ياستۇق قىلغىنىچە يېگانە ياتماقتا . ئەتراپ پارتلىتىۋېتىلگەن تۆمۈر - تەسەك ۋە كۆيۈۋاتقان دەل - دەرەخلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن .

مارى يوگەش موماي ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ جەڭچىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ بۇ ئىشنى كىمگىندۇر ئېيتقۇسى كېلەتتى . لېكىن ، بۇ ئەتراپتا ئادەم تۇگۇل ، بىرەر تىرىك جانلىقمۇ ئۇچرىمايتتى . ھەتتا ئورەكتە ئۇنىڭغا تۆت كۈن ھەمراھ بولۇپ تۇرغان مۈشۈكمۇ خىش چاچراندىسى تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى . موماي بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ، يانچۇقىدىن نېمىنىدۇر چىقىرىپ ، باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئاستا ئورەكتىن ئۆمىلەپ چىقتى .

ئۇ يەر بېغىرلاپ ماڭالمايتتى ھەم يۈگۈرەلمەيتتى . شۇڭا دۈمچەيىپ ئىرغاڭلىغىنىچە ئاستا مەيدان تەرەپكە ماڭدى . تېخى پارتلىمىغان بىر تۆمۈر رېشاتكا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى . ئۇنىڭ بۇ رېشاتكىدىن ئاتلاپ ئۆتكۇسى كەلمىدى . بەك قېرىپ كەتكەن بولغاچقا ، ئاتلاپمۇ ئۆتەلمەيتتى . شۇڭا ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ ، مەيدانغا كىردى .

نېمىسلار تېخىچىلا توپ ئوقلىرىنى ياغدۇرماقتا ، لېكىن مومايىنىڭ قېشىغا زادىلا چۈشمەيتتى .

ئۇ مەيدانغا كىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقلىق جەڭچىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ قېشىغا باردى ۋە تىرمىشىپ يۈرۈپ ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۆرىدى-دە ، چىرايىغا تىكىلدى . ئۇ تولىمۇ ياش ، ئەمما چىرايىدا قان دىدارى يوق . موماي ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئاستا تۈزەشتۈردى ھەمدە قېتىپ كەتكەن قولىنى خېلى تەستە ئېگىپ ، كۆكرىكىگە ئەكەلدى . ئاندىن ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى .

نېمىسلار تېخىچىلا توپ ئاتماقتا ، لېكىن ئاۋۋالقىدەك يەنىلا مومايدىن يىراق جايلارغا چۈشمەكتە ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇ يەردە ئون - تىن چىقارماي ، بىرەر سائەتچە ، بەلكىم ئىككى سائەتچە ئولتۇردى .

ھاۋا بەك سوغۇق ، ئەتراپ تىپتىنچ ، توپ ئوقىنىڭ پارتلىشىدىن بۆلەك ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى .

ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، نېرىسىغا ماڭدى . بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئۆزى ئىزدىگەن جاينى — توپ ئوقى پارتلىتىۋەتكەن بىر ئورەكنى تاپتى . بۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن پارتلىتىۋېتىلگەن ئورەك بولغاچقا ، سۇ يىغىلىپ قالغانىدى .

موماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئورەكتىكى سۇنى ئوچۇملاپ ئىلىشقا باشلىدى . بىردەم تۈكۈپ ، بىردەم ئارام ئالدى . ئاخىر ھەممىسىنى تۈكۈپ بولدى . ئاندىن ئۆلگۈچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، قولتۇقىدىن ئورەك تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى .

ئارىلىق يىراق ئەمەس ، ئون قەدەمچىمۇ كەلمەيتتى . ئەمما ، ئۇ بەك قېرى بولغاچقا ، ئارىلىقتا ئۈچ قېتىم دېمىنى ئىلىۋالدى . ئاخىر ئۆلگۈچىنى ئاران دېگەندە ئورەككە سۆرەپ ئەپچۈشتى . ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغاچقا ، بىرەر سائەتچە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى .

نېمىسلارنىڭ توپ ئوقى زادىلا توختايدىغاندەك ئەمەس . لېكىن ، يەنىلا ئۇنىڭدىن يىراق جايلارغا ئېتىلماقتا ئىدى .

دېمىنى ئىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىگە كىرېست بەلگىسىنى سىزدى ھەم ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى .

ئاندىن ئورەك ئەتراپىدىكى بوش توپىنى (توپ ئوقلىرى توپىنى سورۇپ كۆلدەك يۇمشىتىۋەتكەنىدى ) قوللىرى بىلەن ئۆلۈكنىڭ ئۈستىگە سىيرىپ چۈشۈردى ھەمدە بىردەمدىلا ئۇنى كۆمۈپ بولدى . لېكىن مومايىنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا كۆڭلى ئەمىن تاپمىدى : ئۇ كۆڭلىدىكىدەك بىر قەبرە تۇرغۇزماقچى ئىدى . بىردەم ئارام ئىلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇ يەنە توپا سىيرىپ دۆۋىلەشكە باشلىدى . بىرنەچچە سائەت ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ، ئۇ ئاخىر كىچىككىنە بىر قەبرىنى تۇرغۇزدى .

نېمىسلارنىڭ توپ ئوقلىرى تېخىچىلا گۈمبۈرلىمەكتە ، ئەمما ئاۋۋالقىدەكلا يەنىلا ئۇنىڭدىن يىراق جايلارغا چۈشمەكتە .

قەبرىنى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ قارا رەڭلىك رومىلىنىڭ تېگىدىن ئورەكتىكى چاغدا باغرىغا چىڭ باسقان نەرسىنى چىقاردى . بۇ بىر تال شام بولۇپ ، قىرىق بەش يىل بۇرۇن ئۇ توي قىلغان

مەزگىلدىكى تويلۇق شېمى ئىدى. ئىشلىتىشكە كۆزى قىيماي، تا هازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنىدى.

ئۇ يانچۇقىنى يەنە بىرمۇنچە ئاختۇرۇپ، ئاخىر سەرەڭگىنى تاپتى. ئاندىن شامنى قەبرە بېشىغا قاداپ ياندۇردى. بۇ كېچە شامال بولمىغاچقا، شام يالقۇنى تىك يېلىنجاپ تۇراتتى، ئازراقمۇ تەۋرىنىپ قويمايتتى. موماي قارا رەڭلىك رومىلىنى ئوراپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە قەبرە يېنىدا شامغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇردى.



ھەر قېتىم توپ ئوقى پارتلىغاندا، شام يالقۇنى لەپەڭشىپ كېتەتتى. بىر قېتىم توپ ئوقى يېقىنلا جايدا پارتلىغاچقا، شامنى ئۆچۈرۈپ قويدى. تېخى بىر قېتىم ئۆرۈپمۇ ئەتتى. ئەمما، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن سەرەڭگە ياندۇرۇپ، شامنى يېقىپ تۇردى.

تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، شاممۇ تۈگەي دەپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىزدەشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر كىچىك بىر پارچە قاڭالتىر تاپتى ھەمدە قاتاڭغۇر قوللىرى بىلەن قاڭالتىرنى تەستە ئېگىپ، دالدا بولسۇن دەپ شامنىڭ يېنىغا قاداپ قويدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەيداندىن ئاستا چىقتى ۋە ھېلىقى رېشاتكىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆرەككە قايتىپ كەلدى.

تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، چېخرايېف تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيە

روتىسى كۈچلۈك توپ ئوقلىرىنىڭ قوغدىشىدا چاسا مەيدانغا ئۇدۇل ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇ كۆۋرۈكنى ئىگىلىدى.

بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن تاڭمۇ يورۇدى. قىزىل ئارمىيە تانكىلىرى پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. ئەمدى ئۇرۇش دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە كۆچكەن، چاسا مەيدانغا چۈشىدىغان توپ ئوقلىرى توختىغانىدى.

بۇ چاغدا روتا كوماندىرى بىرنەچچە جەڭچىنى چېخرايېفنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ كېلىپ، بۈگۈن ئەتىگەندە قۇربان بولغان جەڭچىلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىشقا ئەۋەتتى.

جەڭچىلەر شۇنچە ئىزدەپمۇ چېخرايېفنىڭ ئۆلۈكىنى تاپالمىدى. تۇيۇقسىز بىر جەڭچى ھەيران بولغىنىدىن توۋلاپ كەتتى.

— ئاۋۇنىڭغا قاراڭلار! — دېدى ئۇ جەڭچى.

شۇئان ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى.

بۇزۇۋېتىلگەن تۆمۈر رېشاتكا قېشىدا كىچىككىنە بىر قەبرە تۇراتتى. قەبرىگە بىر تال شام، شامنىڭ قېشىغا داتلىشىپ كەتكەن قاڭالتىر شامالدىن دالدا قىلىپ قاداپ قويۇلغان، شام تاراملاپ ئېرىپ، تۈگەي دەپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى.

قەبرە يېنىدا تۇرغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى دەرھال شەپكىلىرىنى ئېلىشتى ۋە قەبرىنى چۆرىدىشىپ، ئۆچەي دەپ قالغان بۇ شامغا تىكىلگىنىچە جىمجىت تۇرۇشتى.

بۇ چاغدا قارا رومال ئورىۋالغان ئېگىز بىر موماي ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە گەپ - سۆز قىلماي قەبرە يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئاندىن رومىلىنىڭ تېگىدىن يەنە بىر تال شامنى چىقاردى. بۇ شام قەبرە بېشىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان شامغا ئوپمۇئوخشاش ئىدى. ئىككىسىنىڭ بىر جۈپ شام ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. موماي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۆچەي دەپ قالغان شامنى ئېلىپ يەنە بىر شامنى ياندۇردى-دە، قەبرىگە قاداپ قويدى. ئاندىن تەستە ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىدىكى جەڭچى ئۇنى يۆلىۋالدى.

موماي يەنىلا گەپ - سۆز قىلمىدى، ئەمما شەپكىسىنى ئېلىپ

سۈكۈتتە تۇرغان بۇ كىشىلەرگە قايرىلىپ قارىدى-دە، تولىمۇ تەمكىن-
لىك بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئاندىن قارا رومىلىنى چىڭ
ئوراپ، دەلدەڭشىگىنىچە ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شامغا ۋە
جەڭچىلەرگە قايرىلىپ قارىمىدى.

قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قاراپ
تۇرۇشتى. ئاندىن ئارىدىكى سۈكۈتلۈك كەيپىياتنى بۇزۇۋېتىشتىن
ئەنسىرىگەندەك، ئاستا پىچىرلاشقىنىچە چاسا مەيداندىن ۋە كۆۋرۈك-
تىن ئۆتۈشتى-دە، ئۆز روتىسىغا يېتىشىپ ئېلىپ، جەڭ قايىنىمىغا
كىرىپ كەتتى.

توپ ئوقلىرىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن تۇپراقتا، پارتلاپ سىنىم-
نى يوقاتقان تۆمۈر — تەسەك ۋە كۆيۈپ كەتكەن دەل — دەرەخلەر
ئارىسىدا، يۇگوسلاۋىيىلىك ئۇ ئانىنىڭ بىردىنبىر قىممەتلىك نەرسە-
سى — تويلۇق شېمى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ياش يىگىتنىڭ قەبرىسىدە
تېخىچىلا نۇرلىنىپ يېنىپ تۇراتتى.

بۇ شامنىڭ يالقۇنى ھەرگىز ئۆچمەيدۇ، مەڭگۈ يېنىپ تۇرىدۇ.
خۇددى ئانىنىڭ كۆز ياشلىرىدەك، خۇددى باتۇر ئوغلانىنىڭ قەھرىمان-
لىقىدەك، مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ، سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان
ئابزاسلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىڭ. ئاندىن مومايدىن ئىبارەت بۇ پېر-
سوناژغا بولغان چۈشەنچىڭىزنى ۋە ئاخىرقى ئىككى جۈملىدە ئىپادىلەن-
گەن چوڭقۇر مەنىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپ، سورالغان سوئاللار-
غا جاۋاب بېرىڭ:

1) قەبرىنى تۈرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قارا رەڭلىك
رومىلىنىڭ تېگىدىن ئورەكتىكى چاغدا باغرىغا چىڭ باسقان نەرسىنى
چىقاردى. بۇ بىر تال شام بولۇپ، 45 يىل بۇرۇن ئۇ توي قىلغان

مەزگىلدىكى تويلۇق شېمى ئىدى . ئىشلىتىشكە كۆزى قىيماي ، تا ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنىدى .

(بۇ شامنىڭ كېلىش تارىخىغا نېمە ئۈچۈن تولۇقلاپ چۈشەندۈ- رۈش بېرىلگەن ؟ )

2 ) موماي قارا رەڭلىك روملىنى ئوراپ ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە قەبرە يېنىدا شامغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى .

(بۇ يەردە رومالنىڭ رەڭگىنى يەنە تىلغا ئېلىشنىڭ قانداق ئەھ- مىيىتى بار ؟ )

3 ) توپ ئوقلىرى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن تۇپراقتا ، پارتلاپ سىنىنى يوقاتقان تۆمۈر - تەسەك ۋە كۆيۈپ كەتكەن دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا ، يۇگوسلاۋىيىلىك ئۇ ئانىنىڭ بىردىنبىر قىممەتلىك نەرسە- سى — تويلۇق شېمى سوۋېت ئىتتىپاقلىق ياش يىگىتنىڭ قەبرىسىدە تېخىچىلا نۇرلىنىپ يېنىپ تۇراتتى .

(بۇ ئابزاسنى ناۋادا «چاسا مەيداندا مومايىنىڭ شېمى تېخىچىلا چېخرايېقىنىڭ قەبرە بېشىدا يېنىپ تۇراتتى» دەپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە ، بۇنى ئەسلىدىكى جۈملە بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ئەسلىدىكى جۈملىنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ . )

3 . ئەسەردىكى موماي باشتىن - ئاخىر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ، مول ئىچكى دۇنياسى ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقى- لىق ئىپادىلەنگەن . ئەسەرنىڭ كەينىدىن سانىغاندا 4 - ئابزاسنى تەھلىل قىلىپ ئوقۇپ ، ئابزاستا ئىپادىلەنگەن مومايىنىڭ روھىي پائا- لىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ ھەمدە بىر - ئىككى ئورىگىنال قىلىپ تەسۋىرلەپ يېزىپ چىقىڭ .

# 10 . بەش تال ئوق

تۆردى سامساق[1]

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو
دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى .
— ماۋ زېدۇڭ

1

خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشقا ئۆيلەردىن چوڭ ۋە چوڭقۇرراق ياسال- غان زىمىلانكا گەمە ئىسكىلاتىدىن خۇشال چىققان پولات قولتۇقىدىكى كۆڭلەك ، تامبال ، لۆڭگە ، پايتىمىلىق ماتا ، ئۆتۈك ، سوپۇن ، سە- رەڭگىلىرى بىلەن تاماكا قەغەزلىرىنى (بۇگۇن يازلىق كىيىم - كېچەك بىلەن ئايلىق نورمىمۇ بېرىلگەنىدى ) ئىسكىلات ئالدىدا تۇرغان يۇك هارۋىسىنىڭ شوتىسىغا قويدى . ئۇ ، بويۇمغا خوپ كەلمىسە يەڭگۇشلىۋالىمەن دېگەن ئوي بىلەن ، گىمناستوركىنى شۇ يەردىلا كىيىپ كۆرمەكچى بولدى .

ماش رەڭ دىگنال تىرىكىدىن تىكىلگەن بۇ گىمناستوركا خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك خوپ كەلگىنىگە خۇش بولغان پولاتنىڭ ئۇنى تىككەن ئۇستىغا ئاپىرىن ئېيتقۇسى كەلدى . ئەمما ، يەڭلىرى سەل - پەل ئۇزۇندەك سېزىلىپ ، يېڭى قىسقىراققا تېگىشىۋالايمىكىن دېۋىدى ، ئىسكىلات دېرىزىسى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆتۈك كىيىۋاتقان رەجەپ بۆ- لەكچە مەسلىھەت بەردى :

---

[1] تۆردى سامساق — (1923 - 1992 ) قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدىن . شائىر ۋە يازغۇچى . «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ، «تىيانشان باغرىدا» ، «ئۆچمەس ئىزلار» ، «بەشكېرەم» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان .

— سەل ئۇزۇنراق بولغىنى ياخشى ، يوغاندا كىرىشىپ كېتىدۇ...

پولات گىمناستوركىنىڭ ئۇيان - بۇيانلىرىنى تۈتۈپ كۆرگەندىن كېيىن تۆش يانچۇقىغا قول سېلىۋىدى، بىر نېمە ئۇرۇندى . قارىغۇدەك بولسا ، تۇمارچە قاتلانغان كىچىككىنە قەغەز ئىكەن ، ئۇ ئالدىراپ ئاچتى . قەغەزنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قوش يۈرەك سۈرىتى ، چۆرىسىگە غۇنچىلاۋاتقان قىزىلگۈل سىزىلىپ ، تېگىگە سۆسۈن رەڭ بىلەن چىرايلىق خەت يېزىلىپتۇ . خەت قىسقا ، ئېنىق يېزىلغان بولۇپ ، ھەربىر سۆزى خۇددى مەرۋايىتتەك تىزىلغانىدى . ئەمما ، پولات چالا ساۋات بولغىنى ئۈچۈن خەتنى تۈزۈك ئوقۇيالمىدى . بۇ چاغدا ھارۋىنىڭ شوتىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆتۈكىنى سېلىۋاتقان رەجەپ خەتكە بويىنىنى سوزۇپ قاراپ ، سۈرەتلەرنى كۆرۈش بىلەن زوقلىنىپ ئالدى - دە ، ئوقۇشقا باشلىدى .

«مەن تىككەن مۇشۇ كىيىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قانداقلىكى جەڭگىۋارىغا نېسىپ بولسا مەن شۇنىڭكى ، مۇشۇ كىيىمنى كىيگەن ئەي مەردانە يىگىت ، مېنىڭ نامىمدىن بەش تال ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ ، غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز مېنى تېپىۋېلىڭ ، مەن سىزنىڭ ، مۇھەببىتىڭىز (ش) .»

پولات تەقەززالىق بىلەن قول سۇنۇۋىدى ، رەجەپ يەنە بىر ئوقۇۋېلىش غەرىزىدە بەرمەسكە ئۇرۇندى ، پولات شاپلا قىلىپ تارتىۋالغاندا رەجەپنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . پولات سەل نېرى بېرىپ ئوقۇشقا باشلىۋىدى ، رەجەپنىڭ ئىچى پۇشتى . ئۇ ئۆتۈكنىڭ قونچىغا دەسسىگەن پېتى يېقىنلىۋىدى ، پولات نېرىراق داجىدى ، رەجەپمۇ ئۇنىمىغانغا قويمىدى .

— ئەكىلە ، ئوقۇيالمىغان نېمەڭگە تىلىڭنى چايناپ ، جېنىڭنى قىينىماي ، مەن بىر ئوقۇپ باقاي...

بۇ كىچىككىنە خەتنىڭ خەۋىرى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا بۆلۈملەر-

دىن ئۆتۈپ ، پۈتۈن قىسمىغا دېگۈدەك تارقىلىپ كەتتى . كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا خەت ئاپتورى «ش» ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەي قالمايتتى . شاراپەت ، شاپائەت ، شاھادەت ، شەرىپە ، شەپىقە ، شەمسىيە ، شەرۋانەم ، شەمىشىنۇر ، شەمشىقەمەر ۋەھاكازالار دەپ ، ئالەمدىكى ئايال زاتىنىڭ «ش» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملىرىنى خۇددى ئىستروپىغا (سەپكە ) تىزىلغان ئەسكەرلەردەك قاتار تىزىپ كۆرۈشەتتى .

— ۋاي – ۋۇي ، بۇ پولاتنى قىز بىلەن كۆمۈۋەتتىڭلارغۇ ؟... قايسىبىرىڭنى ئېلىپ بولارسەن پولات ؟ — دېدى رەجەپ كۈلۈپ ، — بولمىسا بىرەرسىنى ماڭا بېرىۋېتەرسەن – ھە ؟ — جەڭچىلەر پاراق – پاراق كۈلۈشەتتى .

— پولاتجان ، قېنى ئۇ خەتنى مەنمۇ كۆرۈپ باقمايمەنمۇ ؟ — دېدى توپ قاتارىغا يېڭىلا كەلگەن كوماندىرنىڭ كانۋۇيى مەرۇپ .

— ياق كۆرۈشكە رۇخسەت يوق ، — دېدى پولات كۈلۈپ .

— ھە ، مانا پولاتجان ھېلىتىنلا چوكىنىنى كۈنلەۋاتىدۇ ، — دېدى جەڭچىلەردىن بىرى .

خەت قولدىن – قولغا ئۆتۈۋەرگەنلىكتىن سۈتتەك قەغەز كىرلىشىكە باشلىغاچ ، پولاتنىڭ ئەمدى ئۇنى كۆرسەتكۈسى كەلمەيتتى . بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەرقايسىسى ھەر نېمىلەرنى دەپ چاقچاق قىلماقتا ئىدى .

بەزىلەر : پولات بەختىنىڭ بار ئىكەن دېسە ، يەنە بەزىلىرى : قانداقراق قىزدۇر – ھە ! دېيىشەتتى . بەزى شاڭخوچىلار : «كىم بىلىدۇ ، قىزمۇ ياكى ئاغزىدا چىشى يوق بىر موماي قىزىقچىلىق قىلىپ يازدىمۇ ؟» دېسە ، يەنە بەزىلىرى : «چىشى بولمىسا ، پولات ياش بولغاندىن كېيىن نان چايناپ بېرىپ باقامدۇ ...» دەيتتى . بۇ چاغدا پولاتمۇ : «چىداش ، خەتنىڭ ماڭا تېگىپ قالغىنىغا ھەرقايسىڭنىڭ ئىچى ئاداۋاتامدۇ ؟» دەپ مەغرۇرانە كۈلەتتى . ھەممە چاقچاقلار ئۆز يولىدا ئۆتۈۋەرگەندى ، ئەمما مەتروزىنىڭ «كاشكى سەندە شۇ خەتنى يازغان قىز كۆتكەندەك خىسلەت بولسىچۇ» دېگىنى پولاتنىڭ جان – جېنىدىن

ئۆتۈپ كەتتى.

— ھە، مەندە ئۇنداق خىسلەت بولماي باشقىلاردىن بىر يېرىم كەممىكەن؟ — دېدى پولات غەزەپلىك قىياپەتتە.

— ياق، ھېچ يېرىڭغۇ ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، ئەمما خەت يازغان قىز: «قەھرىمان جەڭچى، غالىب باتۇر» دېگەندەك گەپلەرنى يېزىپتۇ ئەمەسمۇ؟...

— مەن قەھرىمان بولالمامدىكەنمەن؟

— سەن ئاشپەز تۇرساڭ قانداقمۇ قەھرىمان بولارسەن؟ — پولات ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ قالدى، ئەمدى رەجەپ گەپكە ئارىلاشتى.

— بىزنىڭ پولاتنى ئوق ئاتالمايدۇ دەۋاتامسىلەر؟ جەڭ بولغاندا بەش تال ئوقنى چۆمۈچكە سالىدۇ - دە، سېپىنى ئىستوۋۇل قىلىپ، قازان ئاكوپقا كىرىۋېلىپ، تۇۋاقنى چىڭ ئېتىپ قويۇپ گۈمشىتىپ ئېتىۋەرمەمدۇ...

رەجەپنىڭ سۆزىگە ھەممىسى تېلىققۇدەك كۈلۈشتى. ئەمما، پولات قۇلاقلىرىغىچە قىزارماقتا ئىدى. رەجەپ بىلەن پولاتنىڭ بەك كۆڭلى يېقىن بولسىمۇ، بۇ دۆرەم كۆڭلى رەنجىدى. ئۇ تازا بىر ھومىيىپ، بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا مەشغۇلاتقا سىگنال چېلىنىپ، جەڭچىلەر كۈلۈشكىنىچە ئىسترويغا مېڭىشتى.

پولات ئاشخانىغا خۇددى بويىنىدىن باغلىغاندەك كىردى. سەككىز ئايدىن بۇيان «قەدىناس» بولۇپ قالغان قازان بىلەن چۆمۈچ ئۇنىڭغا ئەمدى ئەجەل ئەرۋاھىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ، ئوچاقتا كۈشۈلداپ يىغلاپ كۆيۈۋاتقان سۆگەتنىڭ ھۆل ئوتۇنىنى تۈزىۋېدى، كۆزلىرىگە تۈتۈن كىرىپ، قويۇق كىرپىكلىرى ياشقا چۆكۈپ قالدى. ياغلىنىشىپ كەتكەن يېڭى بىلەن كۆزىنى ئېرتقان پولات چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئۇ يېتىملىك ۋە مالايلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىنى، بىر قېتىم يېزىدىن شەھەرگە كىرگىنىدە گومىنداڭنىڭ سېرىق پاچاق بىر چېرىكى ئۇنى توسۇپ، ئۆيىگە سەي كۆتۈرگۈزۈپ كېتىۋاتقاندا بىر بەسەي پاتقاقتا چۈشۈپ كەتكىنى ئۈچۈن «لوسىڭكو» دەپ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ قاتتىق ئۇرغان، تەپكەنلىرىنى ۋە ئاخىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب

باشلانغاندا ئاشۇ گومىنداڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرگىنىنى ئەسلىدى ـ دە، ئۆزىگە كەلدى.

— مەن ئاشپەز بولۇشقىلا پىدائىي بولمىغانغۇ؟ — دەيتتى ئۆزىچە پىچىرلاپ ۋە بىردىنلا ئىكرامجانغا دادىسى قوزىباي ئاكىنىڭ يازغان سۆزلىرى يادىغا يەتتى.

«ئىكرام، خېتىڭنى ئالدىم. سەن مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمە، مەن ھازىر جەڭچىلەر ئاشپەزلىكىدىن كوماندىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئاشپەزلىكىگە يۆتكەلدىم، دەپ يېزىپسەن. بۇ سېنىڭ ئۆزۈڭنى: مەن خەتەرسىز خىزمەتتە دېگىنىڭمۇ ياكى مەنسەپ، مەرتىۋەم ئۆرلەۋاتىدۇ دېگىنىڭمۇ؟!

ئەگەر سەن راستتىنلا مېنىڭ بالام بولىدىغان بولساڭ، مۇشۇ خەت تېگىشى بىلەنلا چۆمۈچ ئورنىغا قورال ئال، ئۇلۇغ بوۋىمىز نەۋائىينىڭ ‹ئۆلۈمدىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق› دېگەن ھېكمەتلىك گېپى ھەر دائىم ئوڭ قۇلىقىڭدا بولسۇن! مەن سېنى ئەركەك دەپ باققان...»

— ئۇھ، — دېدى پولات، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — مەتروزىنىڭ دېگىنىمۇ توغرا؛ رەجەپنىڭ دېگىنى ئۇنىڭنىمۇ توغرا؛ ئابايا ئويلانمايلا ئۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بولۇپتىمەن، مەن بۇ ئاشپەزلىكتىن زادى نېمە تاپىمەن؟

پولات شۇلارنى ئويلىدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە روتا[1] كوماندىرىنىڭ يېنىغا ماڭدى، ئۇ كىرگەندە كوماندىر كەچكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەتىكى قوچاقلاشما جەڭ مەشقىنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى، پولات تاققىدە توختاپ، كوماندىرغا چاس بەرگەندىن كېيىن:

— يولداش كوماندىر، ئالدىڭىزغا توغرىدىن توغرا كىرگىنىمنى كەچۈرۈڭ، — دەپ تىك تۇردى. كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى چۈشۈرۈش، ئولتۇرۇش ئىجازىتى بەردى ۋە كۈلۈمسىرىدى. چۈنكى، ئۇمۇ خەتنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ بولغانىدى.

① بەزى ھېكايىلەردە قوللىنىلغان ھەربىي ئاتالغۇلار كېيىنچە خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگىنىگە قارىماي، زامان ئېتىبارى بىلەن ئەينەن ئېلىندى — مۇھەررىردىن.

كوماندىر سۆز باشلاپ، تاماقنىڭ سۈپىتى، خوجىلىقنىڭ نەرسە ـ كېرەكلەر بىلەن قانداق تەمىنلەنگەنلىكلىرى قاتارلىقلارنى سوراشتۇرغاندىن كېيىن:

— بۈگۈن كىيىم ئالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدۇق، — دېدى پولات. ئۇ قىسقا جاۋاب بىلەن باشقا سۆزلەرنى تولۇقلاپلا مەنىنى مەقسەتكە توغرىلىدى.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى كوماندىر ئاتىلارچە مېھرى بىلەن قاراپ، — تەمىنات خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا كىشىلەرگە ياخشى بولالمايدۇ. ئەمما، بۇ خىزمەت ئىشلارنىڭ ئەڭ زۆرۈرى. ئاشپەزلىكمۇ ئەڭ مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قورساق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ، دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ؟ … سېنىڭ تەلىپىڭ ئورۇندىلىشى مۇمكىن، شەرتى شۇكى، ئوبدانراق ئاشپەز تېپىلغۇچە جەڭچىلەرنىڭ تامىقىنى ئىخلاسىڭ بىلەن ئېتىپ تۇرىسەن.

— خوپ يولداش كوماندىر. ئەمما …

— ئەمما، تەلىپىم بالدۇرراق ئورۇندالسا دېمەكچىمۇ سەن؟

— ھەئە، يولداش كوماندىر.

— بولىدۇ، — دېدى كوماندىر كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان پولاتقا ئولتۇرۇش ئىشارىسى قىلىپ، — ھە، ئۆيى ياقتىن خەت ـ پەت بارمۇ؟ — دېگەننى قوشۇپ قويدى ئۇ.

پولات قىزارغىنىچە ئوڭايسىزلىنىپ قىمىرلىدى ۋە:

— ياق … ياق، — دەپ ھىجايدى.

— بۈگۈن خۇش خەۋەرلىك خەت ئالدى دەيدىغۇ سېنى؟ — پولات كۈلگىنىچە ئىچ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ بەردى. كوماندىر خەتكە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— مانا كۆردۈڭمۇ؟ خەلقىمىزنىڭ بىزگە ئىشەنچىسى شۇ قەدەر كۈچلۈككى، ئۇلار جەڭگىۋار مىللىي ئارمىيىمىز بىزنى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قانلىق زۇلمى، ئېكىسپىلاتاتسىيىسىدىن ئەبەدىي ئازاد قىلىدۇ، دەپ قەتئىي ئۈمىد بىلەن قارايدۇ. بۇ خەت، — كوماندىر قەغەزنى لامپا تۈۋىگە ئېلىپ تۇتۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەلۇم

قىز تەرىپىدىن يېزىلغان كىچىككىنە ئاددىي بىر خەت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاددىي خەتتە خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئارمىيىسىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى يالقۇنجاپ تۇرۇپتۇ. بۇ سۆزلەر نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ سۆزلەر، دۈشمەن تامامەن يوقىتىلىپ، يۇرتىمىز ئازاد بولسا، خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى قىزىلگۈلدەك غۇنچىلاپ - يورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلايدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. بۇ بىر جۈپ يۈرەك سۆزىتى شۇنداق مەنىگە ئىگىكى، بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز بىر مەقسەت، بىر نىيەتتە تەپسۇن! ئەگەر ئىش شۇنداق بولسىلا قالغىنىنى كېيىن ئۆزىمىز بىلىمىز دېمەكچى. بۇ ئاددىي خەت، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇن ۋە چوڭ قىممەتكە ئىگە خەت، بۇنى ئوبدان ساقلىغىن!

— خوپ، يولداش كوماندىر!

— بەلكى خەت يازغان قىزنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇقراق بولۇپ بارارسەن، ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ قىز سېنى ئاشپەزلىك قىپسەن، دەپ ياراتماي قويسا، ماڭا ئېيتقىن، مەن، بۇ غىزاسىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ياخشى پىشۇرۇپ بەرگىنى ئۈچۈن، قەھرىمانلار قەھرىمان بولالىغان، دەپ قىزنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق قىلىمەن، — كوماندىر كۈلدى.

— رەھمەت، يولداش كوماندىر، — دېدى پولات ۋە خۇشال كۈلگىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— شۇنداق قىل، ھازىرچە ئىشلەپتۇر.

— خوپ بولىدۇ، — ئۇ ھۆرمەت سالىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىنجازەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

2

تاغ قاپتىلىدىكى كىچىككىنە شەھەردە شۇنچە كۆپ ئوق ئېتىلىدىكى، بۇ گۈلدۈر - قاراسلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە دۈشمەننىڭ ئوق - دورا ئىسكىلاتىنغا ئوت كەتكەنمىدۇ دېگەن خىيال كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. گومىنداڭچىلار ئاشۇنداق ھەيۋىلىرىگە قارىماي بۇ يەردىنمۇ خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

«گومىنداڭچىلار قېچىشقا، بىزنىڭ جەڭچىلەر ئېتىشقا ئۇستا» دېگەن سۆزنى خەلق بىكار ئېيتمىغان - دە.

مىللىي ئارمىيە تۆت ئەتراپى، كوچا ۋە دوقمۇشلىرى قاتمۇقات ئاكوپ ھەم پوتەيلەر بىلەن تولغان بۇ شەھەرنى بىر پاسائىلىق جىددىي جەڭ بىلەنلا ئىشغال قىلغان بولۇپ، ئەمدىكى ۋەزىپە قاچاق دۈشمەننى قوغلاش ۋە شەرتسىز قورالسىزلاندۇرۇش ئىدى. لېكىن، بۇ چاغدا بۆلەكچە ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالدى.

توساتتىن غەنىيمەت ئالغان تېلېفون تىلغا كىرىپ، ئۇشتۇمتۇتلا جىددىي سۆزلەشكە باشلىدى. شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن روتا كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنى رامزان ئىسىملىك خۇيزۇ يىگىت دەرھال تۇرۇپكىنى ئالدى - دە، كىم بىلەندۇ خەنزۇچە سۆزلەشتى. مەلۇم بولدىكى، بىزنىڭ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغىنىمىزدىن نېرىقى شەھەر- دىكى گومىنداڭچىلار تېخىچە خەۋەرسىز ئىكەن. رامزان تېلېفوندا ئۆزىنى «گومىنداڭ ئوفىتسېرى» قىلىپ سۆزلىشىپ، جىددىي ياردەم كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ئۇ تەرەپتىن تولۇق قوراللانغان 150 كىشى ئالتە ماشىنىدا «ياردەم ئۈچۈن يولغا چىققان» خەۋەرنى ۋە شەھەرنى ئوغرىلارغا (گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى ئوغرىلار، دەيتتى) بېرىپ قويماسلىق «بۇيرۇقى» نى ئالغان.

بىر قىسىم جەڭچىلەر ئۇ «چاقىرىلمىغان مېھمانلار» نى كۈتۈ- ۋېلىش ۋە ئۇلار ئېلىپ كېلىۋاتقان «ئالتە ماشىنا ياردەم» نى تاپشۇرۇ- ۋېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇلار تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بويلاپ، گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ ئۆمىلەپ ئۇچقاندەك باراتتى.

ئەنە ئىستروپغا چىققىنىدىن بۇيان چوڭ - كىچىك بىرنەچچە جەڭگە قاتناشقان پولاتمۇ سەپنىڭ ئالدىدا لاچىندەك بارماقتا. ئۇنىڭ ئەپچىل كارابىن مىلتىقى قامىتىگە بەك مۇناسىپ كەلگەن. بىلىدە بولسا، ئاشۇ نامەلۇم ئادرېستىن كەلگەن خەتتىكى قوش يۈرەكتە بىر جۈپ گرانات يالتىرايتتى.

پولات يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ مەيدىسىنى پات - پاتلا تۇتۇپ قوياتـ- تى. چۈنكى، ئۇ ئىستروپغا چىققان كۈنىلا، ئاشۇ خەتتە تەۋسىيە

قىلىنغان بەش تال ئوقنى شۇ خەت سېلىنغان تۆش يانچۇقىغا سېلىپ قويغانىدى . «بەلكى بۇ ئوقلار بوگۇن ئۆز خېرىدارلىرىغا بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزۈلەر» دەپ ئويلايتتى ئۇ .

ئالتۇن يۇلتۇزلۇق بايراقنى لەپىلدىتىپ مەيدانغا كىرىپ كەلگەن ئالتە ماشىنىنىڭ ئالدىنقىسىدا پولات غەلىبە مارشىغا باشلامچىلىق قىلىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى شۇنچە ئاۋازلار ئىچىدە ئالاھىدە ئاڭلىناتتى . غالىبلار قەلبىدىن ياڭرىغان جەڭگىۋار مارش ساداسى تاغۇ تاشنى تىترىتىپ ، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۇرمەكتە ؛ ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدا بولسا ، چېرايلىرى مۇردىدەك سارغايغان ، ئۆزلىرى ئەسكى ئۆتۈكنىڭ قونچىدەك سالپايغان گومىنداڭچىلار نەيزىلىك مىلتىقلار ئارىسىدا دۈگدىيىشىپ ، خۇددى پادىدىن يانغان مالدەك پەلىپەتىش توپۇرلىشىپ كەلمەكتە ؛ ئېشەك ، دېرىزە ۋە بەزى ئۆگزىلەرگە چىققان خالايىقلار بۇ كارامەتلەرنى ياڭراق ئالقىش ، قىزغىن كۇلكىلەر بىلەن كۆرمەكتە ئىدى .

ماشىنىلاردىن چۇشۇرۇلۇۋاتقان ۋە بەزىلىرىگە قان يۇققان قورال-لار قاتارىدا گومىنداڭچى بەش مەجرۇھمۇ چۇشۇرۇلگەنىدى . ئۇلارنىڭ قايسىسىدۇ ئەيىۇلسا ، قايسىبىرى سەت ھۆۋلايتتى . ھىڭگالڭ چىش ، خاڭگا باش بىرى بولسا ، خۇددى ئېشەك گۆگرىغاندەك پاناق بۇرنىنى ئەجەب بىر تۇرلۇك خىرتىلدىتىپ ، ئىغىر ـ ئىغىر نەپەس ئېلىپ سەت ئىنجىقلايتتى . بىزنىڭ شەپقەت ھەمشىرە (سېسترا) لىرىمىز بولسا ، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى .

پولات توپ ئارىسىدىن ئىلدام چىقىپ ، كوماندىرنىڭ ئالدىغا ئۇ-دۇل كەلدى ـ دە ، تاققىدە توختاپ چاس بەردى ۋە سۆزگە ئىجازەت سورىدى .

— ھە ، رۇخسەت ، — دېدى كوماندىر .

— يولداش كوماندىر ، ماڭا رۇخسەت ئېتىلسە ، ئاشۇ (ئۇ ، مەجرۇھلارغا بىگىز قولىنى قاداپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى ) بەش ئەبلەخنى مۇشۇ بەش تال ئوق بىلەنلا جايلىۋەتسەم .

كوماندىر پولاتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا قەتئىي رەت قىلدى :

— ياق بولمايدۇ ، قەتئىي بولمايدۇ . بىز ئەسىرلەرگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىمىز . بۇ ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى . بۇيرۇق بىز ئۈچۈن قانۇن . سەن ئۇ بەش تال ئوق بىلەن تەييار بۇ بەش ئۆلەرمەننى جۆندەپلا باتۇر بولماقچىمۇ ؟ ! بۇ ، ئۆلگەن يولۋاسنى ئېتىپ ئۆزىنى باتۇر سانىغانلىق بولمامدۇ ؟ ! مۇنداق تەييارغا ھەييار ، ھازىرغا نازىر بولۇش ...

— قا ... قايتىشقا رۇخسەت قىلىڭ ! — پولات پوكاندەك ئېسىلىپ ، چوغدەك قىزارغانىدى . ئۇ ، قايتىش ئىجازىتى بېرىلىشىنى كۈتمەي ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا نېرىراقتا پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلار قاتارىغا كىرىپ كەتتى .

3

«شىخو قولدىن كەتسە ، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ» دېگەن بۇ «مۇبارەك سۆز» گومىنداڭچىلارنىڭ ئاداققى مۇقەددەس ئىبارىسى ئەدى . مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار قىسىملىرى دۈشمەننىڭ ئەنە شۇ ئىشەنگەن تېغى — «تەڭداشسىز» مۇستەھكەم ئىستىھكام شەھىرى شىخوغا يېقىنلاشماقتا ئىدى .

قىسىم شىخودىن ئېقىپ كېلىدىغان قاراسۇ بويىدىكى كىچىككىنە مەھەللىگە ئورۇنلاشتى . بۇ مەھەللە شەھەرنىڭ 25 ـ 30 كىلومېتىر شىمالىدىكى بىر چوڭقۇرغا جايلاشقان بولۇپ ، بۇ يەردە بىر تۈگمەن ۋە بىرقانچە ئۆيلۈك خۇيزۇ بار ئىدى . مىللىي ئارمىيە كېلىشتىن ئىلگىرى گومىنداڭچىلار بۇ يەردىكى كىشىلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ ، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى تامامەن دېگۈدەك كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن . بۇ ۋەقەلەرگە گۇۋاھ بولاي دېگەندەك پەقەت بىر خۇيزۇ موماي كېتەلمەي قالغانىكەن . ئۇ تېخى پاكار ، دېرىزىسى كونا ، ناچار ئۆيدە مۈكچىيىپ ياتاتتى . مىللىي ئارمىيىنى كۆرگەن موماي كىرلىشىپ كەتكەن تەكىيىدىن بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ ، قورايدەك قوللىرىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— مەن يەيدىغىنىمنى يەپ ، كىيىدىغىنىمنى كىيىپ بولغان ،

ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېسەڭلار ئۆز ئىختىيارىڭلار — ... مومايىنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىقانداق تەشۋىش ئالامەتلىرى يالتىرايتتى . جەڭچىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولدى . ھارام نىيەت گومىنداڭچىلار بۇ يەردىمۇ مىللىي ئارمىيە توغرۇلۇق تۈرلۈك تەتۈر تەشۋىقاتلارنى تارقىتىپ ، تىنچ ئاھالىنى تەشۋىشكە سالغانىكەن . ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى بېرىۋىدى ، موماي ئانچە - مۇنچە ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ ، لېكىن بىردىنلا خېلى تېتىكلىشىپ قالدى . ئۇنىڭ تارىقاي كىرپىكىدە مېھىر مۇنچاقلىرى پارقىراشقا ، سولاشقان يۈزلىرىدە بولسا ، ھايات نۇرى چاقناشقا باشلىدى . مومايىنىڭ ئېيتىشىچە ، گومىنداڭچىلار تۈگمەننى ئۆرۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۈلگۈرەلمەي قاچقانىكەن . ئۇ تۈگمەن مىللىي ئارمىيىنىڭ شتابى ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى سۈلەتلىك سۇۋادان تېرەك بولسا ، چارلاش پونكىتى بولدى . ئۇنىڭدىن ياكى نېرىراقتىكى ئېگىز دۆڭدىن دۇربۇن بىلەن قارىغاندا شىخونىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى دېگۈدەك كۆرۈنەتتى .

شىخو شەھىرى پەسكە جايلاشقان بولۇپ ، پەقەت ئۆرۈمچىدىن باراردىكى تاشيول تەرەپلەردە تېرىلغۇ ئېتىزلىرى بىلەن دەرەخزارلىقلارغا تۇتىشاتتى . قالغان تەرەپلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يانتۇ ئېگىزلىك بولۇپ ، خۇددى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن سىيرىلدۇرۇپ ياسىغاندەك يانپاش تۈزلەڭ ئىدى . بۇ شەھەر ئەتراپىنى قاپلىغان سان - ساناقسىز ، ھەرياڭزا پوتەيلەر قەدىمىي شەھەرلەر خارابىسىنى ياكى مازارلاردىكى قەبرە ، گۈمبەزلەرنى ئەسلىتەتتى . ئاشۇنداق تولا پوتەيلەر «ئورمانلىقى» بولمىغاندا ، قايسى تەرەپتىكى دۆڭدىن بولمىسۇن بىرەر توپنى دومىلىتىۋەتسە ، ھېچ يەردە توختىماي شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە دومىلاپ بارىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . بۇ شەھەر ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغاچقا ، گومىنداڭچىلار مىللىي ئارمىيىگە قارشى تەييارلىغان ئاساسىي كۈچ - قۇۋۋىتى ، تاپقان - تەرگەن دەسمايىسىنى مۇشۇ يەردە جۇغلىغان ، دېيىشكە بولاتتى . شۇڭا ، ئۇلار «بۇ مۇقەددەس قورغان» غا قاتتىق ئىشەنگەنلىكلىرىدىن «شىخو قولدىن كەتسە ، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ» دېيىشكەنىدى .

دېمىسىمۇ بۇ شەھەرگە كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىش ئانچە ئوڭاي ۋە ئەرزان چۈشمەيتتى، بەلكى مۇمكىنمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىش ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى.

قوماندانلىق شتابى تۈن سائەت 12 دە قىسىملارغا جەڭگىۋار بۇيرۇق بەردى: «بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ شىخونىڭ تەقدىرى چوقۇم، ئۈزۈل ـ كېسىل بىر تەرەپ قىلىنىسۇن.»

قاپقاراڭغۇ تۈن، دۈشمەننىڭ مەلۇم ئىستىھكامىنى بۇزۇش بۇيرۇقىنى ئالغان ئىنزۈوت جەڭچىلىرىنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يېقىنلىشىپ، ئاخىرقى مىنۇتلارنى كەچۈرمەكتە ئىدى.

ھۇجۇم ئالدىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت جەڭچى بولغان كىشىلا تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن. ھايات بۇ چاغدا كىشىگە شۇ قەدەر شېرىن تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇكى، بۇنىڭ ھارارىتى تۈپەيلىدىن يۈرىكىڭنىڭ شۇررىدە ئېرىپ كەتمىگىنىڭگە ھەيرانلىق ھېس قىلىسەن. بۇ پەيتتە سېنىڭ كۆز ئالدىڭغا ئەزىز ئاتا ـ ئاناڭ، يارۇ بۇرادەر، ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭ، گۈزەل ئامرىقىڭ، ئۆسكەن يۇرتۇڭ، ھەممە ـ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە، كۆڭۈل كۆزۈڭدىن خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلايدۇ. سەن ئۇلارنى ھەربىر ئويلىغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، ئوتلۇق تىلەكلىرى ساڭا كۈچ ۋە دەرمان بېغىشلاپ، ئالدىڭدا پارلاق تاڭ ئېتىۋاتقاندەك يورۇقلۇق سېزىسەن ۋە ئۆز ئىختىيارىڭدىن غالىب بىر كۈچنىڭ ئىلكىدە تېپىرلايسەن.

راست ئەمەسمۇ؟! «ھۇجۇم» بۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ مەشرىپى ئەمەستە، ئۇ ھايات ـ مامات چېلىشىشى، سەن ئاشۇ كىشىلىرىڭنى قايتا كۆرەلەمسەن، يوقمۇ؟ بۇ ساڭا قاراڭغۇ، ھۇجۇم سائىتىدە جەڭچىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە ئەكس ئېتىدىغان كىنو كارتىنىلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئوتلۇق ۋە شىددەتلىك ھالەتلەر ھەقىقىي جەڭچى قەلبىنىڭ قايناق ھارارىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، چۈنكى ئانا يۇرت مېھرىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى — جەڭچى روھىنىڭ سۇنماس ۋە تالماس قانىتى. جەڭچىنىڭ يۈرىكى — مۇھەببەتنىڭ سۇۋۇماس

ئوتخانىسى ، ئەنە شۇ قۇدرەتلىك ئوتخانا ئۇنى قەھرىمانلىق مەيدانىغا تارتىدۇ .

ئەزىمەتلەرنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يەتتى . ئۇلار جانىجان كوماندىرلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلاشتى .

— خەير خوش ، يولداش كوماندىر ، — دېدى پولات قەدىردان كوماندىرنىڭ ئالدىدا ھەربىي قائىدىگە خاس چەبدەسلىك بىلەن تىك تۇرۇپ .

— خەير خوش ، سەپىرىڭلارغا ئۇتۇق تىلەيمەن ، — دېدى كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپ ، — بىر - بىرىڭلارغا مەسئۇل ھەم قەدىردان بولۇڭلار ! — ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن پولاتقا قاراپ : — بەش تال ئوق يانچۇقتىمۇ ؟ — دەپ سوراپ قويدى ئۇ .

— ھەئە ، تەييار ...

— ھە ، تەييار بولسۇن ! ئوتئىيراق يەردە بولسۇن ! بەلكى بۇگۈن ئۇ ئوقلارغا نۆۋەتمۇ كېلىپ قالار .

ئىزۋوت قاراسۇنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . بىز كەلگەندىن تارتىپ كۈن - تۈن تىنىم تاپماي ئوق قازىنىنى قاينىتىشقا باشلىغان دۈشمەننىڭ غەزىپى تېخىمۇ يۇقىرى گرادۇسقا ئۆرلەۋاتقىنى ھەر تەرەپتىن مانا مەن دەپ تۇراتتى . مىلتىق ، پىلىموت ، گرانات ، مىناميوت ، ئاپتومات ۋە گۇمبۇرلىگەن زەمبىرەكلەرنىڭ شىددەتلىك ئاۋازى تۈننى تىترەتمەكتە ئىدى .

سەپنىڭ ئالدىدا ئىككى - ئىككىدىن كېتىپ بارغان تۆت جەڭچى بەزىدە ئاللىقانداق قۇشلارنى دوراپ سايرايتتى ۋە بەزىدە ھاشاراتلارنى دوراپ چىرىلدايتتى . پولات قۇشلارنى دوراشنى ، بولۇپمۇ غورۇلاي بىلەن سېغىزخاننى دوراشنى ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى . ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى بۈگۈن تازىمۇ ئەسقاتتى .

ئىزۋوت ئېگىز قاشنىڭ سول تەرىپىدىن قاراسۇغا سىيرىلىپ چۈشكەن نوسمان يانپاش تۈزلەڭ يەرگە كېلىپ قالدى . ئالدىدىكى ئىككى جەڭچى خۇددى بىغىرتاقتەك تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى . كېيىن

يەنە ئىككى جەڭچى ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەن پەقەت شۇ نۇ ئاغزىغا مۇئەك-
كەللىك ئۈچۈن ياسالغان يوغان پوتەيدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى . پوتەي تۆشۈكىدىن يورۇتۇلغان قولچىرىغى ۋە پىلىموت ، ئاپتومات ۋە مىلتىقلاردىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوقلارنىڭ يورۇقى بىلەن بۇ ئىككى قاسىنقى تۇپتۇز نوسىمان كەڭ جىرادىن ئەمدى ئادەم تۇرماق ئاغمىخانىنىڭمۇ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . قانداقلىكى بولمىسۇن بۇ يەردىن قەتئىي ئۆتمەي بولمايدۇ . چۈنكى ، ھەربىي بۇيرۇق — قانۇن .

جەڭچىلەر قەتئىي قارارغا كەلدى . بىر - بىردىن يۈگۈرۈپ ھەم ئۆمىلەپ ئۆتۈشى ، بىرى تىرىك قالسىمۇ تېز بېرىپ ئاشۇ بەلگىلەنگەن پوتەيدىكى شۇم پىلىموتلارنى ھەرىكەتتىن چوقۇم توختىتىشى لازىم .

جەڭچىلەر شۇڭقاردەك ئالغا تاشلانماقتا . ئاغمىخان تېزلىكى ۋە چاققانلىقىدا ئىرغىپ ھەم ئۆمىلەپ ئۆزلىرىنى ئالغا ئاتماقتا ؛ يامغۇر-
دەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى بارغانسېرى دەھشەتكە ئايلانماقتا ئىدى . تۆت جەڭچى نېرىقى يان باغرىدا يەرگە چاپلىشىپ ياتاتتى . قالغانلىرىنىڭمۇ تېز ئۆتۈشى ئەمدى جەڭنىڭ پۈتۈن تەقدىرىگە مۇناسى-
ۋەتلىك مۇھىم مەسىلە ئىدى . چۈنكى ، ئاشۇ لەنىتى بوتخانىدىن قايناۋاتقان پىلىموتلارنىڭ كاشىلىسى شىمالىي سەپلەردىكى (قارا دۆڭ تەرەپ ) پۈتۈن قىسىملارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە دېگۈدەك قاتتىق دەخلى يەتكۈزۈۋاتقانلىقى بارغانسېرى روشەن سېزىلمەكتە ئىدى .

ۋاقىت ئۆتۈپ بارماقتا . مانا ئەمدى ئۈپۈقتا ئارغامچىدەك سوزۇ-
لۇپ مىللىي ئارمىيىنىڭ قىزىل بەلگە ئوقى ئېتىلدى . شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتىن قايىنىغان ئوق ۋە مىناميوتلارنىڭ يورۇقىدا ، ھېلىقى بەر تېخىمۇ يورۇپ ، ئەھۋال قىيىنلاشتى .

مانا ھۇجۇم بەلگە ئوقىمۇ ئېتىلدى ، ئەمدى قانداق قىلىپ بولمى-
سۇن مەنزىلگە تېز يېتىپ ، جەڭگىۋار ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندىشى ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ ، جەڭچىلىك قەرزىنى ئادا قىلىشى شەرت .

ئۆچقاندەك ئۆتۈۋاتقان ئۈچ جەڭچى يان تۇزلەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتمەستىنلا كەينى - كەينىدىن ئوقتا ئۈچتى . ئۇلارنىڭ بىرى (ئېھتى-

مال مەتروزى بولسا كېرەك ) قاتتىق بىر سىلكىنندى ـ دە ، جىمىپ قالدى . كېيىن كەينى ـ كەينىدىن ئوقچۇغان تۆت لاچىنمۇ تولغىنىپ يىقىلغىنىچە قايتا بېشىنى كۆتۈرمىدى . بۇلارنىڭ بىرى پومكوم ئىز ـ ۋوت ( مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى ) قۇددۇس ئىدى .

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ زادى قانداق قىلىش لازىم ؟ ئاشۇ سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتمەكتىن بۆلەك چارە يوق ئىدى . كاشكى بۇ كاساپەت سۇ جەڭچىلەر بارىدىغان تەرەپكە ئاقسىچۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستى پاتقاق ...

— ماۋۇلەنتى پوتەينى ئۇجۇقتۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر شۇ چاققى ـ چە نەلەردە يۈرىدىكىنا ، — دېدى كوم ئىزۋوت ئۆتۈكىنى سىلىۋېتىپ ، بۇ چاغدا ، بۇ قاۋۇل ۋە چەبدەس قازاق ئوغلىنىڭ قاپقارا قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلگەنىدى ، — بولۇشۇڭلار ، سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈشكە ، — دېدى ئۇ . ئالدى بىلەن ئۆزى سۇغا سەكرىمەكچى بولۇۋى ـ دى ، جەڭچىلەر بىردەكلا :

— ياق ، يولداش كوماندىر ئىزۋوت ، ئاۋۋال بىز كىرەيلى ! نېمە بولسا بىز كۆرەيلى ! سىز رەھبەرلىك قىلىشىڭىز كېرەك ، — دەپ تۇرۇۋالدى . بۇنى سېزىپ قالغان دۈشمەن ئەمدى بارلىق زەھىرىنى قارا سۇغا قاراتقانىدى . ئەڭ ئاخىرىدا كوماندىر ئىزۋوت مالىك باشلىق تۆت جەڭچىنىڭ ھەممىسى سۇدا ھالاك بولدى .

كوماندىر قوشۇنىنىڭ بېشى ئەمەسمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەزىمەت قازاق يىگىتى خۇددى تاغ بۆركۈتىگە ئوخشاش ھېچنېمىدىن قورقمايدى ـ غان قەيسەر ، تەدبىرلىك باشچى ئىدى . ئۇ شېھىت بولدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟

كوم ئىزۋوتلۇقنى كوم ئوددېل ( بەنجاڭ ) رەجەپ ، ئۇنىڭ ۋەزى ـ پىسىنى بولسا ، پولات ئۈستىگە ئالدى .

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى . جەڭچىلەر جىددىيلەشمەكتە . لې ـ كىن ، نېرىراقتىكى يەنە بىر پوتەيدىن مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى قاتتىق كاشىلا قىلىۋاتاتتى . ئۇلار ئەمدى بۇ شۇم پوتەينىڭ ئۇجۇقتۇرۇلۇشىنى بەك جىلە بولۇپ بىتاقەتلىكتە كۈتمەكتە ، پوتەي

بولسا، ھامان ھەرىكەتتە ئىدى. ئەڭ دەھشەتتى شۇ بولدىكى، قارا دۆڭ تەرەپتىن ئىككى تانكىنىڭ مۇھاپىزىتى ئارقىسىدا بىرەرمىنىڭ دۈشمەن شىتىنىك (نەيزە) بېكىتىلگەن مىلتىقلىرىنى بەللەپ «شا. . . شا. . .» دەپ ۋارقىرىشىپ سەپ يايغىنىچە چىقىپ كەلدى. ئەمدى جەڭچىلەرگە ئۆلۈم مۇقەررەرلىكى سېزىلدى. چۈنكى، چېكىنىشنىڭمۇ ھېچ ئىمكانى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار شۇنداق قارارغا كەلدىكى، ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە ئېلىشىش، چېلىشىش، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ مەردلىك بىلەن ئۆلۈش شەرت. . .

جەڭچىلەر سۇدىن باشلىرىنى چىقىرىپ غازنىڭ باللىرىدەك ياتاتتى. ئۇلار ئاخىرقى دەم ئۈچۈن بىر تالدىن ئوقنى ئايرىم ئېلىپ قويۇشتى.

پولات «بەش تال ئوق» نى ئالدى. ئۇنىڭدىن بىر تالنى ئايرىپ يەنە شۇ يانچۇققا سېلىپ قويدى.

تانكىلار يېقىنلىماقتا، جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكى ئادەتتىكىدىن باشقىچە سوقماقتا... ئامال قانچە، كوم ئىزۋۇت رۇخسەتسىز ئوق چىقارماسلىققا بۇيرۇق بەرگەن. جەڭچىلەر كوم ئىزۋۇت رەجەپكە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلمەكتە. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. ئەمما ئۇ ئۇزۇنتۇرا قاردۇۋاي بولسا، «تىش. . . تىش. . .» دەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھېچبىر پەرۋاسىز ياتاتتى.

مانا تانكىلار زەنجىر تاپانلىرىنى شاراقلىتىپ، يانباغىر يولنى بېغىرلاپ كەلمەكتە.

— ئات! — دەپ بىردىنلا بۇيرۇق بەردى رەجەپ ۋە ئۆزىمۇ قولىدىكى تانكا ئاتارنى دەرھال ئىشقا سالدى. بىر پىلىموتمۇ (يەنە بىرى ئاشۇ شېھىتلەر بىلەن قالغانىدى) سايراشقا باشلىدى. شۇنچە داۋراڭ ۋە ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقان ھېلىقى «شا. . . شا. . .» چىلار ھېچبىر ئويلاپ كۈتمىگەن جايدا بالاغا دۇچ كېلىپ، خۇددى شاختىن تۆكۈلگەن قارا ئۈجمىدەك دومىلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭغىچە دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلىغان تانكىنىڭ بىرى قىيسىيىپ توختىۋىدى، كەينىدىكىسى بىرلا پىرقىراپ، خۇددى ئېيىقتەك پايپاسلاپ بەدەر قاچتى.

«شا . . شا . . .» چى باتۇرلارمۇ خۇددى ئۈركۈگەن ھايۋاندەك مالـ-
مان بولۇپ ، بىر - بىرىنى دەسسەپ قاچماقتا ئىدى . ئۇنىڭغىچە
نېرىقى باغنىڭ دوقمۇشىدىكى بايا بىر قانچە يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چىقـ-
قان لەنىتى پوتەيمۇ گۇمبۇرلەپ پارتلىدى . شۇ ئەسنادا بېرىقى پوتەيمۇ
يەر بىلەن يەكسان بولدى . بۇ چاغدا تاپىنى شور توپىغا پېتىپ سىڭايان
ياتقان ھېلىقى تانكىدىن چىققان ئىككى ئالۋاستىمۇ جەھەننەمگە يوللانـ-
دى . ئاخىرقى نۆۋەت تانكىدىن چىققان سېرىق پاچاق ئېگىز ئەرۋاھنى
پولات شۇنداق كېلىشتۇرۇپ ئاتتىكى ، ئۇ ئەبلەخ يىلاندەك تولغانغىنىـ-
چە موللاقلاپ چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتتى .

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەزىمەتلەر ئاشۇلارنىڭ چاڭ - توزاڭـ-
لىرىغا ئارىلىشىپ يۈگۈرۈپ قارا دۆڭ بىلەن شەھەر ئارىلىقىدىكى
«شىخو كۆۋرۈكى» گە يېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا بېكىنىۋالدى .
ئەمدى بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەشكە مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى . چۈنكى ،
كۆۋرۈكنىڭ شىخو شەھىرى تەرىپىدىكى ئېگىز دۆڭگە جايلاشقان ھەيـ-
ۋەتلىك بۇتخانا ۋە ئۇنىڭ سۇرلۇك راۋاقلىرىدىن تىنىمسىز تارتىلداۋاتـ-
قان پىلىموتلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان ئىدى . بولۇپمۇ كۆۋرۈكنىڭ
سەل يۇقىرىراقىدىكى تۈگمەنگە يېقىن ئىككى سۇ ئوتتۇرىسىغا
ئورۇنلاشقان يوغان پوتەي پەقەت مۇشۇ كۆۋرۈك تەرەپتىن بولۇنغۇسى
ئەھۋالغا مۇئەككەلدەك ھەربىر تۆشۈكلىرىنى يىلاننىڭ كۆزىدەك پارـ-
قىرىتىپ توختىماي زەھەر چاچماقتا ئىدى .

تاڭ ئېتىپ ئوبدانلا يورۇق چۈشۈپ قالدى . بۇتخانىدىكى پىلىموتـ-
لارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان قارشىلىقى ، مىللىي ئارمىيە جەڭـ-
چىلىرىگە قانچىلىك ئېغىر توسقۇن بولۇۋاتقانلىقى بارغانسېرى ئوچۇق
سېزىلمەكتە ئىدى .

— يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم دېگەن مۇشۇ ، — دېيىشتى جەڭچىلەر .
ئۇلار يەنە بىر - بىرلەپ يۈگۈرۈپ بىرەر كىشى ساق قالسىمۇ بېرىپ ،
ئاشۇ شۇم بۇتخانىنى چوقۇم گۇمران قىلىش قارارىغا كېلىشتى . شۇ
جاسارەت بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقىنىدا تۈگمەن تۈۋىدىكى پوتەيمۇ زاۋال
تاپتى . لېكىن ، «يىلان ئۆلەر چېغىدا بەك چاقىدۇ» دېگەندەك ، بۇ

ئىپلاس پوتەيمۇ بىرقانچە يىگىتنىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن جىمجىق-
تى .

پولات بىلەن رەجەپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ھەممىدىن بالدۇر ئاشۇ
دەھشەتلىك بوتخانا جايلاشقان دۆڭگە ياماشتى . ئەجەبكى ، گراناتنىڭ
كاپسۇلى بىرەر قانداق بولدىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ رەجەپ سەل
كېچىكتى . پولات بولسا ، ئالدىقاچان بوتخانىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ
بولدى . پايپاسلاپ رەجەپمۇ يېقىنلاۋاتاتتى . تامغا چىڭ چاپلىشىپ
بوتخانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان پولات رەجەپنى ئىلدام ، شەپىسىز
كېلىشكە شەرەت قىلاتتى . كۆردىكى ، تۆت تۆشۈك ئاغزىدا تۆت ئەبلەخ
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئىستانكىمۇۋى پىلىموتنى تۇرلۇك پوكۇس چىقى-
رىپ راسا سايرىتىۋاتاتتى . بولۇپمۇ بۇ تۆتىنىڭ بولۇك تەرەپتىكى
بىرى بىلىكىنى جەيىنىكىگىچە تۇرۇۋېلىپ ، جان - جەھلى بىلەن ئېتى-
ۋاتاتتى . مانا ئەمدى شىخونىڭ تەرەپ - تەرەپتىن يىاڭىرىغان
«ھۇررا...» سادالىرى شۇنچە گۈمبۈرلەۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىنى بې-
سىپ ، ئاسمان - زېمىننى تىترىتىشكە ، تاغ - تاشنى جاراڭلىتىشقا
باشلىدى . بۇ يۈكسەك ۋە ئاسمان - پەلەكنى ياڭراتقان غالىب سادالار
ئەزىمەتلەرنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلىرىنى شۇ قەدەر ئويناتماقتا ئىدىكى ،
ئۇلار شۇ تاپتا بۆدۈنىگە ئېتىلغان لاچىندەك شۇڭغۇپ بارغىنىچە ئاۋۇ
بوت قەلەندەرلىرىنى موكلا باسقۇسى كېلەتتى . ئامال قانچە ، ئاۋۇ
ئىتتەك غىڭشىپ ياتقىنىنى قوشقاندا بوت ئەرۋاھلىرى بەش يېرىم
ئىدى . ھالبۇكى ، جەڭچىلەر ئۇلارنى ئوق زاپە قىلماي جايلاشقا ئەھدى-
لەشكەنىدى . ئىككى ئەزىمەت مانا شۇ شىددەتلىك مىنۇتلاردى ، دەم
بوتخانىغا ئىنتىلىش ، دەم ئارقىغا تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا ،
يەنە ئىككى جەڭچىنىڭ دۆڭگە ياماشقان قارىسى كۆرۈندى . ھەر ئىككى-
سى تەڭلا ئۇلارنىڭ تېز كېلىشىگە قول ئىشارىسى قىلاتتى .

تۆت ئەزىمەت ئۆز نىشانلىرىنى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن ئالغا
ئوقتەك ئاتىلاندى . پولات بولۇك تەرەپتىكى ھېلىقى «ماھىر» پىلىموت-
چىنى گەجگىسىدىن تارتىپ ، جاق ئۇگدىسىغا بېسىپ ، مەيدىسىگە
دەسسىگەندە ، ئۇ بېشى ئېزىلگەن يىلاندەك تېپىرلاپ ، ئاۋازىنىڭ بارىچە

سەت ۋە قوپال ۋارقىراپ ــ جارقىرايتتى .

— ۋاي ··· مە ··· مە ··· مەن ··· مە ··· مەن ئۇرغۇي ··· مە ··· مەن ··· مەن مۇسۇلمان ···

بۇ چاغدا پولات ئاشپەز چېغىدا ئىشلەتكەن تۆمۈر ساپلىق پىچىقىـنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدى . ئۇ :

— مانا ئۇيغۇر بولساڭ ، — دەپ پىچاقنى شۇنداق ئۇردىكى ، ئۇنىڭ ئۇچەي ــ باغرى چۇۋۇلۇپ كەتتى . دەل شۇ چاغدا تەرلەپ ــ تەپچىرەپ ، ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن ئاق سىبمىز جەڭچى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ خوش بولۇپ سەكرەپ كەتتى . قارايدىغان بولسا بۇ لەنتى بۇتخانىدا پوكىنى چۇۋۇلغان ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىققانلار بولۇپ ئون بىر ئۆلۈك بىر ــ بىرىنىڭ جەسەتلىرىنى تەكىيە قىلىپ قانغا چىلىشىپ ياتاتتى .

بىر ئىززۋوت ھېسابىغا قالغان بۇ بەش ئەزىمەت ئەمدى بايراق قاداپ ، ھۆررا توۋلاش ئۇچۇن ئىشكتىن چىقىۋاتقاندا ، قولىغا تاپانچا تۇتقان بىر دۈشمەن ئوفىتسېرىنىڭ ئاكوپ ئىچى بىلەن دوڭغاقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . رەجەپ ئاتاقچى بولۇۋىدى ، پولات دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تەلەپ قىلدى :

— رۇخسەت بولسا ، مەن ئاتسام ···

— مەيلى ، تازا چېنەپ ئات .

ئۇ ئوفىتسېر «پىلىموتنى نىمشقا ئاتمايسەن ۋاڭبادەنلەر» دەپ ، غەزەپلىنىپ كەلسە كېرەك ئەتىمالىم ، «سانى ··· مانى ···» دەپ ئالدىرىغىنىچە يېقىنلاپ ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ : «دا ···» ( ئات ) دېيىشى بىلەن تەڭلا ئۆز كوماندىرىدا ئۆزى «دالى» بولۇپ جەھەننەمگە راۋان بولدى .

پولات ، ئۇ جايى جەھەننەمدە بولغۇرنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئاتتىكى ، ئەبلەخنىڭ مېڭىسى ماغزاپتەك چاچراپ كەتتى . بۇ بىر تال ئوق پولاتنىڭ يانچۇقىغا ئايرىم سېلىپ قويغان ئاشۇ «بەش تال ئوق» نىڭ ئاخىرقىسى ئىدى . بۇ جەڭگىۋار ئوقنىڭ ياڭراق ساداسىنى ، بەلكى ئاشۇ خەتنىڭ ھۆرمەتلىك ئاپتورى ، ئاشۇ چىرايلىق گىمناستور-

كىنىڭ ئۈستىسى شەھەردە خانقىزمۇ ئاڭلاپ تۇرغاندۇ.

1957 ـ يىل 8 ـ مارت، ئۈرۈمچى

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. ھېكايىدىكى خەت يازغان نامەلۇم قىزنىڭ مۇھەببەت ئۆلچىمىدىن ئاشۇ قىزنىڭ قانداق روھىنى ھېس قىلدىڭىز؟

سىز كەلگۈسىدە مۇھەببەت مەسىلىسىگە دۇچ كەلسىڭىز قانداق ئۆلچەمنى قويۇشىڭىز مۇمكىن؟

2. ھېكايىدىكى نامەلۇم خەت مۇبادا بىرەر سۆيگىنى بار يىگىتكە ياكى ئۆي ـ ئوچاقلىق كىشىگە ۋە ياكى بىرەر قىز جەڭچىگە چىقىپ قالغان بولسا قانداق بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن؟ تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار.

3. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ ھەققانىي ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى قايسى نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا قارىتا قارىشىڭىزنى سۆزلەڭ.

1) «ئۇلۇغ بوۋىمىز نەۋائىينىڭ 'ئۆلۈمدىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق'، دېگەن قىممەتلىك گېپى ھەر دائىم ئۇلۇڭ قۇلىقىڭدا بولسۇن!»

2) «'ھۇجۇم'، بۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ مەشرىپى ئەمەستە، ئۇ ھايات ـ مامات چېلىشىشى».

3) «سەن ئۇ بەش تال ئوق بىلەن تەييار بۇ بەش ئۆلەرمەننى جۈندەپلا باتۇر بولماقچىمۇ؟! بۇ، ئۆلگەن يولۋاسنى ئېتىپ ئۆزىنى باتۇر سانىغانلىق بولمامدۇ؟!»

5. تېكىستتىن ھېكمەتلىك سۆزدىن بىرنى تېپىپ، ئۇنى كۆچۈرمە جۈملە شەكلىدە خاتىرىڭىزگە كۆچۈرۈپ بولۇڭ، ھەمدە ئۇنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئۆزگەرتىپ يېزىڭ.

# 11. كاپىتان بوتلېرغا يېزىلغان خەت

ۋىكتور ھيوگو[1]

*كۆچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھقا تويۇنغان بۇ خەتتە
تاجاۋۇزچىلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى غەزەپ بىلەن ئەيىب-
لىنىپ، تاجاۋۇز ۋە تالان - تاراجغا ئۇچرىغۇچىلارغا چەك-
سىز ھېسداشلىق قىلىنغان، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارد-
نى تىترىتىدۇ. بۇ تېكىستنى ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك
ئوقۇڭ ھەمدە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر مەنىنى چۈشە-
نىۋېلىشقا دىققەت قىلىڭ.*

ئەپەندى،

سىز جۇڭگوغا قىلىنغان يىراق يۈرۈشكە قارىتا مېنىڭ قانداق
ئويدا ئىكەنلىكىمنى سوراپسىز. سىز بۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش
قىلىش ھەرىكىتىنى ئەھمىيەتلىك ۋە كاتتا ئىش بولدى دەپ قارايدى-
كەنسىز. مېنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىمغا شۇنچە ئەھمىيەت بەرگىنى-
ڭىزگە كۆپ رەھمەت.

سىزچە، ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە ۋە پادىشاھ ناپولېئوننىڭ بايرى-
قى ئاستىدا جۇڭگوغا قىلىنغان يىراققا يۈرۈش ھەرىكىتى فرانسىيە
بىلەن ئەنگلىيە ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان شان - شەرەپ ئىكەن.
سىز مېنىڭ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ بۇ غەلىبىسىنى قانچىلىك
دەرىجىدە قوللايدىغانلىقىمنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىدىكەنسىز.

---

[1] ۋىكتور ھيوگو — (1802 - 1885) فرانسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى، فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى.

بىلمەكچى بولغان ئىكەنسىز ، ئۇنداقتا تۆۋەندىكىلەر مېنىڭ قاردىشىم :

يەر شارىنىڭ مەلۇم يېرىدە بىر دۇنياۋى مۆجىزە بولغان . ئۇ يۈەنمىڭيۈەن ئىدى . سەنئەتنىڭ ئىككى پرىنسىپى بار : ئۇ بولسىمۇ غايە ۋە تەسەۋۋۇر . غايە ياۋروپا سەنئىتىنى ياراتتى . تەسەۋۋۇر شەرق سەنئىتىنى ياراتتى . پارتېنون ئىبادەتخانىسى① غايە سەنئىتىنىڭ ۋەكىلى بولغىنىدەك ، يۈەنمىڭيۈەن تەسەۋۋۇر سەنئىتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى . ئۇ بىر خەلقنىڭ ، ئادەتتىن تاشقىرى تەسەۋۋۇر كۈچى يارىتالايدىغان بارلىق مۆۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىدى . پارتېنونغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، يۈەنمىڭيۈەن تېپىلغۇسىز ھەم مىسلىسىز كاتتا قۇرۇلۇش ئىدى . ئەگەر تەسەۋۋۇرنىڭ نەمۇنىسى بار دېيىلسە ، ئۇ ، تەسەۋۋۇر سەنئىتىنىڭ ئالىي نەمۇنىسى دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ ئىدى . سىز سۈرەتلەپ كۆرسىتىشكە تىل يەتمەيدىغان بېھىشتەك قۇرۇلۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ . ئۇ بولسىمۇ يۈەنمىڭيۈەن . بۇ ئاجايىپ تەسەۋۋۇر مەنزىرىسى مەرمەر تاش ، ئاق قاشتېشى ، مىس ۋە ساپال سايمانلاردىن ياسالغان ، ياقۇت قويۇپ زىننەتلەنگەن ، شايى - دۇردۇنلار بىلەن قاپلانغان ؛ ئۇنىڭ ئىچىگە تەزىيە سۇپىسى ، ھۇجرىلار ، قورغانلار ياسالغان ، ئەۋلىيا - جىنلارنىڭ بۇتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى . رەڭدار سىرلىرى يالتىراپ ھەشەمەتلىك نۇر چېچىپ تۇراتتى . شائىر خىسلەتلىك ماھىر ئۇستىلار «مىڭ بىر كېچە» دىكىدەك بېھىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە باغ ، كۆل ۋە تۇمانلىنىپ تۇرىدىغان فونتانلارنى ياسىغان . بىمالال ئۈزۈپ يۈرىدىغان ئاق قۇ ، تۇرنا ۋە تورلارنى باققان . بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئاجايىپ ئوي - تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلىگەن ، كىشىنى مەپتۇن قىلىپ ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان قەسىر ئىدى .

مانا بۇ — يۈەنمىڭيۈەن ئىدى . ئۇ ئىككى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ

---

① پارتېنون ئىبادەتخانىسى — گرېتسىيىدىكى مەشھۇر قەدىمكى قۇرۇلۇش ، ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 447 — 432 - يىللىرى ياسالغان .

ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئەمگىكى بىلەن دۇنياغا كەلگەن ئىدى. خۇددى گۈزەل شەھەرگە ئوخشايدىغان، ئەسىر ھالقىغان بۇ قۇرۇلۇش كىم ئۈچۈن قۇرۇلغان؟ دۇنيا خەلقى ئۈچۈن. چۈنكى تارىخنىڭ جەۋھەرلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. دۇنيادىكى سەنئەتكار، شائىر، پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى يۈەنمىڭيۈەننى بىلىدۇ. ۋولتېرمۇ ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. كىشىلەر دائىم گرېتسىيىدە پارتېنون ئىبادەتخانىسى، مىسىردا ئېھرام، رىمدا گىلادىياتورلار مەيدانى، پارىژدا بۇۋى مەريەم چېركاۋى، شەرقتە يۈەنمىڭيۈەن بار دېيىشىدۇ. گەرچە ئۇنى بىرەر كىشى كۆرمىگەن بولسىمۇ ھەممىسى ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، سىرتتىكىلەرگە تونۇش بولمىغان بۇ مەشھۇر قۇرۇلۇش خۇددى زاۋاللىق ئىچىدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا كۆرۈنىۋاتقان يىراقلاردىكى ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە ئوخشايتتى. بۇ مۆجىزە ئەمدى مەۋجۇت بولماي قالدى.

شۇنداق بىر كۈنى ئىككى قاراقچى يۈەنمىڭيۈەنگە كىرىپ، بىرى بۇلاپ ــ تالىدى، يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئوت قويدى. بۇ غەلىبىنى قاراقچىلارنىڭ غەلىبىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىككى غالىب بىرلىكتە يۈەنمىڭيۈەننى ئۇزۇل ــ كېسىل ۋەيران قىلىۋەتتى. پارتېنون ئىبادەتخانىسىنى چۇۋۇپ ئەنگلىيىگە توشۇپ سېتىلىق نامى پۈركەنگەن ئېلجىننىڭ نامىنى كىشىلەر يەنە كۆرگەندەك بولدى.

دەسلەپتە پارتېنوندا كۆرۈلگەن ئىش يۈەنمىڭيۈەندە قايتا يۈز بەردى. بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ ۋەھشىيلەرچە، تېخىمۇ ئۇزۇل ــ كېسىل قىلىنغان بولۇپ، بىرەر پارچە كاھىشىمۇ ساق قالمىدى دېگۈدەك دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان. بىزنىڭ بارلىق چېركاۋلىرىمىزدىكى ئېسىل نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغساقمۇ بۇ ئاجايىپ تەڭداشسىز، كۆركەم، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شەرق مۇزېيخانىسىغا يەتمەيتتى. ئۇ يەردە نەپىس سەنئەت بۇيۇملار بولۇپلا قالماستىن، يەنە ساناپ تۈگەتكۈسىز ئالتۇن ــ كۈمۈش، مال ــ دۇنيا بار ئىدى. نېمىدېگەن ئۇلۇغ تۆھپە! نېمىدېگەن تاسادىپىي بايلىق! بۇ ئىككى غالىبىيەتچى

بىرى تاغىرنى ، يەنە بىرى ساندۇقىنى تولدۇرۇپ ، قولتۇقلىشىپ ، قاش ـ كۆزلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ياۋروپاغا قايتىپ كەلدى . ئىككى قاراقچىنىڭ ھېكايىسى مانا مۇشۇ .

بىز ياۋروپالىقلار ئۆزىمىزنى مەدەنىيەتلىك كىشىلەر دەيمىز . بىزنىڭ نەزەرىمىزدە جۇڭگولۇقلار ياۋايىلار ، لېكىن مەدەنىيەتلىكلەرنىڭ ياۋايىلارغا قىلغان ـ ئەتكىنى مانا شۇ .

تارىخ ئالدىدا بۇ ئىككى قاراقچىنىڭ بىرى فرانسىيە ، يەنە بىرى ئەنگلىيە دەپ ئاتىلىدۇ . بىراق ، مەن ئۇلارنى ئەيىبلەيمەن . شۇنداقلا سىزنىڭ مېنى شۇنداق پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن .

ھۆكۈمرانلارنىڭ جىنايىتى ھەرگىز ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ خاتالىقى بولمايدۇ . ھۆكۈمەتمۇ بەزىدە قاراقچىغا ئايلىنىدۇ . لېكىن خەلق مەڭگۈ ئۇنداق بولمايدۇ .

فرانسىيە ئىمپېرىيىسى ئولجىنىڭ يېرىمىنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالدى . ئۇ ھەتتا ھازىرغىچە ئۆزىنى سەلتەنەت قۇچقان خوجايىن چاغلاپ ، بۇلاپ كەلگەن ئاجايىپ گۈزەل قەدىمي ئاسارىئەتىقىلەرنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كەلمەكتە . مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە فرانسىيىنىڭ باشقىدىن تۆرىلىپ ، ئىچى ـ تېشىنى قىرىپ ـ تازىلاپ ، ناھەق قولغا كىرگۈزۈۋالغان مال ـ دۇنيانى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

ھازىر مەن بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋەقەسىنىڭ بولغانلىقىغا ، بۇ ۋەقەنى ئىككى قاراقچى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا گۇۋاھ بولىمەن .

ئەپەندى ، جۇڭگوغا قىلىنغان يىراق يۇرۇشكە قارىتا مېنىڭ مەدھىيە سۆزلىرىم مانا مۇشۇ .

ۋىكتور ھيوگو

1861 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . تېكىستنى ھېسسىياتلىق ھالدا تولۇق ئوقۇپ چىقىڭ ھەمدە يۈەنمىڭيۈەن باغچىسى مەدھىيىلەنگەن جۈملىلەر بىلەن تاجاۋۇزچىلار مەسخىرە قىلىنغان جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا ئايرىم ـ ئايرىم سىزىپ ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىڭ .

2 . ۋىكتور ھيوگوغا بىر پارچە خەت يېزىپ ، بۇ تېكىستتىن ئالغان تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

# 12 . مۇھەببەت ھەم نەپرەت

لۇتپۇللا مۇتەللىپ[1]

دۈشمەن غالجىرلاپ ،
يېزىغا تاشلاندى .
توپلار گۈلدۈرلەپ
ھۇجۇم باشلاندى .

ئۆرۈلۈپ تاملار ،
باستى ياپونلار ،
بالا ـ چاقىلار ،
زار قاقشاپ يىغلار .
ۋەيرانلىق تاشتى ،
ھەددىدىن ئاشتى .
تاغلارنى كۆزلەپ ،
ئەللەرمۇ قاچتى .
— بىزلەرمۇ ئەلدىن
قالمايلى موماي .
قۇتۇلۇشقا ئۇتتىن ، —
دېدى چالا بوۋاي .

[1] لۇتپۇللا مۇتەللىپ — (1922 ـ 1945) ھازىرقى قازاقىستاندا قاراتلىق يەتتە سۇ رايونىدا تۇغۇلغان . 1931 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەن . ئۈرۈمچىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان . «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان . كېيىن «ئاقسۇ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان . ئاقسۇدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن . ئۇ داڭلىق ئىنقىلابىي شائىر .

يىغىشتۇرۇپ
نەرسە - كېرەكنى ؛
ئالدىراشلىقتا
تاڭدى يۈكنى .
تۇيۇقسىزدىنلا
ئىشىك ئېچىلدى .
ئىس ۋە توپىلار
ئۆيگە چېچىلدى .
ۋۇجۇدى خاراپ
بىر يىگىت كىردى .
چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ
ئېگىرقاپ تۇردى .
كۆزلىرى ئاينىچ
مەيۇس پاللىدار ،
كەلەتى ئۆمسە ،
تېنى غالىلدار .
مىلتىق ستۋوللىرى
يەرگە قارىغان .
جانسىز قوللىرى
پەسكە ساڭگىلىغان .
بوۋاي ھەم موماي
لام - جىم دېمىدى ،
بىر كۆرۈش بىلەن
ئوغلىنى تونۇمىدى .
يات بىر قىياپەت
غۇدىيىپ تۇرار ،
كۆرمىگەن پەقەت
گەۋدە كۆرۈنەر .
ۋاقىتسىز كېلىش

ئۆبھىگە قويدى .
گوياكى بوۋاي
ئۆزىنى سويدى .
چوڭقۇر كۆزلىرى
ياندى نەپرەتتە .
پاتقاندەك بولدى
چوڭقۇر كۆلپەتكە .
كەكە ساقىلى
تىترەپمۇ كەتتى .
ئەلەم - غەزىپى
سۆڭەككە يەتتى .
ئېيت نېمە ئۈچۈن ،
كەلدىڭ بۇ ياققا ؟
ھەممە كۆرەشتە
بويالسا قانغا .
قانلىق سوقۇشلار
ئەۋج ئېلىۋاتسا ،
دۈشمەن ئېلىڭگە
زۇلۇم سېلىۋاتسا .
دۈشمەننى يېڭىپ
سوقۇش بېسىلغاندا ،
غەلىبە تۇغى
ئېگىز ئېسىلغاندا ،
كەلسەڭ بولمامدۇ ،
ئاندىن بۇ ياققا...
ئالمامدۇق سېنى
ئاندىن قۇچاققا .
قارشىلىڭ غەلىتە ،
ئەھۋالىڭ ناچار .

كەچۈرمىشىڭنى
قىل ئەمدى ئىزھار...

بېرىلگەن سوراق،
جاۋىنى تىترەتتى .
موماي ئېچىنىپ :
«قوي، تەگمە!» — دېدى .
بوۋاي مومايغا
ئالىيىپ قارىدى .
گويا كۆز بىلەن
ھەقنى ئايرىدى :
سوئالدىن ئۆتكەي ،
راست جاۋاب بەرگەي .
باشتىن ئۆتكەننى
قويماستىن دېگەي .
سۆزىنى ئاڭلاپ ،
ئوبدان چۈشىنەي ،
نېمىگە كەلدى ،
ئاندىن ئىشىنەي .
شۇندىلا بالام
ھەم جان قوزام دەي .
باغرىمغا بېسىپ ،
يۈزىدىن سۆيەي .
قىزاردى ئوغلى
ھودۇقۇپ كەتتى .
خىجىللىق دەردى
يۈرەككە يەتتى .
گويا تەگكەندەك
ئۈستىگە قامچا ،

ماڭلايدىن ئاقتى
چىپىلداپ تامچا .
— سىلەرنى سېغىندىم ،
شۇڭلاشقا كەلدىم .
ئاخىرقى ئۆمرۈمدە
بىللە ئۆلەي دېدىم .
— كەچتىم سېنىڭدەك
مېنىڭ ئوغلۇم يوق .
سەندەك ئوغۇلسىز
مېنىڭ كۆڭلۈم توق .
مۇنداق ئوغۇللۇق
ساڭا ئەمەس خاس .
قورقۇش ۋە تىترەش
ھەرگىز ياراشماس .
نېمە قىلساڭ قىل ،
بىزلەر كېتىمىز .
پارتىزانلارغا
بېرىپ يېتىمىز .
ئاداققى ئۆمرۈمدە
ۋەتەن دەپ ئۆلەي .
ۋەتىنىم ئۈچۈن
ساپ قېنىم تۆكەي ، —
دېدى گەپ - سۆز يوق ،
مومايىنى يېتىلىدى .
ئىشىك تەرەپكە
ئوقتەك ئېتىلدى .
يىگىت ھەيكەلدەك
قېتىپلا قالدى .
چوڭقۇر خىيالغا

پېتىپلا قالدى .

II

تالاغا چىقتى ،
قارىدى ئۆزاققا ،
بوۋاي ۋە موماي
كەتكەن يىراققا .
قىشنىڭ شامىلى
چىقىپ ئۆتىدۇ .
يېڭى ئىزلارنى
كۆمۈپ كېتىدۇ .
ئۆپچۆرە خاراب ،
قارا كۆل بولغان .
باغۇ بوستانلار
دەشتۇ چۆل بولغان .
ھېسابسىز جەسەت
دۆۋىلىنىپ ياتقان ،
يېزىنىڭ ئىچى
قانلارغا پاتقان .
لوغۇلداپ يالقۇن
ئەتراپنى قاپلار .
ۋەھشىي ياپونلار
پاك جاينى تاپلار .
تۈن قاراڭغۇسى
كەلدى ـ دە ، باستى .
گوياكى ئۇنى
تىك دارغا ئاستى ،
ئۇنىڭ يۈرىكى
خۇددى ئىدى تاش .

دارنىڭ ئاستىدا
ئەگمەس ئىدى باش .
كۆزى يۇمۇلۇپ ،
يەنە ئېچىلدى ،
خۇددى ئالدىغا
نۇرلار چېچىلدى .
كۆردى ئالدىدا
باشقىچە گەۋدە ،
چېھرىدە يېڭىش
قىلار تەنتەنە .
يۈزى قىپقىزىل ،
خۇددى جىنەستە ،
زىلۋا بويلىرى
سىرلىق گۈلدەستە .
يىگىتنىڭ كۆزى
يوغان ئېچىلدى ،
پەرۋانىدەك ئۇ قىزغا ئېتىلدى .
— سەنمۇ ئومىقىم ،
سۆيگۈنۈم يۈلى ،
بەختىم بېغىنىڭ
ئېچىلغان گۈلى .
بىراق ، ياش قىزچاق ،
چېكىندى دەرھال ،
ئۆزگىرىپ رەڭگى ،
تىترىدى غال - غال .
— توختىغىن ، تۇتما ،
ماڭا قول سوزما .
مۇھەببەت شەرتىن
ۋاقىتسىز بۇزما .

ئەسكەر ئىدىڭ سەن ،
نېمىگە كەلدىڭ ؟ !
ئۇشتۇمتۇت كەپسەن ،
كىمنى سېغىندىڭ ؟ !
قېنى سەندىكى
ياشلىق ئىرادە ؟
قېنى سەندىكى
ئادالقى ۋەدە ؟ !
قېنى كۈرەشتە باتۇر بولغىنىڭ ،
دۈشمەننى سۈرۈپ ،
تارمار قىلغىنىڭ ؟
قېنى ۋەتەنگە
جاننى بەرگىنىڭ ؟ !
قېنى دۈشمەنگە
كۆكرەك كەرگىنىڭ ؟ !
قېنى ، ئېيتقىنا ،
چىن مۇھەببىتىڭ ؟ !
ۋەدىلەر بېرىپ ،
يازغان ئۇ خېتىڭ ؟ !
ھەربىر كۈرەشتە ،
ئۇلۇغ تەۋرەشتە ،
غەلىبە قۇچۇپ ،
يازىمەن دېگىنىڭ ؟ !
پولاتتەك چىڭىپ ،
دۈشمەننى يېڭىپ ،
ئۇستۇنلۇك ئېلىپ ،
بارىمەن دېگىنىڭ ؟ !
ھەممىسى يالغان ،
سەندەك يارىم يوق ،

يولىغا باققان
ئىنتىزارىم يوق .
مۇھەببەت ئەسلى .
كۆرەشتە ئاشار .
ئۇندىن كۈچ ئېلىپ ،
دولقۇنلاپ تاشار .
مەنزىلگە بارماي ،
بۇندا قېلىپسەن ،
كۆرەشتىن قېچىپ ،
يولدىن تېيىپسەن .
خوش ئەمىسە ، جانىم ،
تاغقا كېتىمەن ،
پارتىزانلارغا
بېرىپ يېتىمەن .
دېدى - دە ، قارىدى
ئوينىاق كۆزىدە .
بار ئىدى غەزەپ
ئوتلۇق سۆزىدە .
يىگىت بىر هازا
تاش بولۇپ قاتتى .
تىرىكلا تۇرۇپ ،
قەبرىگە پاتتى .
بۇ مۇھەببەتنىڭ ،
نەپرىتى ئىدى .
ئەلنى سۆيۈشنىڭ
قىزغىن تەپتى ئىدى .

1942 - يىل ئىيۇل ، ئۈرۈمچى

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . بۇ داستاننى ئوقۇپ ھەققانىي ئۇرۇشنى ياقلايدىغان پىكىر ۋە ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن مىسرالارنى تېپىپ چىقىپ ، دېكلاماتسىيە قىلىڭلار .

2 . قاچاق ئەسكەر جاڭنىڭ ئاقىۋىتىدىن نېمىنى ھېس قىلغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

3 . داستاننىڭ تىلىدىن ئەينى يىللارغا خاس قانداق ئۆزگىچىلىكلەرنى بايقىدىڭلار .



ئوقۇپ هوزۇرلىنىڭ

# ئەركىنلىك

پېتوفى[①]

هايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت ،
هاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت .
لېكىن ، كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن ،
ئازادلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت .

ئەركىنلىك ، ئازادلىق ئىنسان ئۈچۈن تەڭدىشى يوق بەخت . ئۇنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان كىشىلەرلا چوڭقۇر چۈشىنىدۇ . شائىر مەھكۇم مىللەتنىڭ ئوغلى بولۇش ۋە مىللىي ھۆرلۈك ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ شېئىرىدا كەسكىن ، مۇرەسسەسىز ھېسسىياتىنى تولىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىگەن .

① پېتوفى ساندور — (1822 ـ 1849) ۋېنگرىيىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر شائىرى . ۋېنگرىيىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق يولىدىكى كۈرەشتە چاقىرىق كۈچى كۈچلۈك جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ زور تەسىر قوزغىغان . ئۆزىمۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ 26 يېشىدا جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان .

# ئۆلۈم ئالدىدا

ئەنۋەر ناسىرى[①]

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قويۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان.
تىتىلغان تەن، تۇگۇلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

1942 ـ يىل

*بۇ شېئىردا جاللات شېڭ شىسەي دەۋرىدە تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا دۇچار بولغان ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئوغلانلارنىڭ قەيسەر ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ شېئىر گويا ماھىرلىق بىلەن سىزىلغان بىر پارچە ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا بىر تىز پۈكمەس ئەزىمەتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان قەيسەر ئوبرازى ۋە غەزەپلىك ھېسسىياتى بار.*

① ئەنۋەر ناسىرى — (1914 ـ 1946) غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1930 ـ يىللارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 32 يېشىدا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

# بېرلىندا

## ئوۋلېر (ئامېرىكا)

پويىز بېرلىندىن ئاستا - ئاستا ئايرىلدى . ۋاگونلاردا پۈتۈنلەي ئاياللار ۋە باللار بولۇپ ، بىرمۇ ساغلام ئەر كىشىنى كۆرگىلى بولمايتتى . پەقەت بىر ۋاگوندا چاچلىرى ئاقارغان ، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بىر قېرى ئەسكەر ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ناھايىتى ئاجىز ھەم كېسەلچان بىر موماي ئولتۇراتتى . ئۇ موماي چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى . يولۇچىلار ئۇنىڭ «بىر ، ئىككى ، ئۈچ» دەپ ساناۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى پويىزنىڭ «تاق - تۇق» قىلغان ئاۋازىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى . موماي بىردەم توختاپ يەنە ساناشقا باشلىدى . ئىككى قىزچاق بۇ غەلىتە ئەھۋالنى كۆرۈپ ، بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ ، ئۆزلىرىچە كۈلۈشۈپ كەتتى . بوۋاي ئۇلارغا ئالىيىپ قويدى ، شۇنىڭ بىلەن ۋاگوننىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى .

«بىر ، ئىككى ، ئۈچ» ئېسى يوق موماي يەنە ساناشقا باشلىدى . ھېلىقى ئىككى قىزچاق يەنە كۈلۈشۈپ كېتىشتى . شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئاق چاچلىق قېرى جەڭچى قەددىنى رۇسلاپ ئۇلارغا : «خېنىملار ، بۇ بىچارە موماي مېنىڭ ئايالىم ئىكەنلىكىنى دەپ بەرسەم ، كۈلمەسلىكىڭلار مۇمكىن . بىز يېقىندىلا ئۈچ ئوغلىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق . ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى . ئەمدى ئالدىنقى سەپكە ئۆزۈم بېرىشقا توغرا كەلدى . شۇڭا مەن كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئانىسىنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئەكېتىۋاتىمەن .»

ۋاگوننىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى . بۇ جىمجىتلىقتىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى .

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

# دۇنيادا قىلىچ قاچانمۇ ساپانغا ئىلاندۇرۇلار

بىز تىنچلىقنى سۆيىمىز، بىز ئۇرۇشتىن بىزار. لېكىن بۇ دۇنيادا مىلتىق، زەمبىرەك ۋە بومبىلارنىڭ ئاۋازى پوجاڭزا ۋە ساليوتلارنىڭ ئاۋازىدىن مۇتلەق كۆپ. ئەمدىلا بىز بىلەن خوشلاشقان 20 - ئەسىرنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، پۈتكۈل دۇنيادا يۈز بەرگەن چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلار 400 قېتىمدىن ئاز ئەمەس! ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا، ئىنسانىيەت ناھايىتى ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلىدى. جۇڭگودا 18 - سېنتەبىردىكى توپ ئاۋازى، 7 - ئىيۇلدىكى لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىدە ياڭرىغان مىلتىق ئاۋازى ۋە نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن 300 مىڭ قېرىنداشنىڭ ۋىدالىق نىداسى ھەرۋاقىت بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. 21 - ئەسىرنىڭ بۈگۈنكى كۈنىگە كەلگەندە، بىز تىنچلىققا تېخىمۇ موھتاج بولماقتىمىز. لېكىن ئۇرۇش بىزدىن يىراقلاپ كەتكىنى يوق. دۇنيادا قىلىچ قاچانمۇ ساپانغا ئىلاندۇرۇلار؟ ئۇرۇش ۋەھىمىسى تۈگەپ، قاچانمۇ مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئىشقا ئاشار؟

ھەركىم ئۆز قىزىقىشىڭلار ۋە شارائىتىڭلارغا ئاساسەن، مۇئەللىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۆۋەندىكى تېمىلارنى تاللاپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىڭلار:

**1. قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۇرۇشلاردىن قايسىلىرىنى بىلىسىلەر**

تۆۋەندىكى ئۈچ خىل پائالىيەتتىن خالىغان بىرىنى تاللاشقا بولىدۇ. بۇنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇرۇشقا بولغان دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە بولالايسىلەر:

1. كىتابخانا، كۈتۈپخانا، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىقلاردىن ماتېرىيال ئىزدەپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا قايسى چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە نەتىجىسىگە بولغان چۈشەنچەڭلارنى ئاشۇرۇڭلار ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بىلىۋېلىڭلار.

2. ئۇرۇش ھەققانىي ئۇرۇش ۋە ئادالەتسىز ئۇرۇش، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، ۋەتەنداشلىرىمىزنى قىرغىن قىلغانلىقى ئادالەتسىز ئۇرۇشتۇر. جۇڭگو خەلقىنىڭ قوزغىلىپ ئۇلارغا قارشى تۇرۇشى، دۈشمەنلەرنى يوقىتىشى ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن بولۇپ، ھەققانىي ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇشى بولۇپ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلغان ھەققانىي ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى ئاساس قىلىپ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار: ① نېمە ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش پارتلىدى؟ جۇڭگو خەلقى بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق بەدەل تۆلىدى؟ بۇ ئۇرۇشقا كىم جاۋابكار؟ ② «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» قانداق شارائىتتا يۈز بەردى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بۇ ئۇرۇشتا قانداق ھەمكارلاشتى، «11 ماددىلىق

بېتىم» نېمە ئۈچۈن تۈزۈلدى؟ ماۋزېدۇڭ بۇ ئۇرۇشقا نېمە ئۈچۈن يۇقىرى باھا بەردى؟

3. دېڭ شياۋپىڭ «تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات ھازىرقى دۇنيانىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى» دېگەنىدى. لېكىن، ۋەزىيەت بىز كۈتكەندەك ئۈنچىۋالا ياخشىمۇ ئەمەس، دۇنيا مىقياسىدا يەنىلا ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچكىنى يوق. يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق ئۇرۇشلار (پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، كوسوۋو ئۇرۇشى، تېررورچىلىققا قارشى ئۇرۇش، ئىراق ئۇرۇشى قاتارلىقلار) ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە ئاساسەن، ئۆز كۆزقاراشلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

## 2. تارىخنى ئەستە تۇتۇپ، تىنچلىقنى قەدىرلەش

تىنچلىق ئاپتىپىغا چۆمۈلۈپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. تۆۋەندىكى ئۈچ تۈردىن بىرىنى تاللاپ، پائالىيەت ئۆتكۈزۈڭلار:

1. يۇرتىڭىز ئەتراپىدا ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەردىن قېپقالغان ئۇرۇش خارابىلىرى بولۇشى مۇمكىن. سىنىپ بويىچە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇرۇش خارابىلىرىنى ئىزدەپ بېقىڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇشقا، پېشقەدەملەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئەينى مەزگىلدىكى ئىشلارنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا خاتىرە قالدۇرۇڭلار. ئىمكانىيەت بولسا، سىنئالغۇغا ئېلىۋالساڭلار، ھېچبولمىغاندا رەسىمگە تارتىۋالساڭلارمۇ بولىدۇ. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، بىر پارچە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ، كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭلار ۋە ئويلىغانلىرىڭلارنى بايان قىلىڭلار.

2. ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، ئۆيۈڭلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىرەر پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ياكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەڭچىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ياكى زىيارەت قىلىپ ۋە ياكى ئۇلارنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ھەققىدىكى ئەسلىمىسىنى ئەڭلەپ بېقىڭلار.

3 . سىنىپ بويىچە بىر قېتىملىق ھېكايە ئېيتىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ ، ليۇ خۇلەن ، دۇڭ سۇنرۇي ، خۇاڭ جىگۇاڭ ، رىزۋانگۇل ياكى ئۆزىڭىز بىلىدىغان باشقا قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەڭ-لار . قېنى كىم ئەڭ تەسىرلىك سۆزلەيدىكىن .

## 3 . ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇرۇش

تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىدىن خالىغان بىرىنى تاللاپ ، مەخسۇس تېمىلىق سىنىپ يىغىنى ئېچىڭلار :

1 . سىلەر بەلكىم ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن بەزى ئەدەبىي ئەسەر ، كىنولارنى كۆرگەن بولۇشىڭلار ، ئېچىنىشلىق ئۇرۇش مەيدانىدىكى قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئوبرازىنى كۆرۈپ ، ئۇرۇشقا قارىتا يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولۇشۇڭلار ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇش تېما قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن بەلگىلىك تونۇش ھاسىل قىلغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن .

△ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى دېك-لاماتسىيە قىلىڭلار .

△ ئېسىڭلاردا قالغان بىرەر ھېكايىنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

△ مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان بىرەر پېرسوناژنىڭ ئوبرازى ھەققىدە پىكىرلىشىپ كۆرۈڭلار .

△ بۇ ئەسەرنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىنى باھالاپ بېقىڭلار .

2 . ئۇرۇش جەريانىدا مول ئۇرۇش مەدەنىيىتى ھاسىل بولىدۇ . بۇنى چۈشىنىش ئوخشاشلا بىزنىڭ مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرىمىزنى ئا-شۇرىدۇ . تۆۋەندىكى ئىككى تۈر بويىچە ئىزدىنىپ ، پىكىر ئالماشتۇ-رۇڭلار :

△ ئۇرۇش ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر .

△ ئۇرۇش ھەققىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر .

## 4 . قىلىچنى ساپانغا ئۆزگەرتىش

تۆۋەندىكى تېمىلاردىن بىرىنى تاللاپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىڭلار :

1 . «قىلىچنى ساپانغا ئۆزگەرتىش» ھەيكىلىنىڭ ب د ت باش شتابى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا قىرىق نەچچە يىل بولدى .

لېكىن تىنچلىق قوڭغۇرىقى پۈتكۈل دۇنيادىكى تىنچلىققا تەلپۈنگۈچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈنلا چېلىنغىنى يوق . ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم ھېلىمۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ئاياغ ئاستى قىلىپ كەلمەكتە . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟

2 . بەزىلەر ، ئۇرۇش بەئەينى بىر تال تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ ، بىر يۈزى پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، يەنە بىر يۈزى جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسىدۇ ، دېگەن . سىلەر بۇ خىل قاراشقا قوشۇلامسىلەر ؟

3 . «بىز ئۇرۇشقا قارشى تۇرىمىز ، ئەمما ئۇرۇشتىن قورقمايـ مىز» دېگەن سۆزگە قانداق مەنە يوشۇرۇنغان ؟



4 . سىلەرچە كەلگۈسى دۇنيادا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئىشقا ئاشامدۇ ؟ قانداق قىلـ غاندا ھەقىقىي تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ؟

يۇقىرىقى پائالىيەتلەر ئاساسىدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭلار . بۇنىڭدا تۆۋەندىكى تېمىلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللىساڭلار بولىدۇ :

△ بۇ قېتىم قانات يايـ دۇرغان مەلۇم بىر پائالىيەتـ نىڭ جەريانىنى بايان قىلىڭـ لار .

△ مەلۇم بىر ئىش ياـ كى مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ باھالاڭلار .

△ كەلگۈسى ئىلغار قوراللار ۋە ئۇرۇشلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇـ رۇڭلارنى يېزىپ بېقىڭلار .

ئەسەر ژانىرىنى ئىختىيارىي بېكىتىڭلار . ھەجمى چەكلەنمەيدۇ .

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

### 1. ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلار

1) بارمىساق گەر ئۇرۇش قىلغىلى ،
دۈشمەنلەر
ئۆلتۈرىدۇ بىزلەرنى چوقۇم .
دەر يەنە تېخى
نوقۇپ تۇرۇپ سۆڭەكىمىزنى :
بۇلارغا ئەزەلدىن قۇللۇقتۇر ئۇدۇم !
(تيەن جيەن : «بارمىساق گەر ئۇرۇش قىلغىلى» دىن )

2) كېرەكمىكىن رۇسلارغا ئۇرۇش ؟
ئەڭ ياخشىسى سوراپ بېقىڭلار .
جاۋاب بەرسۇن جىمجىت دالىلار ،
تاغۇ تاشلار ۋە گۈزەل باغلار .

يەنە بېرىپ سوراپ بېقىڭلار ،
جەڭچىلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن .
پەرزەنتلىرى جاۋاب بېرىدۇ :
«رۇسلار بەكمۇ بىزار ئۇرۇشتىن .»

ئۇلار يالغۇز ۋەتەن ئۈچۈنلا
قۇربان بولغان جەڭچىلەر ئەمەس .
دۇنيا خەلقى ئۈچۈن قان تۆكتى ،
شۇڭا ئىزى مەڭگۇ كۆمۈلمەس .

. . .

ئانىلاردىن سوراپ بېقىڭلار ،
ئايالىمدىن سوراپ بېقىڭلار .
بىلىسىلەر شۇندىلا سىلەر ،
خالامدىكىن ئۇرۇشنى رۇسلار .
(يېفتوشېنكو : «كېرەك ئەمەس رۇسلارغا ئۇرۇش» تىن )

## 2 . ئاننى ۋە ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

ئاننى فرانك 1929 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گېرمانىيە. نىڭ فرانكفۇرد شەھرىدىكى بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . دادى. سى بىر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ، ئاپىسى بىر مۆتىۋەر ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ ، ئۇ كىچىكىدىن ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان ، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشكەن ، ھەقىقەتەن ئارزۇلۇق قىز ئىدى . 1933 ـ يىلى ناتسىست. لار تەختكە چىققاندىن كېيىن ، ئائىلىسى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە گوللاندىيەدىكى ئامستېردامغا كۆچۈپ بارىدۇ . 1940 ـ يىلى ناتسىست گېرمانىيىسى گوللاندىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، دەھشەت. لىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا 1942 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۇلار ئائىلە بويىچە پرىنسېن دەريا بويىدىكى بىر ئۆيگە (ھازىرقى ئاننى فرانك خاتىرە سارىيى ) مۆكۈنۈپ ، بالىخانىسىدا 25 ئاينى ئۆتكۈزىدۇ .

13 ياشلىق بۇ يەھۇدىي قىز شۇ جايدا تۇرۇپ غېرىبسىنىشلىرى ، قورقۇنچى ، بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشى ھەمدە كېلەچەك ھەققىدىكى گۈزەل ئارزۇلىرىنى كۈندىلىك خاتىرە قىلىپ يازغان . كېيىن باشقىلار كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇ 1944 ـ يىل 8 ـ ئايدا قولغا ئېلىنغان ، 1945 ـ يىل 3 ـ ئايدا جازا لاگېرىدا ئۆلتۈرۈلگەن . شۇ يىلى ئۇ ئاران 16 ياشتا ئىدى . 1947 ـ يىلى «ئاننىنىڭ خاتىرىسى» گوللاندىيەدە نەشر قىلىنغان ، كېيىن 55 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنى. غان . خاتىرە سارايغا كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان بۇ كۈندىلىك خاتىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ قويۇلغان .

بۇ قىز ئەنسىز يىللاردىكى ھايات ۋە تۇرمۇشقا بولغان قاراشلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ : «مەن باشقا قىزلارنىڭ تېخىمۇ بالدۇرراق ئويلىنىشنى تىلەيمەن . مېنىڭچە ، ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە مەسئۇلىيەتچان بولۇشى كېرەك» دەپ يازغان . كۈندىلىك خاتىرىسى. دىن ئۇنىڭ فاشىستلار بىلەن ئۇرۇشقا نەقەدەر ئۆچ ، تىنچلىققا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكى ئوچۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ .

تۆۋەندىكىلەر ئاننىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن پارچىلار :

ئەڭ قەدىرلىك گىد :

كۈن نۇرى جۇلالىنىپ تۇرماقتا ، ئاسمان كۆپكۆك ، مەيىن شامال يۈزۈمنى سىيپاپ ئۆتمەكتە . مەن شۇ تاپتا ھەممە نەرسىگە : مۇڭدىشىشقا ، ئەركىنلىككە ، دوستلۇققا ، كوچىلاردا ئۆزۈم يالغۇز سەيلە قىلىشقا شۇقەدەر تەشنا . مەن . . . راسا قانغۇچە بىر يىغلىۋالغان بولسام ، ھە ! شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن . يىغلىۋالغان بولسام ئىچ ـ قارنىم بوشاپ قالغان بولاتتى . لېكىن يىغلىسام بولمايدۇ . پەقەت بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە كىرەلەيمەن . دېرىزە قاپقىقىنىڭ يوچۇقلىرىدىن قاراپ ، يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن ھالدا نەپەس ئېلىپ : ئاخىر بىر كۈنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا يېتىمەن . . . دەيمەن .

مەن ئويلايمەنكى ، قەلبىم باھار ھىدىنى ئېلىپ بولدى . مەن ئويلايمەنكى ، باھار ئويغانماقتا ، مېنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بۇنى تۇيۇپ تۇرماقتا .

(1944 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى )

بىز دائىم ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا : «ئۇرۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى ؟ ئادەملەر نېمىشقا تىنچلىق بىلەن چىقىشالمايدىغاندۇ ؟ مۇشۇنچىۋالا زور ۋەيرانچىلىق قىلىشىپ زادى نېمىگىمۇ ئېرىشەر ؟» دەيمىز . بۇنى دېمىسەممۇ سىز ئويلاپ يېتەلەيسىز .

بۇنداق سوئاللارنى قويۇشنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ . لېكىن تا ھازىرغىچە ھېچكىم بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگىنى يوق . ئەنگلىيىلىكلەر نېمە ئۈچۈن ئايروپىلاننى بارغانچە چوڭ ھەم پۇختا ياسايدۇ ؟ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن قايتىدىن قۇرۇلىدىغان يېڭى ئۆيلەرنىڭ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى نەچچە مىليون دوللار خەجلەپ ئۇرۇش قىلىدىيۇ ، تېببىي ئىلىم تەتقىقاتى ، سەنئەتكارلار ۋە كەمبەغەللەرگە بىر تىيىن بەرمەيدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئاچ ئۆلىدىيۇ ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىـ

-رىدا دۆۋە ـ دۆۋە ئاشلىقلار سېسىپ كېتىدۇ؟ ھەي، ئادەملەر نېمىش-
قىمۇ مۇنچىۋالا تەلۋىلىشىپ كېتىدىغاندۇ؟
(1944 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)

3. ئۇرۇش ھەققىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر

پەقەت ئۆلۈكلا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.
— ئەپلاتون (گرېتسىيە)

قوراللىق كۈچتىن ئايرىلغان ئادالەت كۈچسىز بولىدۇ؛ ئادالەت-
تىن ئايرىلغان قوراللىق كۈچ مۇستەبىتلىك ھېسابلىنىدۇ.
— پاسكال (فرانسىيە)

جەڭدە كىم ھوشيار ۋە سەگەك بولسا،
شۈبھىسىزكى، ئۇ دۈشمەنگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇرۇشنى ئۇزارتسا، دۈشمەن ئەقىل تېپىۋالىدۇ،
كۆپنى كۆرگەنسېرى، كىشىنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەسكەر بىلەن خەلق غەلىبىنىڭ ئاساسى.
— ماۋ زېدۇڭ

دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا، بىز چېكىنىمىز، دۈشمەن چېكىنسە،
بىز قوغلايمىز؛ دۈشمەن جىم تۇرۇۋالسا، بىز پاراكەندە قىلىمىز،
دۈشمەن چارچىسا، بىز ھۇجۇم قىلىمىز.
— ماۋ زېدۇڭ

مەيلى قوشناڭ ياكى ئاتاڭ بولسۇن، ئەزگۈچى بولسىلا، ئۇ

سىنىڭ دۈشمىنىڭ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## 4 . تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى

ئۆز ئارا ئىگىلىك هوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە هۆرمەت قى‐لىش ؛ ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ؛ ئۆز ئارا ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ؛ باراۋەرلىكتە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ؛ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش .

## 5 . كەلگۈسى ئۇرۇشلاردىكى يەتتە چوڭ ئىلغار قورال

21 ـ ئەسىردىكى ئۇرۇشلار ئىلغار قوراللار مۇسابىقىسى ۋە كۈچ سىپلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ . ئالىملار ۋە ھەربىيشۇناسلار كەلگۈسى ئۇرۇشلاردا يەتتە چوڭ ئىلغار قورال ئۇرۇش مەيدانىدا دەۋر سۈرىدۇ ، دەپ قىياس قىلىشماقتا . ئۇلار : لازېرلىق قوراللار ، كۆ‐رۈنمەس قوراللار ، بىر ئەسكەرلىك هۇجۇم قىلىش ـ قوغدىنىش قوراللىرى ، مىكرو دولقۇنلۇق قوراللار ، نامى قوراللىرى ، ئۇچۇر قوراللىرى ۋە ئادەمسىز قوراللار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .





# كۆركەم تاغ ـ دەريالار

ياپيېشىل تاغلار، زۇمرەتتەك ئېقىنلار بى-
لەن بېزەلگەن تەبىئەت دۇنياسىنى سەيلە ـ سايا-
ھەت قىلىش، كۆرگەن ـ ئاڭلىغان، ئويلىغانلى-
رىنى سەممىي، چىن ھېسسىيات بىلەن تەسۋىر-
لەپ يېزىش ئالاھىدە ھۇزۇرلىنارلىق ئىش. تەڭ-
رىتېغىنىڭ ئىچكىرىلىرىدىكى قارلىق چوققىلار،
ئېقىنلار، ئورمانلار، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان
يايلاقلار، ئەينەكتەك كۆللەر تەبىئەت گۈزەللىكى-
نىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.
ئاق دېڭىزغا يىراقتىن قاراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك
توروس تاغلىرىنىڭ مەغرۇرانە قىياپىتى، دۇنياغا
مەشھۇر كۆپكۆك ۋېنتسىيىنىڭ جەلپكار قۇدرى-
تى ھەممىمىزدە لىرىكىلىق، تاتلىق تۇيغۇلارنى،
گۈزەل ئىستەكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.



# 13. تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى

بى يې①

دوستۇم، سىز تەڭرىتاغقا بارغانمىدىڭىز؟ تەڭرىتاغ — ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان چوڭ تاغ تىزمىسى، ئۇ بىپايان كەڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى جەنۇب، شىمال، دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، بىرقانچە مىڭ چاقىرىمغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. تەڭرىتاغقا يىراقتىن قارىسىڭىز، بۇلۇتقا تاقاشقان ئېگىز ئاقباش چوققىلىرى گويا سەنەمگە چۈشكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مەرۋايىت دوپپىلىرىدەك ۋالىلداپ جىلۋىلىنىپ شۇقەدەر كۆركەم كۆرۈنىدۇ؛ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ ئۇزاق - ئۇزاقلارغا سوزۇلغان رەڭدار چوققىلىرى گويا قانات - قۇيرۇقىنى كېرىپ تۇرغان تۇزدەك گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

ئەگەر خالىسىڭىز، مەن سىزنى تەڭرىتاغقا باشلاپ بېرىپ سەيلە قىلدۇراي.

## قارلىق چوققىلار، ئېقىنلار، ئورمانلار

7 - ئاي مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ دەشت - باياۋانلىرىدا ھاۋا ئىنتايىن قىزىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا، تەڭرىتاغقا ئەڭ ياخشىسى ئاتلىق كىرىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىلى بىلەن جەنۇبىدىكى قاراشەھەردە نەسلى ياخشى ئاتلار يېتىشتۈرۈلىدۇ، مەيلى ئىلى ئاتلىرى بولسۇن ياكى قاراشەھەر ئاتلىرى بولسۇن، ئۈستىگە قونۇپلا ئالسىڭىز، تاغلاردىمۇ خۇددى تۈزلەڭدە كېتىۋاتقاندەك تېز ۋە سىلىق مېڭى-

① بى يې — 1916 - يىلى گۇاڭدۇڭدا تۇغۇلغان، يازغۇچى.

ۋېرىدۇ.

تەڭرىتاغقا كىرىشىڭىز بىلەنلا، دەشت - باياۋاننىڭ تومۇز ئىسسىقىنى ئۇنتۇپ قالىسىز، ئۇدۇلىڭىزدىن قارلىق تاغلارغىلا خاس سوغۇق ھاۋا ئۇرۇپ، دەرھال سىزگە كۈز كۈنلىرىنىڭ سالقىنىنى ئەسلىتىدۇ. كۆپكۆك ئاسمانغا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گىگانت قارلىق چوققىلارنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، قۇياش نۇرىدا بىرنەچچە پارچە ئاپئاق بۇلۇت، قارلىق چوققىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سايە سېلىپ، كىشىگە ئاق تاۋارغا چۈشۈرۈلگەن بىرنەچچە تۈپ كۈمۈش رەڭ گۈلنى ئەسلىتىدۇ. ئېرىگەن قار سۈيى ئېگىز - ئېگىز ھاڭلاردىن شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈپ، ھېسابسىز پارقىراق كۈمۈش شايىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاشۇ شارقىراپ ئېقىپ چۈشكەن قار سۈيى تاغ ئېتىكىدە قوشۇلۇپ، شىددەتلىك ئېقىنلارنى ھاسىل قىلسا، دولقۇنلار ھەدەپ يۇقىرىغا ئېتىلىپ، گويا ئاق ئېچىلغان بىھېساب نېلۇپەر گۈللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، لېكىن سۇ قېيىپ ئاستا ئاقىدىغان جايلارغا بارسىڭىز، سۇنىڭ تېگىدە بېلىقلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز. مۇشۇنداق چاغلاردا، ئېقىن بويىدا توختاپ ئېتىڭىزنى سۇغارغاچ، ئېگەردىن ئېڭىشىپ پەسكە قارىسىڭىز، قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان سۇنىڭ تېگى ئېنىق كۆرۈنىدۇ، رەڭمۇرەڭ مالتا تاشلارنىڭ ئارىلىرىدا توپ - توپ بېلىقلار قاسىرىقىدا قۇياش نۇرىنى چاقنىتىپ، سۈپسۈزۈك قار سۈيىگە يەنىمۇ گۈزەللىك، جىمجىت تەڭرىتاغقا چەكسىز ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ.

يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز، تەڭرىتاغ بارغانسېرى كۆركەم تۈسكە كىرىدۇ. ئاپئاق - ئاپئاق قارلىق چوققىلارنىڭ قار سىزىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، يايپېشىل ئېپتىدائىي ئورمانلار چەكسىز سوزۇلۇپ ياتىدۇ، قويۇق ئۆسكەن قارىغايلار خۇددى ئاسماننى تىرەپ تۇرغان گىگانت كۈنلۈكلەرگە ئوخشايدۇ، قارىغايلارنىڭ قاتمۇقات شاخلىرى كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرغاچقا، يەرگە پەقەت ئانىدا - سانىدا كىچىك - كىچىك تەڭگىلەردەك يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئورماننى ئاتلىق كېسىپ ئۆتكىنىڭىزدە، پەقەت ئات تۇياقلىرىدىن چاچراپ تاش-

لارغا چۈشۈپ يېيىلىپ ئاققان سۇنىڭلا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، قويۇق ئورمانىنىڭ جىمجىتلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ. بۇ ئورمان دېڭىزىنىڭ ئىچكىرىسىگە، ھەتتا قۇشلارمۇ كەمدىن - كەم كېلىشىدۇ، پەقەت يىراق - يىراقلاردا سايرىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازىلا بىرە - بىرە ئاڭلىنىپ قالىدۇ. تەڭرىتاغدا ئارقار، بۇغا، ياۋا كالىلار توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشىدۇ.

ئەگەر تەڭرىتاغقا كىرىشىڭىزگە ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسىنى كۈزنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشايدۇ دېسەك، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز، ئەتىيازنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشايدۇ. تاغنىڭ رەڭگى بارا - بارا يېشىل تۈسكە كىرىدۇ، تاغنىڭ شەكلىمۇ بارا - بارا يېيىلىپ، گويا قولىڭىزنى سوزسىڭىزلا تۇتقىلى بولىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ يەرلەردە ئېقىنلار ئاستا ئېقىپ، ھەربىر تاغ ئېتىكىنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ، ئاستا ئېقىۋاتقان ئېقىنلارنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق، سۆسۈن ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر ئاتنىڭ بېشىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك ئېگىز ئۆسۈپ تۇرىدۇ. بۇ گۈل - چېچەكلەر خۇددى توقۇلۇپ بولمىغان زەربابتەك[1] سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئۇپۇقتىكى شەپەقتەك كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، بوشلۇقتىكى ھەسەن - ھۈسەندەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. قاتمۇقات قاتلىشىپ كەتكەن قويۇق ۋە ئېگىز ئۆسكەن ياۋا گۈللەر خۇددى جانان تەخسىدەك يوغان - يوغان ئېچىلىدۇ. ئات گۈل دېڭىزىدا ئىنتايىن ئوبىناق كۆرۈنسە، ئادەم گۈل دېڭىزىدا ئۆزىنى تېخىمۇ روھلۇق سېزىدۇ. ئەگەر سىز ئېگەردىن چۈشمەي، ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، قولىڭىزنى سوزسىڭىزلا، ئۆزىڭىزگە ھەممىدىن بەكرەك ياققان گۈل - چېچەكلەر بىلەن بىر پەستىلا قۇچىقىڭىزنى تولدۇرالايسىز.

## كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يايلاقلار

قار بىلەن قاپلانغان چوققىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلىشىپ، كەڭ

① زەرباپ — گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈپ توقۇلىدىغان، كەشتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان توقۇلما بۇيۇم، ئۇنىڭ رەڭدارلىرىمۇ، سىدامىلىرىمۇ بولىدۇ.

ئېتەك يېيىپ سوزۇلۇپ ياتقان ئاجايىپ گۈزەل ئوتلاق بىردىن كۆز
ئالدىڭىزدا ئېچىلىدۇ . تۇم يېشىل ئىپتىدائىي ئورمانلار بىلەن چىراي-
لىق ياۋا گۈل ـ چېچەكلەر بۇ بىپايان ئوتلاققا تۇتۇلغان كۆركەم قوش
جىيەككە ئوخشايدۇ . ئوتلاقتا يايپېشىل ، چۇرۇك ئوت ـ چۆپ تەكشى
ئۆسۈپ تۇرىدۇ . سۈپسۈزۈك ئېقىن سۇلار ئېـگىـز ـ پەس قىرغاقتىكى
ئوت ـ چۆپنى سۆيۈپ ئاستا ئېقىپ تۇرىدۇ . ئەنە شۇنداق چەكسىز
يېيىلىپ ياتقان ئوتلاق خۇددى تىپتىنچ دېڭىزغا ئوخشايدۇ . دانە ـ
دانە كۆپۈكلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كىگىز ئۆيلەر قۇياش نۇرىدا
ئاپئاق پارقىراپ تۇرىدۇ .
سىز ئېتىڭىزغا قامچا سېلىپ بۇ كەڭ كەتكەن ئوتلاقتا يۇخادىن
چىققۇچە چاپقىنىڭىزدا ، توپ ـ توپ سېمىز قويلارنى ، يىلقىلارنى ۋە
كالىلارنى ھەممىلا جايدا ئۇچرىتىسىز . شىرنىلىك چۇرۇك ئوتقا تويۇن-
غان بۇ مال ـ چارۋىلار ، گويا ھەربىر تال تۈكىدىن ياغ تېمىۋاتقان-
دەك ، پار ـ پار پارقىراپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ يايپېشىل ئوتلاقتا ناھايى-
تى ئېنىق كۆرۈنىدىغان سېرىق ، تاغىل كالىلار ، ئاپئاق ۋە قىزغۇچ
قويلار قۇياش نۇرىدا گويا يايپېشىل تاۋارغا چۈشۈرۈلگەن رەڭدار گۈل
نۇسخىلىرىدەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ .
بەزىدە ، شامال چارۋا ـ ماللارنىڭ ئارىسىدىن كۈمۈش قوڭغۇراق-
نىڭ ئاۋازىدەك زىل ئاۋازلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ، بۇ — چارۋىچى قازاق
ئاياللىرىنىڭ كۆكرىكىگە توشقۇزۇپ تاقىۋالغان كۈمۈش بېزەكلىرى-
نىڭ شامالدا ئۇرۇلۇپ جىرىڭلىغان ئاۋازى . ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن
چارۋىچى ئاياللار كۆپكۆك ئاسمان ، قارلىق تاغ ۋە يېشىل ئوتلاق
ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ قامەتلىك كۆرۈنىدۇ . ئۇلار قىيغىتىپ چېپىپ
كېتىۋاتقان يىلقىلارنىڭ كەينىدىن قالماي چېپىشىدۇ . توختىغان چاغ-
لىرىدا قوللىرىدىكى قامچىلىرىنى يېنىك ئوينىتىپ ئۆز مۇھەببىتىنى
كۈيلىشىدۇ .
قارلىق چوققىلار ، يېشىل ئورمانلار ، گۈل ـ چېچەكلەر ئوراپ
تۇرغان بۇ بىپايان ئوتلاقلار دېڭىز يۈزىدىن 2000 ـ 3000 مېتىردىن
كۆپرەك ئېگىزلىككە جايلاشقان . ھەممىشە بىر پارچە قارا بۇلۇت كەل-

سە، ئۇنىڭ ئاخىرى ئۇتلاقنى سۆيۈپ ئۆتكۈنچى يامغۇر تاشلاپ ئۆتتىدۇ. چارۋا ماللار بۇلۇت ئىچىدە غايىب بولۇپ، بۇلۇتلارنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇۋېتىدۇ ــ دە، قايسىسىنىڭ بۇلۇت، قايسىسىنىڭ چارۋا مال ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدۇ. ئۆتكۈنچى يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يامغۇردا يۇيۇلۇپ قالغان ئۇتلاقلار يەنىمۇ ياشىرىپ، يىراقتىن قارىسىڭىز، غايەت زور يېشىل قاشتېشىغا ئوخشايدۇ، يېقىنراق بېرىپ قارىسىڭىز، ئوت ــ چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا توختاپ قالغان يامغۇر تامچىلىرى سان ــ ساناقسىز بىليارتقا ئوخشايدۇ.

ئۇتلاقنىڭ گۈگۈم پەيتى كىشىنى بەكمۇ شەيدا قىلىدۇ. كەچكى قۇياشنىڭ نۇرى چۈشۈپ قىزارغان قارلىق چوققىلار خۇددى شەپەقتەك جىلۋىلىنىدۇ. قارلىق چوققىلاردىكى قىزىل نۇر بىپايان ئۇتلاققا چۈشۈپ ئاجايىپ جەزبىدار بىر دۇنيانى ھاسىل قىلىدۇ. كىگىز ئۆيلەر، مال پادىلىرى ۋە چارۋىچى ئاياللار قىزىلگۈلدەك قىزىللىققا چۆمىدۇ. قۇياش ئاستا ــ ئاستا ئولتۇرۇپ، ئەتراپتىكى قارلىق چوققىلارغا چۈشكەن قىزىل نۇر بارا ــ بارا يوقىلىپ، كەچكى گۈگۈم ئۇتلاقنى قاپلاشقا باشلىغان چاغدا، سىز سان ــ ساناقسىز قىپقىزىل ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرىسىز، بۇ چاغدا چارۋىچىلار كەچلىك غىزاغا تۇتۇش قىلىپ، مىس چۆگۈنلەردە چاي قاينىتىشقا باشلايدۇ.

كىگىز ئۆيلەردىكى موسىغا ئېسىلغان چۆگۈنلەرنىڭ تېگىدىكى تېزەك ئوتى ئۆچكەن چاغدا، كېچىلىك شامال دومبىرا تارىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ۋە قازاق چارۋىچى ئاياللىرىنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازىنى ئېلىپ كېلىدۇ. سەككىز، ئون ئائىلە بىر ئاۋۇل بولۇپ ئولتۇرىدىغان چارۋىچىلار بىرەر چوڭراق كىگىز ئۆيگە يىغىلىپ، بىر كۈننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەختىيار پەيتلىرىنى ئەنە شۇنداق خۇشال ــ خۇرام ئۆتكۈزۈشىدۇ.

بىر پەستىن كېيىن، پۈتكۈل ئۇتلاق كېچىنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆكىدۇ. ئەگەر سىز شۇنداق پەيتتە بىرەر جۇۋىنى ئۇستىڭىزگە يېپىنچاقلاپ، كىگىز ئۆيدىن تالاغا چىقسىڭىز، ئاينىڭ ياكى يۇلتۇزلا-

رىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا، چارۋا ماللارنىڭ كېچىسى ئوتلاقتا ئاستا - ئاستا يۈرگەنلىكىنى ئاران - ئاران پەرق ئېتىسىز. كېچىسى ئوتلاق مانا شۇنداق جىمجىتلىققا چۆكىدۇ. پەقەت ئاستا ئېقىۋاتقان ئېقىنلارنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىلا سىزنى تەبىئەت توغرىسىدىكى ئۇزاقتىن ئۇزاق خىياللارغا چۆمدۈرىدۇ.

## تەبىئىي كۆللەر

تەڭرىتاغنىڭ ئېگىز جايلىرىدا غايەت زور تەبىئىي كۆللەر پات - پات ئۇچراپ قالىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن سۇنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلارنىڭ ۋە ئەتراپتىكى قارلىق چوققىلارنىڭ ئەكسى كۆلگە چۈشۈپ، تاغ بىلەن كۆلنى، تەبىئىي جىسىم بىلەن ئۇنىڭ ئەكسىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ جىمجىت كۆللەردە، پەقەت ئاق قۇلارلا ئۈزۈپ ئوينايدۇ. ئاق قۇلارنىڭ ئاقلىقى كۆل سۈيىگە تېخىمۇ سۈزۈكلۈك بېغىشلىسا، ئاۋازى تېخىمۇ جىمجىتلىق بېغىشلايدۇ. كىشىلەر تاغلارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆللەرنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئەگەر سىز بىرەر ئېگىز جايغا چىقىپ، كۆلنىڭ يۈزىگە نەزەر تاشلىسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا كۆڭۈلگە سالقىنلىق، ئاراملىق بېغىشلايدىغان زۇمرەت سۇ سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئەگەر تېخىمۇ زەن قويۇپ قارىسىڭىز، سىزگە يېقىن جايلاردا كۆلنىڭ يۈزى گويا بىھېساب ئاق بېلىقلار ئۈزۈپ ئويناۋاتقاندەك چىمىرلاپ، يىراق جايلار خۇددى تەكشى ئەينەك يۈزىدەك ھەرىكەتسىز تىپتىنچ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ رەڭگى بارغانسېرى قېنىقلىشىپ، يېقىندىن يىراقلاشقانسېرى ئاقۇچ، كۆكۈچ، كۆك، توق يېشىل رەڭلەرگە ئۆتۈپ، ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. كۆل سۈيى كۆل بويىدىكى ياپيېشىل ئوتلارنى سۇغىرىپ تۇرىدۇ. ياپيېشىل ئوتلار قويلارنى سەمرىتىدۇ.

سالقىنلىقى بىلەن كىشىگە ئارام بېرىدىغان تاغلار، جىمجىت كۆللەر كۈندۈزى قۇياش نۇرىدىن لىباس كىيسە، كېچىلىرى يۇلتۇزلارنى مەيدىسىگە تەڭگە قىلىپ تاقايدۇ. چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلە-

رى قويلار بىلەن تەڭ كۆلنىڭ ئەتراپىدا يۈتكىلىپ تۇرىدۇ.

ئېگىز تاغلاردىن چۈشكەن قار سۇلىرى كۆللەرگە قۇيۇلىدۇ، ئاندىن خۇددى پىچاق بىلەن كەسكەندەك تىك ھاڭ تاشلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئىنتايىن چوڭقۇر غارلارغا شارقىراپ ئېقىپ چۈشىدۇ. سۇ چوڭقۇر ھاڭغا خۇددى لەپىلدەپ تۇرغان شايىدەك ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندا، ھەتتا ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغ چوققىسىدا تۇرسىڭىزمۇ، ئاشۇ لەپىلدەپ تۇرغان شايىدەك چاقنىغان ئاق نۇرنى كۆرەلەيسىز. ئەگەر ھاڭغا يېقىن بارسىڭىز، ئاياغ ئاستىڭىزنىڭ ۋەھىملىك تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىسىز. ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ سايدىكى تاشلارغا تېگىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئۇششاق تامچىلارنى چاچرىتىپ، چۈش پەيتىدىكى قۇياش نۇرىدا، گۈزەل، رەڭدار تۇماننى ھاسىل قىلىدۇ. ئاشۇ جىددىي ئاقىدىغان غول ئېقىن بويىدا، ياپيېشىل سايىنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلارنىڭ يۇيۇپ تازىلانغان قاشتېشىدەك ئاپئاق كىگىز ئۆيلىرىنىڭ تىكىلىك تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز.

ئەگەر سىز تولغىنىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنى بويلاپ ماڭسىڭىز، يولىڭىزدا نۇرغۇن بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ ئاستا - ئاستا ئېقىن ھاسىل قىلىدۇ، جىلغا سۇلىرى بىلەن ئېقىن سۇلىرى قوشۇلۇپ دەريا ھاسىل قىلىپ، تەڭرىتاغدىن جۇش ئۇرۇپ ئېقىپ چىقىدۇ.

ئەنە شۇنداق چوڭقۇر سايلاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېقىنلارنىڭ بويلىرىدا، ياۋا ئالمىلار پۈتۈن سايىنى بىر ئېلىپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئالما دەرخلىرى باھار كۈنلىرىدە پۈتۈن سايىنى چېچەككە تولدۇرسا، كۈزدە مېۋىگە تولدۇرىدۇ.

ھەر يىلى مېۋە پىشقان پەيتلەردە، بۇ جاي ئۇچار قۇشلار ۋە مال - چارۋىلارنىڭ راھەت بېغىغا ئايلىنىدۇ.

دوستۇم، تەڭرىتاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى مۇشۇلا ئەمەس. تەڭرىتاغ بىرقانچە 1000 چاقىرىمغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ، مەيلى ئېگىز چوققىلاردا ياكى چوڭقۇر جىلغىلاردا بولسۇن، مەيلى ئوتلاقلاردا ياكى ئورمانلاردا بولسۇن، مەيلى ئېقىنلاردا ياكى كۆللەردە بولسۇن، ناھايىتى مول بايلىق، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر ئۇچرايدۇ، ماڭا سۆز-

لەپ بەر دېسىڭىز، راستىنىلا سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. ئەگەر سىزگە تەڭرىتاغنى سەيلە قىلىشنىڭ پۇرسىتى كېلىپ قالسا، مېنىڭ ئالدىدا ماڭا دەپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ، ئېھتىمال مەن سىزگە ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، يول باشلىغۇچى بولۇپ بېرەلەرمەن. يول باشلىغۇچى بولۇش ماڭا راستتىن بىر ئەپچىل باھانە، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭمۇ بىرەر پۇرسەت تېپىپ، تەڭرىتاغنى يەنە سەيلە قىلغۇم بار.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

١

1. بۇ نەسىردە تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلار بىرقەدەر كۆپ، لېكىن ئاپتور مەلۇم تەرتىپ بويىچە ماتېرىياللارنى ناھايىتى ئىدىتلىق جايلاشتۇرغان. ئومۇمەن، تاغنىڭ سىرتىدىن ۋە تۆۋەن تەرىپىدىن تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە ۋە يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ تەسۋىرلىگەن. ھەربىر بۆلەكنىڭ يەنە ئۆز تەرتىپى بولۇپ، ئۇلار ياكى ئىچىدىن سىرتىغا ياكى يىراقتىن يېقىنغا، ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ياكى ۋاقتىغا، مەنزىرىسىگە قاراپ تەسۋىرلەنگەن. سىلەر «كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يايلاقلار» دېگەن بۆلەكنى مىسال قىلىپ، ئۇنىڭدىكى تەسۋىرلەش تەرتىپىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭلار.

2. بۇ بىر لىرىك نەسىر، ئادەتتە لىرىك نەسىرلەر تىل جەھەتتە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. سىز بۇ نەسىردىكى روشەن خاسلىققا ئىگە بولغان سۆز ـ جۈملىلەرنى تېپىپ لىرىك نەسىرگە خاس ئالاھىدىلىكنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ.

3. تېكىستنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور «تەڭرىتاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى مۇشۇلا ئەمەس» دەپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن پەقەت بىر نەچچە مەنزىرىنىلا يازغان؟

4. تېكىستتە ئاپتور تەڭرىتاغنىڭ گۈزەللىكىنى يېشىللىق تەرىپىدىنلا تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ غايەت زور تاغ تىزمىسىنىڭ قاقاس قىسمى يېشىل قىسمىدىن كۆپ، سىلەرچە تەڭرى-

تاغنىڭ قاقاسلىقىمۇ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك ھېسابلىنامدۇ ـ ياق؟
مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭلار.

5 . «قوشۇمچە Ⅱ » تىن پايدىلىنىپ، يايلاق، كۆل، ئورمان قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش ھەققىدە بىر پارچە قىسقا تەشەببۇسنامە يېزىڭ.

# 14 . شارلار تېغى[1]

ئابدۇكېرىم خوجا[2]

ئاتا ـ ئانا نارەسىدىگە تاغدەك يۆلەك ،
يوق جاھاندا چوڭ يۆلەك بۇنىڭدىن بۆلەك .

چۈشتى شارلار تېغىنى كۆرگەندە مەن ،
جان ئانام يادىمغا ، خوي كۆيدى يۈرەك .

ئولتۇرۇپتۇ ئۇ سۇكۇنات ئىچىدە ،
قولىدا تەسۋى ، بېشىدا ئاق لېچەك .

ئۈستىدە مەخمەل چاپان ماشىنى قېنىق ،
چېتىگە تۇتقان تېخى زەردىن جىيەك .

تۇرىدۇ ماڭا بېقىپ گويا كۈلۈپ ،
قوينىدىن بەرىكەت تۆكۈپ ئېتەك ـ ئېتەك .

قارىسام ، تا كونا ئوقلار ئىزىدىن ،
قاپتۇ گۈللەپ ھۆپپىدە مىليون چېچەك .

شېشىدىن سىزىق ئۇنىڭ سىياقىمۇ ،

---

① شارلار تېغى — قومۇل ۋادىسىدىكى ئون ئىككى تاغنىڭ بىرى .
② ئابدۇكېرىم خوجا — (1928 ـ 1988) قومۇلدا تۇغۇلغان . ئاتاقلىق شائىر ، ئەدەبىي تەرجىمان . ئۇنىڭ «10 باھار» ، «باھار ناخشىسى» ، «باھار يامغۇرى» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

بىر يولى كەتكەن تاراپ ئاچچىق تۈتەك .

كەلدى ئۇ بىزنى تۇغۇپ ، پەرۋىش قىلىپ ،
ۋەتىنىم ئاسمانىغا بولۇپ تىرەك .

بىر ئۆلۈك جىسىم دېمە ياتقان قېتىپ ،
ئۆلسە ئۇ ئويغا پاتامدۇ ئويچىدەك .

ئەلمىساقتىن كەلدى كۆپ ئىشنى كۆرۈپ ،
تىلغا باي ئۇ ، تىلى بار بىزدىنمۇ بەك .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . «تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى» ناملىق نەسىر بىلەن بۇ لىرىك شېئىردا ئوخشاشلا تاغ تەسۋىرلەنگەن ، بىراق كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەش نۇقتىسىدا روشەن پەرق بار . ئۇنداقتا بۇ شېئىردىكى ئۆزگىچىلىك قايسى ؟

2 . شائىر نېمە ئۈچۈن تاغنى «تىلغا باي ئۇ ، تىلى بار بىزدىنمۇ بەك» دەپ تەسۋىرلىگەن ؟

3 . بۇ شېئىرنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار .

4 . شېئىردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ماس كېلىدىغان ماقال - تەمسىل ياكى ھېكمەتلىك سۆزدىن بىرنى تېپىڭ .

# 15 . تورۇس تاغلىرى

ياشار كامال[1]

تورۇس تاغلىرى[2] چوقۇر ئوۋا توزلەڭلىكىنى ياي شەكلىدە قورشاپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ بىر تەرىپى ئاق دېڭىز .[3] چوقۇر ئوۋانىڭ ئەتراپىدىكى قاتمۇقات تاغلار كۆز يەتكۈسىز يەرلەرگىچە ھاۋا رەڭدىن كۆكۈچ رەڭگە ، كۆكۈچ رەڭدىن سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىپ بارىدۇ . ئاخىر بېرىپ ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ .

تاغ باغرىغا دائىم كۆلەڭگە چۈشۈپ تۇرىدۇ . كۈن چىققان چاغدا بۇ كۆلەڭگىلەر غەرب تەرەپكە ، كۈن پاتقان چاغدا شەرق تەرەپكە ئۆتىدۇ . ئىسسىق چاغلاردا بۇ يەرلەردىن چوقۇر ئوۋاغا سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ ، بەزى كۈنلىرى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ بۇ تاغلار ئالتۇندەك سېرىق تۈسكە كىرىدۇ ، بارا - بارا بۇ سېرىق رەڭ قىزىلغا ، قىزىل رەڭ سۈتتەك ئاققا ئۆزگىرىدۇ . بىردەمدىن كېيىنلا سۆس ھاۋا رەڭگە ، بەزىدە كۆپكۆك رەڭگە كىرىدۇ . چۈشكە يېقىن ھاۋا قىزىغانسېرى ھەممە يەر ئاقىرىشقا باشلىغان چاغدا بىردىنلا قىزغۇچ رەڭگە پۈركىنىپ كېتىدۇ .

باھار ئايلىرىدا بۇ تاغلارنى ھەرخىل گۈللەر قاپلاپ كېتىدۇ . تاغ يامرىلىغا ئالتۇن قوزۇقلار قېقىلغاندەك تەكشى ئېچىلغان سېرىق گۈللەرنىڭ ئۈستىدىن يۇمشاق ، ئىللىق شاماللار ئېقىپ ئۆتىدۇ .

---

① ياشار كامال — تۈركىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ، 1923 - يىلى تۇغۇلغان . بۇ تېكىست ئۇنىڭ تۇرسۇنشاي ساقىم تەرىپىدىن تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان داڭلىق رومانى «ينجەمەت ئاۋاق» نىڭ 4 - قىسمىدىن ئېلىندى .

② تورۇس تاغلىرى — تۈركىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ تىزمىسى . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 — 3000 مېتىر كېلىدۇ .

③ ئاق دېڭىز — تۈركلەر ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى ئاق دېڭىز ، دەپ ئاتايدۇ .

ھەيۋەتلىك دۇلدۇل تېغى[1] بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ تۇرغان قاتمۇقات تاغلارنىڭ ئارقىسىدا سۈتتەك ئاپئاق بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چوققىسى كۆپ چاغلاردا بۇلۇتسىز، ياز ئايلىرىدا كۆكۈچ ياكى قىزغۇچ بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈۋاتقان يۇلتۇزلار ئايلىنىپ يۈرگەندەك چاقناپ تۇرىدۇ.

توروس تاغلىرى پۈتۈنلەي قىيالىق بولۇپ، ئۇلار ئاقۇچ، قىزغۇچ، قوڭۇر، سارغۇچ ۋە يېشىل قورام تاشلاردىن تەركىب تاپقان. قورام تاشلارنىڭ ئۈستىدە كەڭ قاناتلىق لاچىنلار ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. قىيالىقلاردىن تۆۋەنگە چۈشكەندە ئورمان باشلىنىدۇ. بۇ ئورمانلار ئىنتايىن قويۇق، ئۇ يەردە ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار بار. قارىغاي، سېدە، قارىقات، چىنار دەرەخلىرى ئاسمانغا تۇتىشىپ تۇرۇشىدۇ. ھەربىر تاغ يامزىلىدىن، قورام تاش تۈۋىدىن، ۋادىدىن بۇلاقلار قايناپ چىقىدۇ، سۇلىرىدىن يالپۇز، ئارچا ۋە ھەرخىل گۈللەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، بەزى بۇلاقلاردا ئالىچىپار بېلىقلار ئويناپ تۇرىدۇ. ئېتىلىپ چىققان سۇلار دەرەخ تۈۋىدىن قورام تاشلارنىڭ ئارىسىغا، تاغ يامزىلىدىن ئۆستەڭلەرگە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئېقىپ چۈشىدۇ.

چوقۇر ئوۋانى ئەسلىدە توروس تاغلىرى پەيدا قىلغان، قەدىمكى زامانلاردا ئاق دېڭىز توروس تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىن باشلىناتتى. كېيىن جەيھان، سەيھان، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ - كىچىك دەريالار، ئۆستەڭلەر توروس تاغلىرىنىڭ پۈتۈن بەرىكەتلىك تۇپىلىرىنى ئېقىتىپ كېلىپ دېڭىزنى تولدۇرغان، بۇنىڭ بىلەن چوقۇر ئوۋا پەيدا بولغان. چوقۇر ئوۋاغا كۈن چۈشتى، نۇرلار ياغدى، سۇلار شارقىراپ ئاقتى، يەر بەرىكەتلىنىپ دېڭىزدەك تاشتى.

سەيھان دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى زامانتى دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريالارنىڭ مەنبەسى كەڭ يايلاقتىن ئىبارەت. بۇ سۇلار كەڭ تۈزلەڭلىكنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، توروس تاغلىرىغا يېتىپ

[1] دۇلدۇل تېغى — توروس تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ.

كېلىدۇ. ئۇ يەردە تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ، چوڭ - چوڭ قىيالىقلار ھاسىل قىلىدۇ، بۇژغۇنلىنىپ ئېقىپ چوڭقۇر ۋادىلارغا چۈشىدۇ، ئىنتايىن تېزلىكتە توپىلارنى ئويۇپ كىرىدۇ. خېلى زامانلارغىچە يەر ئۈستىدە كۆرۈنمەي قالىدۇ، كېيىن بىردىنلا يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ. تەلۋىلەرچە تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئالدىنى توسقۇدەك بىر تاغ چىققۇچە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېقىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسماندىن چۈشكەن سۇلار، توروسنىڭ ئېگىز - پەس تاغلىرىدىن چۈشكەن سۇلار، نۇرغۇنلىغان بۇلاق سۈيى، دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاخىر زامانتى دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ دەريانىڭ ئىسمىنى سەيھان دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈككى، ئۇ گويا ئېقىۋاتقان سۇ ئەمەس، يورۇقلۇقتەك تۇيۇلىدۇ. تېگىگە كىتاب چۈشۈپ كەتسە ئوقۇغىلى بولىدۇ.

جەيھان دەرياسىغا كەلسەك، ئۇنىڭ بېشى مىڭ بۇغا تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ باش قىسمى ھورمان دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھورمان دەرياسى نۇرھاك تاغلىرىدىن كەلگەن سۆگۈتلۈ دەرياسى بىلەن بىرلىشىپ، جۇشقۇن ئەزىم دەرياغا ئايلىنىدۇ. توروس تاغلىرىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كەلگۈچە ئاقسۇ، كۆرسۇلۇ، چايىر، ساۋرۇن، سۇمباس، خان دەرەسى، جەر پەجە ئۆستەڭلىرىنى ۋە مىڭلارچە بۇلاق، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئۆزىگە قوشۇپ ئاخىر بېرىپ ئاق دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. سەيھان دەرياسىمۇ، جەيھان دەرياسىمۇ ئاق دېڭىزغا مىڭلارچە، يۈز مىڭلارچە لاي - توپىنى ئېقىتىپ كېلىدۇ. ئاق دېڭىز بويلىرىغا كەلگۈچە يۈزمىڭلارچە يوللۇق يەرنى يېرىپ ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ چوقۇر ئۆۋا يىلدىن - يىلغا كېڭىيىدۇ. توروستا قىيالىقلار يىلدىن - يىلغا ئېگىزلەپ قورام تاشلار كۆپىيىشكە باشلايدۇ. بەلكىم كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توروستا ھېچقانداق دەرەخ ۋە ھېچقانداق تۇپراق قالماسلىقى مۇمكىن ھەمدە ھەيۋەتلىك توروس، قىيالىق تاغلار ھالىتىدە - ئاسمان زېمىن ئوتتۇرىسىدا تىكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆتكۈر تاشلار مىستەك قىزىرىپ پارقىرىشى، بىر تامچە سۇسىز تاقىر

تاغقا ئايلىنىشى ھەم مۇمكىن. بەلكىم بىر تال گىياھ ئۈنمەيدىغان، بىرمۇ جانلىق ياشىمايدىغان ئۈستىرىدەك ئىتتىك قورام تاشلار دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالار.

ئاق دېڭىزنىڭ بويلىرىدىكى تۇپىلارمۇ دېڭىزدەك دولقۇنلىنىدۇ، بۇژغۇنلىنىدۇ. كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكمۇ، ئېگىز تۇرۇس تاغلىرىمۇ ئاق دېڭىزدەك كۆپكۆك، ئاق دېڭىزدەك سۈزۈك. ئاق دېڭىزنىڭ ئۈستىدە نۇرلار قانچىلىك چاقناپ تۇرسا، چوقۇر ئۇۋانىڭمۇ، تۇرۇس تاغلىرىنىڭمۇ ئۈستىدە نۇرلار شۇنچىلىك چاقناپ تۇرىدۇ. تاغلاردىكى تاشلاردىن قارىغاي، ئارچا، يالپۇز ۋە گۈللەرنىڭ پۇراقلىرى قانچىلىك پۇراپ تۇرسا، كەڭ چوقۇر ئۇۋادىكى تۇپا ۋە دېڭىزدىن پورتاكال، لىمون ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ پۇراقلىرى شۇنچىلىك گۇپۇلدەپ تۇرىدۇ. بەرىكەتلىك تۇپراق ھەركۈنى ئاغزىنى تەلۋىلەرچە چوڭ ئېچىپ، غۇلاچلىرىنى كەڭ كېرىپ، باھارنى، تۇرۇس تاغلىرى ئەۋەتىپ بېرىدىغان يامغۇرنى كۈتىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالا تاغنىڭ ئۈستىنى قاپقارا تۇمان قاپلايدۇ. ئىسسىق يامغۇر شاملى يەر ئۈستىنى يالاپ ئۆتىدۇ، ئارقىدىن دانە ـ ئىسسىق تامچىلار تۆكۈلىدۇ، يامغۇر قۇيۇلىدۇ، سۇلار سەل بولۇپ ئاقىدۇ. يامغۇر توختاش بىلەن تەڭ چوقۇر ئۇۋانىڭ ھەممە يېرى ئۈسۈملۈكلەر، گۈللەر، قۇشلار، ھاشاراتلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، تۇپراق خوشاللىق ئىلكىدە يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئاستا باشلايدۇ. ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر يايراپ كېتىدۇ. ئىللىق شامال گۈللەرنىڭ پۇراقلىرىنى پۈتۈن جاھانغا چاچىدۇ، چوقۇر ئۇۋاغا سۇلار بىلەن بىللە بۈركۈت ـ لاچىنلارمۇ كېلىدۇ. يىلنىڭ ئون ئىككى ئېيىنىڭ ھەممىسىدىلا پاتقاقلىقلار قۇشلارنىڭ جەننىتى بولىدۇ. پاتقاقلىقلارنى رەڭمۇرەڭ قۇشلار تۇشقۇزۇۋېتىدۇ. شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا كۆچۈپ بارىدىغان ھەرخىل قۇشلار چوقۇر ئۇۋانىڭ پاتقاقلىقلىرىغا قونماستىن يوللىرىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ.

چوقۇر ئۇۋادا تاش ـ تۇپراق، دەل ـ دەرەختىن تارتىپ قۇشلار، ھاشاراتلار، يىلانلار، ھەتتا ئىنسانلارمۇ سۈپسۈزۈك

پارقىراپ تۇرىدۇ ...

كۆك يۈزى پاكىز ،ھاۋا رەڭ ، كېچىلىرى يۇلتۇزلار بىلەن تول-
غان .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . بۇ تېكىستتە تۈركىيىنىڭ توروس تاغلىرى گەۋدىلىك تەس-
ۋىرلەنگەن . سىز تېكىستتىن توروس تاغلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ھەيۋەت-
لىكلىكىگە ئائىت ئوبرازلىق تەسۋىرىي جۈملىلەردىن بىرقانچىنى تې-
پىپ چىقىڭ ھەمدە ئوقۇپ بېرىڭ .

2 . ئاپتور سەيياھ دەرياسىنىڭ سۈزۈكلۈكىنى «تېگىگە كىتاب
چۈشۈپ كەتسە ئوقۇغىلى بولىدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن . بۇ تەسۋىر
ئەقىلغا سىغمىسىمۇ ، ئەمما كىشىگە ئىنتايىن ئورۇنلۇق بىلىنىدۇ .
نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ .

3 . مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ، تېكىستتە تەس-
ۋىرلەنگەن تاغ ـ دەريالارنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزىپ چى-
قىپ ، دوسكىغا چاپلاپ تېكىست مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ چۈشەندۇ-
رۈڭ .

4 . تېكىستتە ئۆزىڭىزگە ئەڭ ياقىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسى-
تىلەردىن ئۈچنى تېپىپ خاتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ .

# 16 . كۆپكۆك ۋېنېتسىيە[1]

ما شىندى

رىم شەھىرىدىن يولغا چىقىپ دەل بىر سائەت ئۆتكەندە، دۇگلاس G تىپلىق يولۇچىلار ئايروپىلانى ئاستا پەسلەشكە باشلىدى. مەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىغانىدىم، كۆپكۆك بىر دۇنياغا كۆزۈم چۈشتى: ئاسمانمۇ كۆك، يەرمۇ كۆك. دېڭىز بىلەن ئاسمان تۇتاشقان جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز بىنالار ۋە ئۇچلۇق چېركاۋلار خۇددى كۆپكۆك تەشتەككە تىكىلگەن گۈللەرگە ئوخشاپ كېتەتتى...

ئاھ، مېھرى ئىسسىق ۋېنېتسىيە! رىمغا بېرىشىمغىلا ئىتالىيەلىك دوستلىرىم ماڭا: «ۋېنېتسىيىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئىتالىيىنى كۆردۈم دېمىگىن. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق شەھەر، ئادرىئاتىك دېڭىز ساھىلىدىكى بىر تىزىق مەرۋايىت» دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ مەرۋايىت بىزنى قارشى ئېلىپ يالتىرىماقتا! 118 ئارال، 177 چوڭ ـ كىچىك ئېقىندىن بىرىككەن، 401 ھەر خىل كۆۋرۈك بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بۇ «سۇ ئاستانە» يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن دانە ـ دانە مەرۋايىتلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. كېچىدە چىراغ نۇرلىرى كۆپكۆك سۇدا چاقناپ تۇرغان، تولۇن ئاي پايانسىز دېڭىزنى يورۇتقان، سەيلە قولۋاقلىرى توختىتىپ قويۇلغان ئادرىئاتىك دېڭىز بويى خرۇستال ئوردىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى.

ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى بۇ قىممەتلىك مەرۋايىتنى ۋېنېتسىيەلىكلەر ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ بەرپا قىلغان. بۇ شەھەر 1400 يىللىق تارىخقا ئىگە. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسى زاۋال-

① ۋېنېتسىيە — ئىتالىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پورت شەھىرى. ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدا.

لىققا يۇز تۇتۇپ ، ۋېنىتولىقلار ياۋنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۇ-
چۇن ، قورۇقلۇقتىن ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى ئاراللارغا قېچىپ
كېلىپ ماكانلاشقان . 15 - ئەسىرگە كەلگەندە ۋېنىتسىيە ئىتالىيىدى-
كى ئەڭ باي ھەم قۇدرەتلىك «سۇ ئۇستى» جۇمھۇرىيەتكە ئايلانغان .
ئۇ چاغدا ۋېنىتسىيىنىڭ ھەربىي ۋە سودا كېمىلىرى ئوتتۇرا دېڭىزنى
زىلزىلىگە كەلتۇرگەن ، ۋېنىتسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ ياۋروپا ، ئا-
سىيا ، ئافرىقىدا ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن يەر قالمىغان . شېكىسپىرنىڭ
«ۋېنىتسىيىلىك سودىگەر» ناملىق ئەسىرىدە دەل شۇ مەزگىلدىكى
ئەھۋال تەسۋىرلەنگەن .

ۋېنىتسىيە ئۆزگىچە بىر شەھەر بولۇپ ، بۇ يەردە «ئىشىكتىن
چىقسىڭىزلا تاغ كۆرۈنمەستىن ، بەلكى سۇ كۆرۈنىدۇ» . ئائىلاشلارغا
قارىغاندا ، بەزىلەر بۇ يەر ئەسلىدە تەيخۇ كۆلىدىكى سۇ ئۇستى مەھەل-
لىرىگە ئوخشايتتى دېسە ، بەزىلەر سۇجۇ شەھىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى ،
دېيىشىدىكەن . ئەمەلىيەتتە ، ۋېنىتسىيە پەقەت ۋېنىتسىيىدىلا ئىبا-
رەت ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچى باشقا ھېچقانداق يەردىن
تېپىلمايدۇ . بۇ يەردە ماشىنا - پىكاپلار يوق . چوڭ - كىچىك
كېمە - قېيىقلار قانالدا خۇددى موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ . بىز
ماتورلۇق قېيىق (ئۇنى شۇ يەرنىڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇسى ، دېيىشكە
بولىدۇ )قا چۈشۈپ ئىككى قىرغاقتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ
ماڭدۇق . 14 - ، 15 - ئەسىرلەردىكى گوت ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش-
لار ، ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى قەسىرلەر ۋە ئاقسۆ-
ڭەكلەرنىڭ ساراي - ھويلىلىرى بىلىق قاسىراقلىرىغا ئوخشاش ناھا-
يىتى زىچ ئىدى . قېيىقتا كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى خۇددى ياۋروپا قۇرۇ-
لۇش مۇزېيىنى كۆرۈۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدىم . قېيىق كۆۋرۈكلەر
ئاستىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكىلى تۇردى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي
مەرمەر تاشتىن ياسالغان «دىيادۇ كۆۋرۈكى» ئالاھىدە كۆزگە چېلى-
قىپ تۇراتتى . بۇ 1592 - يىلى ياسالغان بىر تۆشۈكلۈك ئەگمە
كۆۋرۈك بولۇپ ، نەقىشلىرى سىپتا ، شەكلى ناھايىتى چىرايلىق ئى-
دى . كۆۋرۈكنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى ماگىزىنلارمۇ ئۆزگىچە ئىدى .

قېيىق ئالدىغا ماڭغانسېرى قانال كېڭىيىپ، هازىرقى زامان ماتورلۇق قېيىقلىرى بىلەن قەدىمكى «كوندورا»لار قاتارلىشىپ تەڭ مېڭىشقا باشلىدى. «كوندورا» بىر خىل كىچىك ساياھەت قولۋىقى بولۇپ، بېشى بىلەن قۇيرۇقى كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان، مەخسۇس بىر ئادەم پالاق ئۇرۇپ ھەيدەپ ماڭىدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ ئىككى قىرغاقتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاچ مېڭىشىغا قولاي. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تارىختا بۇ يەر راسا روناق تاپقاندا، بۇ خىل قولۋاقتىن 10 مىڭدىن ئارتۇقى بار ئىكەن، هازىر 400 ىلا ساقلاپ قېلىنىپتۇ.

بىز ۋېنېتسىيە شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيىغا ۋالېبول مۇسابىقىسى كۆرگىلى كەلگەنىدۇق. بۇ يەر دۇنيا ئەرلەر ۋالېبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ بىر مۇسابىقە رايونى ئىدى. تەنتەربىيە سارىيى ۋېنېتسىيە شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان رىئالتو ئارىلىدىكى سان ماركو مەيدانىنىڭ يېنىدا ئىكەن. شۇڭا سان ماركو مەيدانىنىمۇ كۆرگىلى باردۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ۋېنېتسىيە بىر قاقاس دېڭىز ساھىلى ئىكەن. ماركو ئىتالىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا دىن تارقاتقىلى بېرىپ، كېمە بىلەن رىئالتو ئارىلىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، قاتتىق بوران چىقىپ، كېمە قاقاس سازلىققا پېتىپ قاپتۇ. ماركو ئەمدى تۈگەشتۇق، دەپ ئويلاپ، ئاسمانغا قاراپ ئىلتىجا قىلىپتىكەن، بىر پەرىشتىنىڭ: «ئامان بولغايسەن ماركو! سەن ۋېنېتسىيە بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىسەن» دېگەنىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ماركونىڭ قۇت ساداسى»نىڭ بۇ ئاپتورى ۋېنېتسىيىنىڭ شەھەر قوغدىغۇچى ئىلاھىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ بەلگىسى شىر ئىكەن. هازىرقى ۋېنېتسىيىنىڭ شەھەر گېربىدىمۇ بىر شىرنىڭ «ماركونىڭ قۇت ساداسى»نى تۇتۇپ تۇرغان قىياپىتى بار.

سان ماركو مەيدانى بىلەن سان ماركو چېركاۋى ۋېنېتسىيىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلىرى بولۇپ، ناپولېئون سان ماركو مەيدانىنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل مەيدان دېگەن. مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كونا قەسىرلەر بار، قەسىرلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى دۇكان،

ئاشخانا، قەھۋەخانىلاردا تۈرلۈك - تۈمەن تائام - ئىچمەكلىكلەر بىلەن ۋېنىتسىيىنىڭ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان ئەينەك قاچا - قۇچىلار، گۈللۈك خورۇمدىن ياسالغان بۇيۇم قاتارلىقلار سېتىلىدۇ. كەچ كۈز مەزگىلىدە ۋېنىتسىيە ناھايىتى چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ، ساياھەتچىلەرمۇ كۆپ كېلىدۇ. مەيداندىكى نەچچە ئون مىڭ كەپتەر بەس - بەستە دانلىشىدۇ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغا قونۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشىدۇ. موكىدەك ئۈتۈشۈپ تۇرغان قولۋاق - كېمىلەر بىلەن شوخ پەرۋاز قىلىۋاتقان چايكىلاردىن ئىناقلىق، بەخت - سائادەت تۇيغۇسىغا تولغان گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولىدۇ. مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە بىر «خورسىنىش كۆۋرۈكى» بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر چوقۇم مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدىكەن ھەمدە بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سان ماركو مەيدانىنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ ئىختىيارسىز خورسىنىپ كېتىدىكەن، شۇڭا «خورسىنىش كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

ۋېنىتسىيە خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقى ناھايىتى چوڭقۇر، خۇددى ئادرىئاتىك دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن تىنچ ئوكياننىڭ دولقۇنلىرى ئوخشاپ كەتكەندەك. ۋېنىتسىيىلىك دوستلار بىزنى چۆپ-ئاش، گۆشلۈك جۇۋاۋا بىلەن مېھمان قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماركو پولو① بۇ تائاملارنى ئېتىشنى جۇڭگودىن ئۆگىنىپ كەلگەنىكەن. مانا ئەمدى ئىتالىيىلىكلەرنىڭ دائىملىق تاماقى بولۇپ قاپتۇ. بۇ كاتتا سەيياھنى ئىتالىيە خەلقى تا ھازىرغىچە ئەسلەپ تۇرىدىكەن. ۋېنىتسىيە ئايرودرومى ماركو پولونىڭ نامى بىلەن «ماركو پولو ئايرودرومى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ۋېنىتسىيىلىكلەر يەنە ماركو پولو دەۋرىدىكى يەلكەنلىك كېمىنى تا ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. قارالىڭ ئەنە، ئادرىئاتىك دېڭىز ساھىلىغا توختىتىپ قويۇلغان قەدىمىي ئىتالىيىنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى ھازىرلا سەپەرگە چىقىدىغاندەك تۇرى-

① ماركو پولو (1254 — 1324) — ئىتالىيىلىك سەيياھ.

دۇ. يەنە شۇ ماركو پولو بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىقامدىغاندۇ؟ ياق، ئەمدى ۋېنىتسىيىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرى ۋېنىتسىيە خەلقىنىڭ دوستلۇق سالىمىنى ئېلىپ، ماركو پولو ئايرودرومىدىن يىراق جايدىكى شەرققە قاراپ ئۇچىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. كۆپكۆك ۋېنىتسىيە دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق شەھەر، ئادرىئاتىك دېڭىز ساھىلىدىكى بىر تىزىق مەرۋايىت. تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنى مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلاشتۇرۇپ، گۈزەل بىر رەسىمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟

1) خۇددى كۆپكۆك تەشتەككە تىكىلگەن گۈللەرگە ئوخشاپ كېتەتتى...

2) يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن دانە-دانە مەرۋايىتلارغا ئوخشاپ كېتەتتى.

3) خىرۇستال ئوردىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ...

2. گۈزەل شەيئىلەر گۈزەل تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە موھتاج. تېكىستتە نۇرغۇن ئوخشىتىش جۈملىلىرى بار بولۇپ، ۋېنىتسىيىنىڭ سۇ، قۇرۇلۇش ۋە كۆز مەنزىرىلىرىنى ناھايىتى جانلىق نامايان قىلىپ بەرگەن. بۇ جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەشتىكى رولىنى بىلىۋېلىڭ.

3. تېكىستنىڭ ماۋزۇسى ناھايىتى جەلپكار. سىزچە «سۇ ئۈستىدىكى ۋېنىتسىيە»، «سۇ شەھىرى ۋېنىتسىيە»، «ئاجايىپ ۋېنىتسىيە» دېمەي، «كۆپكۆك ۋېنىتسىيە» دەپ ئېلىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى نەدە؟

*4. 5-، 6-ئابزاستا ئاساسلىق سان ماركو مەيدانىنىڭ بىنا بولۇش تارىخى، قۇرۇلۇشلار، ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، ساياھەتچىلەر قاتارلىقلار يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەسەر ماۋزۇسى بىلەن مۇناسىۋ-

تى ئانچە چوڭ ئەمەستەك بىلىنىدۇ . سىز بۇنىڭغا نىسبەتەن قانداق چۈشەنچىدە ؟


ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# تىل ھەققىدە

يادلاڭ

ئەلىشىر نەۋائى[①]

كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىلدۇر،
ۋە ئول خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى تىلدۇر.

دۇردانىلەر دېگەن سۆزنى ئەپسانە بىل،
جاھان دېڭىزىدا سۆزنى دۇردانە بىل.

ئىنساننى سۆز ئەيلىدى جۇدا ھايۋاندىن
بىلكىم، گۆھىرى شەرىفراق يوق ئاندىن.

شۇبھىسىزكى، تىل تەپەككۇرنىڭ تاشقى پوستى. *ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى بۇ شېئىرىدا تىلنى ئىنساننىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى، ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بەلگە، ئەڭ ئۇلۇغ گۆھەر، دەپ مەدھىيىلەش ئارقىلىق تەپەككۇرنىڭ مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن. تەپەككۇرسىز ھايات ھەقىقەتە-*

① ئەلىشىر نەۋائى — (1441 ـ 1501) دۇنياغا مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، مۇتەپەككۇرى ۋە دۆلەت ئەربابى، ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يەنە بىر بۈيۈك چوققا. نەۋائى «خەمسە»، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، «خەزايىنۇل ـ مەئانى» قاتارلىق زور بىر تۈركۈم شېئىر ـ داستانلارنى ۋە تەزكىرە ـ تەرجىمىھاللارنى يازغان.

مۇ ئەسلەشكە ئەرزىمەيدۇ . شۇڭا هايات كەچۈرۈش ۋە ئۆگە-
نىش جەريانىدا تەپەككۇر قىلىپ ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ
ياشاشنى ئادەت قىلىش كېرەك . بولۇپمۇ كىشىلەر «دۇردا-
نىدۇر» دېگەن سۆزلەرگە يەنى تەپەككۇر سەمەرىلىرىگە گۇ-
مانىي نۇقتىدىن قاراشقا ، «جاهان دېڭىزى» دىن يېڭى ،
ئۆزگىچە تەپەككۇر ھېكمەتلىرىنى ئىزدەشكە ئادەتلىنىش
زۆرۈر . شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى ، تىل ئىنساننىڭ
ئەڭ زور خەزىنىسى ھېسابلىنىدىغان كۆڭۈلنىڭ ھەم قۇلۇ-
پى ، ھەم ئاچقۇچىدۇر . شۇڭا تىلنى توغرا ، جايىدا ، قەدىر
- قىممىتى بىلەن ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىش كېرەكتۇر .
مانا بۇ مەزكۇر شېئىردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىيات .

# تەسىراتىم

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

ئوقۇپ ئەشئارلىرىنى غەرق مەست بولۇپ ،
تەسىراتىم چىنىسىگە تەسىرات تولۇپ .

كۆزۈم بىر ئۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالدى ،
ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە پېتىپ قالدى .

يېپىپ كىتابنى ، ئۆزۈمگە سوئال بېرىمەن ،
نەۋائى قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر دەيمەن .

قېنىدۇر شۇ نەۋائى ، قېنى ، بىر كۆرسەم ،
مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنى بىر سۆيسەم .

قاراپ تۇرسام «خەمسە» نى يازغاندا ،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغاندا .

قاراپ تۇرسام پەرھادقا رەسىم سىزغاندا ،
قاراپ تۇرسام شىرىنگە گۈللەر تىزغاندا .

قاراپ تۇرسام بەھرامنىڭ قىياپىتىگە ،
قاراپ تۇرسام گۈلەندەمنىڭ لاتاپىتىگە .

قوي شائىر ، سۆزلىمە ، جۆيلۈپ يوققا ،

نەۋائى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا…

ئۇنىڭ مازارىنى ھەربىر ۋاراقتىن ئىزدە ،
گۈمبەز قەبرىسىنى ھەر مىسرادىن ئىزدە .

ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن ،
ئۇ ھەر مىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن .

1944 ـ يىل ، ئىيۇل

*شائىر ل . مۇتەللىپ بۇ شېئىرىدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ۋە تەسىراتىنى يازغان . ئۇ نەۋائىنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن .*

# ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەت ئەسەرلىرىنى يېزىش

بىرەر ئورۇننى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، بىرەر مەنزىرىلىك جاينى ساياھەت قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇچرىتىمىز، نۇرغۇن تونۇشلارغا ئىگە بولىمىز ھەمدە دائىم ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ئەھۋالىنى يېزىشقا موھتاج بولىمىز. شۇڭا ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت جەريانىدا باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشىمىز، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇشىمىز، ئېكسكۇرسىيە قىلىنغان ئورۇننىڭ تارىخى، كۆلىمى، ئالاھىدىلىكىنى، ساياھەت قىلىنغان جايدىكى مەنزىرە، نەرسىلەر، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر قاتارلىقلارنى چۈشىنىشىمىز ھەمدە ئۆزىمىزدە قانداق ئوي - پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، يازغان ئەسىرىمىز مول مەزمۇنلۇق، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولالايدۇ. ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى چوقۇم چىن بولۇشى، ساختىلىق ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم.

ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ئەسەرلىرىنى يازغاندا رەت تەرتىپكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئادەتتە ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت كۆنتەرتىپى ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە يېزىلىشى لازىم. يەنە بەزى ئەسەرلەردە ئالدى بىلەن بىرەر ئورۇن ياكى مەنزىرىلىك جاينىڭ ئالاھىدىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك بىر تونۇشتۇرۇلۇۋېتىپ، ئاندىن

ئايرىم ـ ئايرىم يېزىلىدۇ. مەسىلەن، «كۆپكۆك ۋېنىتسىيە» دە ئالدى بىلەن «سۇ ئاستانە»نىڭ «ئىشىكتىن چىقسىلا سۇ كۆرۈنىدىغان» ئالاھىدىلىكى، ئاندىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەھەردىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر ۋە ۋېنىتسىيە خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ بېرىش ـ كېلىش تارىخى ھەمدە چوڭقۇر دوستلۇقى تونۇشتۇرۇلغان.

ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ئەسەرلىرىنىڭ شەكلى ئەركىن، ئۇسلۇبى ھەرخىل بولۇپ، كۈندىلىك خاتىرە شەكلى، مەكتۇپ، نەسىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. تىلى جانلىق ھەم ئوبرازلىق؛ يېنىك ھەم گۈزەل، سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

1. بىرەر مەھەللە، ماگىزىن، دېھقانچىلىق مەيدانى ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۆزىڭىز تېما بەلگىلەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

2. سىز سىرتلارغا چىقىپ ساياھەت قىلىپ باققانمۇ؟ قايسى جايدىكى مەنزىرە ياكى ئاسار ئەتىقە سىزدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان؟ تېمىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەپ، بىر پارچە ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ بېقىڭ.

3. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق مەشقى: مەنزىرىلەرنى كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىڭ ھەمدە ھەر خىل مەنزىرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى يېزىق ئارقىلىق توغرا ئىپادىلەڭ.

## ئەسەر تۈزىتىش

تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ يېزىلىشىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، پەش بىلەن چېكىتنى يازغاندا، «،»، «.» قىلىپ ئوچۇق يېزىشىمىز، ھەرگىزمۇ قولىمىزنىڭ ئۇچىدىلا يا پەشكە، يا چېكىتكە ئوخشىمايدىغان قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم. سىزىق ئۆزۈنراق يېزىلىشى، ھەرگىزمۇ قۇر

كۆچۈرۈش بەلگىسىدەك قىسقا بولۇپ قالماسلىقى ھەمدە بەك ئۇزۇنمۇ
بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك . كۆپ چېكىتنى ئۈچ تاللا قويۇش ، ھەر-
گىزمۇ ئالتە ياكى ئون نەچچە تال قويۇۋەتمەسلىك ؛ سىزىق بىلەن كۆپ
چېكىتنى قۇردىن قۇرغا كۆچۈرۈپ يازماسلىق ؛ چېكىت ، پەش ، چې-
كىتلىك پەش ، قوش چېكىت ، سوئال بەلگىسى ، ئۈندەش بەلگىسى
ۋە كېيىنكى قوش تىرناق ، كېيىنكى تىرناق قاتارلىقلار قۇر بېشىغا
كېلىپ قالماسلىقى ؛ ئالدىنقى قوش تىرناق ، ئالدىنقى تىرناق قاتار-
لىقلار قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالماسلىقى ؛ قوش تىرناق ئىچىگە يەنە
تىرناق ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە ، يەنە قوش تىرناق ئىشلەتمەي ،
بەلكى يالاڭ تىرناق ئىشلىتىش ؛ ئۈندەش بەلگىسىدىن ئادەتتە بىرنىلا
ئىشلىتىش ، ھەرگىزمۇ خالىغىنىچە «!!» ، «!!!» قىلىپ يېزى-
ۋەرمەسلىك كېرەك . بۇلار گەرچە كىچىك ئىش ھېسابلانسىمۇ ، لې-
كىن دىققەت قىلغاندا ، خەتلەرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرغىلى
بولىدۇ .

ئۆزۈڭلار يېقىندا يازغان بىرەر پارچە ئەسەرنى تۈزىتىپ بېقىڭلار
ھەمدە ئۆلچەملىك قويۇلمىغان تىنىش بەلگىلىرى بولسا ، ئەستايىدىل-
لىق بىلەن تۈزىتىڭلار . تۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن ، ساۋاقداش-
لار ئۆز - ئارا ئالماشتۇرۇپ كۆرۈڭلار ھەمدە بىر - بىرىڭلارنىڭ
خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار .

## ئاغزاكى ئالاقە

# ئەگەر مەن ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ قالسام

«دوستلار ، بىز ئەڭ مەنزىرىلىك جايغا كېلىپ قالدۇق . قاراڭلار ئەنە ، كەينىمىزدىكىسى ئەگرى ـ توقاي ، ياپپېشىل ئورمانلىق ، ئالدىمىزدىكىسى زۇمرەتتەك بۇغدا كۆلى . ياپپېشىل تاغلار كۆلنى ئوراپ تۇرىدۇ ، تاغۇ تاشلار كۆلگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ . ئۈستىمىزدە تاغ ، ئالدىمىزدا سۇ . . . ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەنزىرىدە ـ بۇ . »

بۇ بىر ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ بۇغدا كۆلىدە ساياھەتچىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرى .

ناۋادا مەنمۇ بىر ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ قالسام ، مۇشۇ ساياھەت يېتەكچىسىگە ئوخشاش ئۆزۈمنىڭ ئوتلۇق تۇيغۇلىرىمنى گۈزەل مەنزىرىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ ، ساياھەتچىلەرگە چۈشەندۈرۈپلا قالماي ، يەنە مەنزىرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېگىلەپ ، مۇۋاپىق ئوخشىتىشلارنى قوللىنىپ ، ساياھەتچىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاتقان بولاتتىم .

ئەگەر مەن بىر ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ قالسام ، مەنزىرىلەرنى تونۇشتۇرغاندا ، مەنزىرىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مول بىلىملەرنى قىستۇرۇپ ، ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەتكە بولغان ھەۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولاتتىم . مەسىلەن ، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ قالسام ، مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن بولاتتىم : «مېھمانلار ، بىز كۆرۈپ تۇرغان بۇ جامە ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى . بۇ جامەنىڭ ئورنى ئەسلىدە قەبرىستانلىق

بولۇپ ، شەھەر سىرتى ھېسابلىناتتى . قەبرىستانلىقتا ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، 1442 - يىلى بۇ يەرگە بىر كىچىك مەسچىت سېلىنغان . مەشھۇر شائىر ، قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ 1839 - يىلى قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساتقاندىن كېيىن ، ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەر ئىچىدىكى مەركىزىي مەسچىتكە ئايلانغان ۋە يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىپ ، « ھېيتگاھ جامەسى » ، دەپ ئاتالغان . شۇنىڭدىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسى كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە بارغانسېرى كېڭەيتىلگەن .

جامەنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 16 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر ، مەسچىت قىسمىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئىككى مىڭ 600 كۋادرات مېتىر ، ئۇنىڭ ئىچىدە 140 تال تۈۋرۈك بار . ھەر يىلى روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتا جامە ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەيدان ئاجايىپ قىزىپ كېتىدۇ . »

ئەگەر مەن ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ قالسام ، ھەر خىل ساياھەتچىلەرگە قارىتا ، ئۆخشىمىغان تىل ماھارىتىنى قوللىنىپ ، كەيپىياتنى تەڭشەپ تۇرغان ، بەزىدە ئاۋۋال ساياھەتچىلەرگە مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاتقاندىن كېيىن ، ئاندىن ئوبرازلىق قىلىپ چۈشەندۈرگەن بولاتتىم .

1 . ساياھەتچىلەر سىز تونۇشتۇرۇۋاتقان بىرەر جاينى ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بولغاندا ، سىز ساياھەت يېتەكچىسى سۈپىتىدە ساياھەتچىلەرگە ئۇ يەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ . چۈشەندۈرگەچ ساياھەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىڭ . قالغان ساۋاقداشلار ساياھەتچى بولۇپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۆز تەكلىپلىرىنى يازما ياكى ئاغزاكى سۇنۇپ كۆرسۇن .

2 . يۇرتۇڭلاردىكى بىرەر مەنزىرىلىك جاينى تاللاپ ، ھەربىرىڭلار بىر ئابزاستىن چۈشەندۈرۈش سۆزى تەييارلاڭلار . ئاندىن نۆۋەتلىشىپ ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ ، قالغان ساۋاقداشلارغا چۈشەندۈرۈڭلار .



## مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

## «تۇم سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»

# تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

بۇ سەھىپىدە سىزگە ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى مارك تۋېن-
نىڭ «تۇم سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن بىرنەچچە
پارچە تونۇشتۇرۇلدى. بۇ ئەسەر 1876 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن
بۇيان كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان ھەمدە نۇرغۇن
قېتىم كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە كارتون فىلىم قىلىپ ئىشلە-
نىپ، چەكسىز ئېستېتىكىلىق سېھرىي كۈچ بىلەن پۈتكۈل دۇنيادىكى
ياش - ئۆسمۈرلەرنى رام قىلىۋالغان ۋە ئۇلارغا كۈچلۈك تەسىر
كۆرسەتكەن. ئادىللىق، باتۇرلۇق، پاكلىق، سەممىيەت كىشىلەرنى
مەڭگۈ ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. دوستى-
لۇق، ئادىمىيلىك، ئەخلاق - پەزىلەت بولسا ئىنسان روھىيىتىنىڭ
ئۆزگىرىپ تۇتتىشىپ ۋە ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىدىكى مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك.
بۇ ئەسەردە ئاپتور بىزگە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل روھىي سىزمىلى-
رىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

بۇ پارچىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «تۇم سويېرنىڭ سەرگۈ-
زەشتىلىرى» ناملىق كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا، پېرسوناژلارنىڭ
خەتەرلىك ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ھېس قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پېر-

سوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ. رومانىڭ تاۋلانغان تىلىدىن ئەسەر تىلىنىڭ پېرسوناژ، مۇھىت ۋە باش تېمىدا ئىپادىلىگەن مەزمۇن بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

## مۇھاكىمە

پۈتۈن كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ تېكىستتە بېرىلگەن ئۈچ نادىر پارچىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىپ، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ:

1. سىز ئاپتورنىڭ توم سويېردىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ئوبرازنى نېمە مەقسەتتە يارىتالىقىنى قانداق چۈشەندىڭىز؟

2. سىزچە توم سويېر قانداق بالا؟ ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ھەۋەسىڭىز كېلەمدۇ، نېمە ئۈچۈن؟

3. سىزنىڭ توم سويېردەك «خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ» ياشاپ باققۇڭىز بارمۇ، نېمە ئۈچۈن؟

## «دېڭىز قاراقچىسى» بولغىلى مېڭىش[1]

توم تار كوچىلاردا ئۇيەر ـ بۇيەرلەرگە مۆكۈپ يۈرۈپ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بارىدىغان يولدىن ئۆتۈۋالدى ـ دە، كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا يوگۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ بىر ئېرىقنىڭ ئۇستىدىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئاتلىدى. چۈنكى بالىلار ئارىسىدا، مۇشۇنداق قىلسا قوغلىغان كىشى ئۇنىڭ ئاياغ ئىزىنى تاپالمايدۇ، دېگەن بىر

① خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان «توم سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 8 ـ بابىدىن تەرجىمە قىلىندى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى توم سويېرنىڭ «دېڭىز قاراقچىسى» بولۇشقا بارماقچى بولغانلىقى ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكتىپ تەييارلىق قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

خىل خوراپاتلىق بار ئىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇ كارىنى تېغىنىڭ ئۈستىدىكى داگلىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىپ بولدى. مەكتەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى جىلغىدا قالغان، كۆزدىن يىتەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ قېلىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ، ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى ۋە شاخلىرى يېيىلغان بىر توپ كاۋچۇك دەرىخى ئاستىدىكى مۇخ بېسىپ كەتكەن جايدا ئولتۇردى. ئازراقمۇ شامال يوق، چىڭقى چۈشنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا قۇشلارمۇ سايراشتىن توختاپ قېلىشقانىدى. تەبىئەت دۇنياسى ئۇيقۇغا پاتقان، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ يىراقتىن ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇرغان تاك ـ تاك ئاۋازىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئەمما بۇ ئەتراپنى چىرمىۋالغان جىمجىتلىق ۋە غېرىبلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. تومنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولغاچقا، كەيپىياتىمۇ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا سىڭىشىپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى ئېڭىكىگە تىرىگىنىچە ئازابلىق خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ياشاش بىھۇدىلا بىر ئىشتەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ بىر تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن جىم خوجىسقا ھەۋەس قىلىپمۇ قالدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش قەبرىدە يېتىپ شېرىن چۈشلەرنى كۆرسە، شامالنىڭ دەرەخ شاخلىرىنى شىلدىرلىتىپ، قەبرە بېشىدىكى گۈل ـ گىياھلارنى يەلپۈپ ئۆتۈشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسا، ئازاب ـ ئوقۇبەت، كۆڭۈل ئاغرىقى دېگەنلەردىن مەڭگۈ قۇتۇلسا، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ئاۋادا يەكشەنبىلىك مەكتەپ① ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئېۋەن تاپالمىسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئارمىنى قالمايتتى.

ھەي، ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۆلۈپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!

ئەمما، ياشلارنىڭ ئەركىن سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى بۇنداق سىقىلىشلاردىن ھە دېگەندىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. توم ئۇزاق ئۆتمەي ئىختىيارسىز يەنە «بۇ ئۆمرى»، بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە باش قاتۇ-

---

① مەخسۇس يەكشەنبە كۈنى بالىلارغا خرىستىيان دىنىي دەرسى ئۆتۈلىدىغان بىر خىل مەكتەپ.

روشقا باشلىدى:

ئەگەر مۇشۇ ئاچچىقىمدا سىرلىق هالدا يوقاپ كەتسەم قانداق بولار؟ ئەگەر بۇيەردىن ئايرىلىپ، يىراق ـ يىراقلارغا — دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاڭلاپمۇ باقمىغان دۆلەتلەرگە كېتىپ، زادىلا قايتىپ كەلمىسەمچۇ! ياق، بىر ئەسكەر بولۇشۇم، نۇرغۇن يىللار غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، ئوردېنلارنى تاقاپ ئاندىن يۇرتۇمغا كېلىشىم كېرەك. ياق، تېخىمۇ شەرەپ قۇچۇشۇم، ئىندىئانلارغا قوشۇلۇپ، قاتمۇ قات تاغلار ۋە يىراق غەربتىكى ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن پايانسىز ئېدىرلاردا قوتاز ئوۋلىشىم، ئۇرۇش قىلىشىم، كەلگۈسىدە قەبىلە باشلىقى بولۇپ، بېشىمغا رەڭمۇ رەڭ پەيلەرنى تاقاپ، يۈزۈمنى قورقۇنچلۇق بوياپ قايتىپ كېلىشىم كېرەك. كىشىنى ئۇيقۇسىرىتىدىغان يازنىڭ مەلۇم بىر ئەتىگىنى شۇ تۇرقۇم بىلەن يەكشەنبىلىك مەكتەپكە ئۇسۇپلا كىرىپ، بىر ۋارقىرايدىغان بولسام، ساۋاقداشلىرىم قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترىشىپ، كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئالدىرىماي تۇر، قەبىلە باشلىقى بولۇشتىنمۇ ئېسىل ئىشلار بار تېخى. دېڭىز قاراقچىسى بولايمۇ ـ يا؟ توغرا، ياخشىسى دېڭىز قاراقچىسى بولغىنىم تۈزۈك! شۇ ئوي بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ، ئىستىقبالى روشەن نامايان بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل جاھانغا پۇر كېتىپ، كىشىلەر ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ دىر ـ دىر تىترىشىدىغان بولىدۇ! ئۇ «بوران مۇئەككىلى» ناملىق ئۇزۇن، ئېغىر ۋە تۇم قارا كېمىسىنى دېڭىز دولقۇنلىرىنى يېرىپ شىددەت بىلەن هەيدەپ ماڭىدۇ. كېمە بېشىدا كىشىلەرنى ۋەهىمىگە سېلىپ تۇرىدىغان بايراق لەپىلدەپ تۇرىدۇ. ئۇ داڭدار كىشى بولۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن چېركاۋغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ بوران ـ چاپقۇنلاردا قارايغان بەدىنى، قارا تىۋىتتىن تىكىلگەن تار ئىشتان ـ چاپىنى، تىزىدىن ئاشىدىغان ئۇزۇن ئۆتۈكى، مۇرىسىگە ئېسىلغان قىزىل لېنتىسى، بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغان تاپانچىسى، يېنىغا ئېسىۋالغان قان يۇقى خەنجىرى، پەيلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان كەڭ

قالپىقى، باش سۆڭىكى بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن سۆڭەكنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن قارا بايراققا قاراشقىنىچە: «قاراڭلار، دېڭىز قاراقچىسى توم سويېر كەپتۇ! لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قارا كېمىلىك قىساسكار دەل شۇ!» دەپ كۇسۇرلىشىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

بولدى، مۇشۇنداق بولسۇن، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى بەلگىلىنىپ بولدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، دېڭىز قاراقچىسى بولىدۇ.

*بۇ پارچىدا تومنىڭ ئەينى زاماندىكى مەنىسىز مەكتەپ تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ غېرىبسىنغاندىن كېيىنكى بىر قاتار روھىي كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقاندا بولىدىغان ئالاھىدە قارشىلىق روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن. بالىلىق ۋە قىرانلىق، خۇشاللىق ۋە ئازاب، خىيال ۋە رېئاللىق قاتارلىق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنىدىغان قارىمۇقارشى پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر بۇ پارچىدا ئاپتورنىڭ كۈچلۈك قەلىمىنىڭ خاسىيىتى بىلەن تولۇق ئۆز ئەكسىنى تاپقان.*

**1. ئىجتىمائىي شارائىت تومنىڭ روھىي دۇنياسىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟**

**2. ناۋادا سىز تومدەك پىشكەللىكلەرگە ئۇچرىسىڭىز، قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟**

# «دېڭىز قاراقچىسى» لىق تۇرمۇش[1]

توم سەھەردە ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتىراپقا سەپسېلىپ چىقتى - دە، ئاندىن بىردىنلا ئېسىنى تاپتى. بۇ سالقىن، غۇۋا سەھەر ۋاقتى ئىدى. ئورمانلىقتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، بىر خىل تاتلىق ئۇيقۇ ۋە تىنچلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بىرەر يوپۇرماقمۇ مىدىرلىمايتتى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزىدىغان ھېچ - قانداق تىۋىش يوق. دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە گۈل - گىياھلاردا شەبنەم يالتىرايتتى. گۈلخان ئۈستىنى بىر قەۋەت ئاق كۈل باسقان، كۆكۈچ ئىس تىك كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. جوئېرخاپو[2] بىلەن خاك[3] تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى.

بۇ چاغدا ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر قۇشنىڭ سايرىغىنى ئاڭلاندى. يەنە بىر قۇش ئۇنىڭغا جور بولدى. ئارقىدىنلا بىر تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ دەرەخنى توكولداتقىنى ئاڭلاندى. بارا - بارا غۇۋا تاڭ نۇرى سۇزۇلۇپ، ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈرلۈك ئاۋازلار كۆپەيدى، ھەممە جانلاندى. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۆز پائالىيىتىنى باشلىغان ئاجايىپ كۆرۈنۈشى خىيالغا پاتقان بۇ بالىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بىر كۆك قۇرت شەبنەم باسقان بىر تال يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەپ كېلىپ، بەدىنىنىڭ ئىككىدىن ئۈچ قىسمىنى كۆتۈرۈپ «ئەتراپنى ھىدلىغان» دىن كېيىن يەنە داۋام - لىق ئۆمىلەشكە باشلىدى. توم بولسا يوپۇرماقنىڭ ئۆز ئۆزلۈكىنى مۆل - چەرلەۋاتاتتى. قۇرت ئۆمىلەپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ تاشتەك

---

① بۇ پارچە «توم سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» نىڭ 14 - بابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا توم سويېرنىڭ ئۆز دوستلىرى بىلەن جېكسون ئارىلىغا يېڭىلا بارغاندىكى «قاراقچى» لىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن.

② جوئېرخاپو — تومنىڭ يېقىن ئاغىنىسى. ئاپىسى ئۇرۇپ تىللىغاچقا، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن.

③ خاك — خاكىبېل فىن، يېتىم بالا، تومنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، تەربىيە كۆرمىگەن، ئەركىن ياشاپ كۆنۈپ قالغاچقا، قائىدە - يوسۇنلارغا بويسۇنۇپ كەتمەيدۇ.

قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. قۇرت بەدىنىنى كۆتۈرۈپ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز تومىنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. توم بۇنىڭدىن قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ پات ئارىدا بىر قۇر يېڭى كىيىمگە — شەك - شۈبھىسىزكى، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان بىر قۇر دېڭىز قاراقچىسى كىيىمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. بۇ چاغدا نەدىندۇر بىر توپ چۈمۈلە پەيدا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى غەيرەتلىك بىر چۈمۈلە ئۆزىدىن بەش ھەسسە چوڭلۇقتىكى ئۆلۈك ئۆمۈچۈكنى قاماللاپ تۇتۇپ ھەدەپ سۆرىمەكتە ئىدى. ئاخىر ئۇ ئۆمۈچۈكنى بىر دەرەخ شېخىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. دۈمبىسىدە جىگەررەڭ چېكىملىرى بار بىر خانقىز بىر تال گىياھنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىپ ئۇچماقچى بولۇۋاتاتتى. توم ئېگىلىپ، يۈزىنى ئۇنىڭغا يېقىن ئاپىرىپ: «خانقىز، خانقىز، تېز ئۆيۈڭگە قايت، ئۆيۈڭگە ئوت كەتتى، باللىرىڭغا قارايدىغان ئادەم يوق!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن خانقىز زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى. توم بۇنىڭغا قىلچە ھەيران بولمىدى. چۈنكى بۇنداق ھاشاراتلارنىڭ ئوت ئاپىتى دېسە ئاسانلا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئاددىيلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىلگىرىمۇ ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ باققانىدى. ئاندىن بىر مايقوڭغۇز زور غەيرەت بىلەن تېزەك شارچىنى دومىلاتقىنىچە يېتىپ كەلدى. توم ئۇنىڭغا تېگىپ قويۇۋىدى، ئۇ پۇتلىرىنى يىغىپ ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالدى. بۇ چاغدا قۇشلار بەس - بەستە سايرىشىپ ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. شىمالنىڭ بىر خىل دورامچى قۇشى بولغان دومبىتېللا تومنىڭ ئۈستىدىكى بىر شاخقا قونۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى قۇشلارنى دوراپ زوق - شوق بىلەن سايراشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر سۇلا قۇشى زىل ئاۋازدا سايرىغىنىچە چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ كېلىپ، توم قولىنى سۇنسىلا يەتكۈدەك بىر دەرەخ شېخىغا قوندى. ئاندىن بېشىنى قىيسايتىپ، بۇ ناتونۇش بالىغا تولىمۇ ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. بىر كۆل رەڭ تىيىن بىلەن تۈلكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان

چوڭ بىر جانىۋار ئالدىراپ - سالدىراپ يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، پات - پات توختاپ بۇ بالىلارغا سەپسېلىشقا باشلىدى. تېخى ئۇلارغا قاراپ چىرقىراپمۇ قويدى. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن ئادەمزات كۆرۈپ باقمىغان، شۇڭا بۇ بالىلاردىن قورقۇش ياكى قورقماسلىقنى بىلمىسە كېرەك. بۇ چاغدا تەبىئەت دۇنياسى تولۇق ئويغىنىپ، ئالدىراش پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. كۈن نۇرى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن تال - تال نەيزىلەردەك چۈشۈپ تۇراتتى. بىر نەچچە كېپىنەك قانات قېقىشىپ شوخ ئۇسسۇل ئويناماقتا ئىدى.



توم قالغان ئىككى دېڭىز قاراقچىسىنى ئويغاتتى. ئاندىن ئۈچەيلەن چۇرقىراشقىنىچە سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئىككى مىنۇتقا بارمايلا ئۇلار كىيىملىرىنى يېشىپ بولۇپ، ئاقۇچ قۇملۇق بويىدىكى سۈپسۈزۈك، تېيىز سۇدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناشقا باشلىدى.

كەڭ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يىراق جايدا ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان ئاشۇ كىچىك كەنت بازىرىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. بەلكىم جىددىي ئېقىنىنىڭ تەسىرىدىن ياكى دەريا سۈيىنىڭ سەل كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ سىلى ئېقىپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇلار بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ كېتىشتى. چۈنكى سال ئېقىپ كەتكەندىن كېيىن، خۇددى ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋەيران بولغانغا ئوخشاش، ئەمدى كەينىگە قايتىش يولىمۇ ئۈزۈلدى، دېگەن گەپ.

*بۇ پارچىدا توم، جوئېر ۋە خاكتىن ئىبارەت ئۈچ «كىچىك قاراقچى» نىڭ جېكسون ئارىلىدىكى سەھەردىكى ئىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدا مەنزىرە، شەيئىلەر، روھىي ھالەت ۋە گەپ - سۆزلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ئۈچ بالىنىڭ چوڭلار جەمئىيىتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدا ئەركىن - ئازادە، تۇسالغۇسىز تۇرمۇش قويىنىغا چۆككەن خۇشال كەيپىياتى تولۇق نامايان قىلىنغان. ھېچكىم بۇيرۇق قىلمايدىغان، پەقەت گۈل - گىياھ، جان - جانىۋارلار بىلەنلا دوستلىشىپ ئۆتىدىغان، ھېچقانداق قائىدە - يوسۇننىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىماي، ئۆزىنىڭ بالىلارچە ئارزۇ - ئارمانلىرى بويىچە ئىش قىلىدىغان بۇنداق گۈزەل تەبىئەت دۇنياسىدا ھەممە نەرسە مەڭگۈ سېھرىي كۈچكە تولۇپ، ئۇلارغا ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىللىتىدۇ. كىشىلىك دۇنيادىكى جىمى ئازابلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.*

**1. ئەسەردە قايسى مەنزىرە تەسۋىرلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ خۇشال كەيپىياتى نامايان قىلىنغان؟**

**2. ئالدىنقى پارچىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇنىڭدا تومنىڭ روھىي ھالىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغان؟**

# ئۆڭكۈردىكى خەتەرلىك مۇساپە[1]

ئۇلار بىر ئۆتۈشمە يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، گەپ ـ سۆزسىز خېلى ئۇزاق مېڭىشتى. ھەربىر يېڭى ئېغىزنىغا كەلگەندە بىرەر تونۇش نەرسە ئۇچراپ قالارمۇ دەپ قارىشىپ باقاتتى. لېكىن ھەممىسىلا ناتونۇش ئىدى. توم ھەرقېتىم زەن قويۇپ كۆزەتكەندە، بېك[2] كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىرەر ئىپادىنى كۆرەرمەنمۇ دەپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ كېتەتتى. توم بولسا ھەر قېتىم خۇشاللىق بىلەن:

— خاتىرجەم بولۇڭچۇ. بۇ بىز كۆرگەن يېقىش ئېغىزى بولمىغان بىلەن ھازىرلا تاپىمىز، — دەيتتى.

بىراق تولا مەغلۇپ بولۇۋېرىپ ئۇ بارغانسېرى ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۆزى ئىزدەۋاتقان يېقىش ئېغىزىنى تاپماقچى بولۇپ، ئۇچرىغانلىكى ئاچا يوللارغا كىرىپ كېتىۋەردى. ئاغزىدا «خاتىرجەم بولۇڭ» دېگىنى بىلەن كۆڭلىنى ۋەھىمە چىرمىۋالغانىدى. ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ، ئاڭلىماققا «ئەمدى تۈگەشتۇق!» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇڭا بېك قورقىنىدىن ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالدى، كۆز ياشلىرىنى سىڭدۈرىۋېلىشقا بولالمىدى.

— ھەي، توم، — دېدى ئۇ ئاخىر، — شەپەرەك بولسىمۇ بولۇۋېرسۇن، يەنىلا ئاشۇ تەرەپ بىلەن ئارقىمىزغا قايتايلى! قارىغاندا، بىز بارغانسېرى خاتا مېڭىۋاتقاندەك قىلىمىز.

توم قەدىمىنى توختاتتى.

— قۇلاق سېلىڭ! — دېدى ئۇ.

ئەتراپ شۇنداق جىمجىت ئىدىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ تىنىقىمۇ

---

① «توم سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 31 ـ بابىدىن ئېلىندى. بۇ پارچىدا توم بىلەن بېكىنىڭ ئۆڭكۈرەدىكى قىزىقارلىق، ئەگرى ـ توقاي، جىددىي بولغان خەتەرلىك مۇساپىسى تەسۋىرلەنگەن.

② بېك — كەنت بازىرىدىكى بىر سوتچىنىڭ قىزى، تومنىڭ ساۋاقدىشى.

ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى . توم تۈيۈقسىز تۇۋلىۋەتتى . ئاۋازى ئۆڭ-كۈردە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ، ئاستا - ئاستا پەسلەپ يوقالدى . بۇ خۇددى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن ئاۋازغا ئوخشاپ كېتەتتى .

— تۇۋلىمىسىڭىزچۇ توم ، تېخىمۇ ۋەھىمىلىك بولۇپ كېتىدىكەن ، — دېدى بېك .

— ۋەھىمىلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن . لېكىن يەنىلا تۇۋلىغىنىم تۈزۈك . ئۇلار ئاڭلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

توم شۇنداق دەپلا يەنە تۇۋلاشقا باشلىدى .

«ئەجەب ئەمەس» دېگەن بۇ سۆز كىشىنى جىنىنىڭ مەسخىرە قىلىپ كۈلگىنىدىنمۇ بەتتەر ۋەھىمىگە سالاتتى . چۈنكى بۇ ، ئەمدى ئۈمىد قالمىدى — دېگەنلىك ئىدى . ئىككىيلەن قەدىمىنى توختىتىپ قۇلاق سېلىشتى . ئەمما ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى ، توم دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كەلگەن يولىغا قايتتى ھەم قەدىمىنى تېزلەتتى . ئۇنىڭ ھەربىر كىتىدىن بىر ئىشقا ئىككىلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . بېك ئاخىر يەنە بىر قورقۇنچلۇق ئىشنى — ئۇنىڭ قايتىش يولىنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى .

— ھەي ، توم ، سىز نېمىشقىمۇ بەلگە قويمىغان بولغىيدىڭىز !

— بېك ، مەن بەكلا ئەخمەق ئىكەنمەن ! راستىنىلا بەكلا دۆتلۈك قىپتىمەن . يەنە ئارقىمىزغا قايتىدىغانلىقىمىزنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىمەن ! چاتاق بولدى ، يولنى تاپالمايۋاتىمەن . ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالدىم .

— توم ، ھەي توم ، بىز ئېزىپ قالدۇق ! ئېزىپ قالدۇق دەۋاتىمەن ! ئەمدى بۇ قورقۇنچلۇق جايدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيمىز ! ئىسىت ، نېمىدەپمۇ باشقىلاردىن ئايرىلىپ ماڭغان بولغىيتتۇق !

بېك پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئۈن سېلىپ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى . توم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى . بېك قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە پايدىسىز پۇشايمانلىرىنى ھەدەپ سۆزلىگىلى تۇردى . يىراقتىن ئاڭلانغان ئەكس سادا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقان-

دەك تۇيۇلاتتى. توم ئۇنىڭدىن يېڭىۋاشتىن غەيرەتكە كېلىپ، ئۈمىدىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۆتۈندى. بىراق بېك ئەمدى ھېچ غەيرىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن توم، سىزنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندىكىن، ھەممە ئىشقا مەن ئەيىبلىك، دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. بېك بۇنىڭدىن سەل ئېرىپ، يەنە تىرىشىپ باقاي، پەقەت سىز تۇۋلىمىسىڭىزلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نەگە باشلىسىڭىز شۇ ياققا ماڭاي، دېدى. يەنە بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭمۇ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېچبىر نىشانسىز قارىسىغىلا ماڭدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇلاردا يەنە ئۈمىد پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى بولمىسىمۇ، مەغلۇبىيەت ئالدىدا تەن بەرمىسىلا ئۈمىد دېگەن توغۇلۇۋېرىدىغان نەرسە.

بىردەم ماڭغاندىن كېيىن توم بېكىنىڭ قولىدىكى شامنى ئېلىپ ئۆچۈرۈۋەتتى. چۈنكى ئەمدى شامنى ئايىمىسا بولمايتتى. بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇ ئىش بىلەن تەڭ بېك يەنە ئۈمىدىنى ئۈزدى. تومنىڭ يانچۇقىدا بىر تال شام بىلەن ئۈچ تال شام قالدۇقى بارلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنە شامنى ئاياۋاتىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇلارغا ھارغىنلىق يەتكەنىدى. ئەمما بىردەم ئولتۇرۇشتىنمۇ قورقۇۋاتقان يەردە، ئارام ئېلىشقا نەدە چولىسى. ئەمدى ئالغا قاراپ، مەيلى قايسىلا تەرەپ بولسۇن مېڭىۋەرمەي ئامال يوق. مېڭىۋېرىپ بىرەر چىقىش ئېغىزىنى ئۇچرىتىپ قالامدۇ تېخى. ئەمما ئولتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ ئەزرائىلنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بىلەن باراۋەر.

ئاخىر بېك ئېغىر ھالسىزلىنىپ، زادىلا ماڭغۇچىلىقى قالمىدى — دە، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. توممۇ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئۇلار ئائىلىسىدىكىلىرى، ئۇ يەردىكى دوستلىرى، يۇمشاق كارىۋات ۋە قەدرى ئەڭ ئۆتۈلۈۋاتقان يورۇقلۇق ھەققىدە پاراڭلىشىشتى. بېك ھەدەپ يىغلىماقتا، توم ئۇنىڭغا ھەرخىل ئامال بىلەن

تەسەللى بەرمەكتە ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى تولا تەكرارلىنىپ كەتكەچكە ، ئاڭلىماققا بىكىنىڭ يېغىرىنى تاتىلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى . بېك ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . توم بۇنىڭ ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن خۇش بولدى . ئۇ بېكىنىڭ سىڭايان تورغان يۈزىگە قاراپ ئولتۇردى . قىز شېرىن چۈشنىڭ تەسىرىدە تولىمۇ خاتىرجەم ھەم خۇشال كۆرۈنەتتى . بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ ، ئۇزاققىچە يىتمىدى . قىزنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەم-لىك تومغا روھىي جەھەتتىن مەدەت بولۇپ ، ئۇ يەنە ئۆتكەن كۈنلەردى-كى ئىشلارنى ئەسلەشكە ۋە شېرىن خىياللارغا بەند بولدى . ئۇ شېرىن خىيال سۈرۈۋاتقان پەيتتە ، بېك بوش كۈلگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى -دە ، شۇئان كۈلۈشتىن توختاپ ئەلەملىك ئىڭراپ كەتتى .

— ھوي ، ئۇخلاپ قاپتىمەنغۇ ! مەڭگۈ ئويغانمىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە . ياق ، ياق ، مېنىڭ ئۇنداق نىيىتىم يوق توم . سىز بۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالماڭ ! ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق دېمەيمەن .

— سىزنىڭ ئۇخلىغىنىڭىزنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم ، بېك . مانا بىر ئوبدان بولۇپ قالدىڭىز ، ئەمدى يول تاپالايمىز .

— توم ، بىز يەنە ئۈرۈنۈپ باقايلى ، بايا چۈشۈمدە ناھايىتى گۈزەل بىر يەرنى كۆردۈم . شۇ يەرگە يېتىپ بېرىشقا ئازلا قالغاندەك قىلىمىز .

— ئۇنداق بولۇشى ناتايىن . ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس . روھلۇق-راق بولۇڭ بېك ، بىز يەنە مېڭىپ كۆرەيلى .

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، قول تۇتۇشۇپ ، ئۈمىدسىزلەن-گەن ھالدا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى . ئۇلار ئۆڭكۈر ئىچىدە زادى قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇشتى ، لېكىن بىرنەچچە كۈن ، ھەتتا بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . ئەمما شامىمۇ تېخى يېنىپ تۈگىمىگەن تۇرسا ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ .

ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن — زادى نەچچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇلارمۇ بىلمەيدۇ ، — توم سۇ تامچىسىنىڭ ئاۋازى بارمۇ - يوق ، قۇلاق سالغاچ ئاستا مېڭىشنى ئېيتتى . ئۇلار

بۇلاق بار جاينى تېپىشى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە ھايالدىمايلا بىر بۇلاق تېپىلدى. توم ئەمدى بىردەم ئارام ئالايلى، دېدى.

ئىككىيلەن شۇ قەدەر ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بېك يەنە ئازراق ماڭالايمەن، دېدى. بىراق توم ئۇنىماي ئۇنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ چۈشىنەلمىدى. ئۇلار ئولتۇرغاندىن كېيىن، توم شامنى ئالدىدىكى تاش تامغا سىغىز لاي بىلەن مۇقىملاشتۇردى. ھەر ئىككىيلەن خىيال سۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئارىدا بىر ھازاغىچە گەپ - سۆز بولمىدى. ئاندىن كېيىن بېك ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— توم، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى! — دېدى.

توم يانچۇقىدىن يەيدىغان بىر نەرسىنى چىقىرىپ:

— بۇ نەرسە ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بېك كۈلۈۋېتىشكە تاس قالدى.

— بۇ تورتقۇ؟

— شۇنداق. ئۇ تۇڭنىڭ چوڭلۇقىدەك بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى — ھە! ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا يېمەكلىك قالمىدى.

— مەن ئۇنى سەيلە تامىقىدا ئىككىمىزنىڭ ئويۇننى دەپ ئاشۇرۇپ قويغان. چوڭلار تويلۇق تورتنى مۇشۇنداق ئاشۇرۇپ قوياتتى. ئەمدى ئۇ بىزگە ئەسقاتىدىغان بولدى.

بېك سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. توم تورتنى ئىككىگە بۆلدى. بېك يېرىمىنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. توممۇ قالغان يېرىمىنى ئاز - ئازدىن چىشلەپ يېدى. تورتنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قانغۇچە سۇ ئىچتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، بېك ئالدىمىزغا ماڭىۋېرەيلى، دېدى. ئەمما توم بىر ھازاغىچە گەپ قىلماي، ئاندىن:

— بېك، سىزگە بىر گەپنى دېسەم قورقۇپ كېتەرسىزمۇ؟ — دېدى.

بېكنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ قورقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئۇنداق بولسا ياخشى ، بېك . سۇ بولغاندىن كېيىن ، بىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرەيلى . ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا شام قالمىدى !

بېك مىچىلدىغىنىچە ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتتى . توم ئۇنىڭغا ھەرقانچە تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ ، پايدىسى بولمىدى .

ئىككىيلەن ئازراقلا قالغان شامنىڭ ئاستا ، رەھىمسىزلەرچە كۆيۈپ تۈگەۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى . ئاخىرىدا يېرىم ئىنگلىز سۈڭگى كەلگۈدەك شام پىلىكى ئۆزى يالغۇز يېنىشقا باشلىدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاجىز يالقۇنى دەم كۆتۈرۈلۈپ ، دەم پەسىيىپ ، ئاندىن ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، بىر پەس تۇردى – دە ، لاپپىدە ئۆچتى . شۇئان ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ۋەھىمىسى باستى .



شۇنىڭدىن كېيىن زادى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھەر ئىككىيلەنلا بىلەلمىدى. بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ تومغا يۆلەنگىنىچە يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇندىلا ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ، ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىشتى ھەمدە ئۈمىدسىزلىككە چۆمدى. توم، ھازىر يەكشەنبە بولۇشى، بەلكىم دۈشەنبە بولۇپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، دېدى. ئۇ بېكىنى گەپ قىلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، بېك بەك قايغۇرۇپ كەتكەچكە، گەپ قىلىشىمۇ خۇشياقمىدى.

— توم، ئۆيدىكىلەر يوقلۇقىمىزنى بىلىپ، چوقۇم بىزنى ئىزدەۋاتىدۇ، شۇڭا تۇۋلىساق، بەلكىم ئۇلار ئاڭلىشى مۇمكىن، — دېدى ھەم تۇۋلاپ كۆرۈپ باقتى. بىراق قاراڭغۇلۇقتا يىراقتىن ئاڭلانغان ئەكس سادا ناھايىتى يېقىمسىز تۇيۇلدى. شۇڭا يېنىپ تۇۋلىمىدى.

ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە، ئاچلىق يەنە ئۇ ئىككىيلەننى قىينىماقتا ئىدى. تومنىڭ قولىدىكى تورتتىن ئازراق ئېشىپ قالغانىدى. ئۇلار شۇنى بۆلۈشۈپ يېدى. بىراق قورسىقى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر ئېچىپ كەتكەندەك بىلىندى. بۇ كىچىككىنە يېمەكلىك ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن توم:

— ھۇشش، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

بېك دېمىنى ئىچىپ قۇلاق سالدى. يىراقتىن تۇۋلانغاندەك بىر ئاۋاز خىرە ئاڭلاندى. توم دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ تۇۋلىدى ھەمدە بېكىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە تىمىسقىلاپ مېڭىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن تۇۋلىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىم يېقىنلا يەردە بىلىندى.

— شۇلار ئىكەن! — دەۋەتتى توم، — ئۇلار كەپتۇ! تېز بولۇڭ، بېك، بىز قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇق.

ئىككى «ئەسىر» خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. بىراق يول ئويمان - چوڭقۇر بولغاچقا، ناھايىتى ئەستە ماڭدى. بىر چاغدا چوڭ بىر ئورەككە ئۇچراپ قېلىپ، توختاشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ ئورەك ئۈچ ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا، ھەتتا 100 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ زادىلا ئۆتكىلى بولمىدى. توم يەر بېغىرلاپ يېتىپ، ئامالىنىڭ بارىچە قولىنى ئورەكنىڭ تېگىگە يەتكۈزمەكچى بولدى. لېكىن يەتكۈزەلمىدى. شۇڭا مۇشۇ يەردە ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئامال قالمىغاندى. بۇ چاغدا توۋلىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. ئەمما بۇ قېتىم يىراقلاپ كەتكەندى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن زادىلا ئاڭلىغىلى بولمىدى. شۇئان ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يەنە ئازاب تۇمانلىرى باستى. توم كارنىيى بوغۇلغىچە توۋلىغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئۈمىدىنى ئۈزمەي، بېكقا گەپ قىلغاچ خېلى ئۇزاق كۈتۈپمۇ باقتى، لېكىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ يەنە بۇلاق قېشىغا قايتىپ كەلدى. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئۇلار يەنە ئۇخلاپ قېلىشتى. ئويغانغاندا بولسا، قورساقلىرى ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ ئىچى بەكمۇ سىقىلدى. توم سەيشەنبە بولۇپ بولدى، دەپ ئويلىدى.

تويۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى. ئەتراپتا بىر نەچچە تارماق يول بار ئىدى. ئۇ بۇ يەردە غەم قىلىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، ئاشۇ يوللارغا بىر مېڭىپ كۆرمەيمىزمۇ، دەپ ئويلىدى ۋە يانچۇقىدىن لەگلەك يىپىنى چىقىرىپ، بىر ئۇچىنى ئىدىتلىق بىر جايغا چىگدى. ئاندىن بېكىنى يېتىلەپ، يىپنى قويۇپ بەرگەچ ماڭدى. 20 قەدەمچە ماڭا ـ ماڭمايلا، يول بىر تىك قىياغا كېلىپ توسۇلۇپ قالدى. توم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولى بىلەن تۆۋەن تەرەپنى سىلىدى. ئاندىن قولى بىلەن يېتىدىغان بۇلۇڭلارنىمۇ سىيلاپ كۆردى. ئۇ قولىنى ھەدەپ يىراققا سوزۇۋاتقاندا، ئارىلىقى 20 يادرمۇ كەلمەيدىغان جايدا، تويۇقسىز شام كۆتۈرۈۋالغان بىر قول بىر قىيا تاشنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولدى. توم خۇشاللىقىدىن بار ئاۋازى بىلەن توۋلىۋەتتى. شام كۆتۈرۈۋالغان كىشى دەرھال تولۇق كۆرۈندى. ئۇ ئىندىئان جوئېر ئىدى. توم قورقىنىدىن قىمىر قىلالماي قالدى. ئاندىن ئۇ

«ئىسپانىيىلىك» نىڭ ئارقىسىغا قاراپ بەدەر قاچقانلىقىنى كۆردى. توم بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ جوئىرنىڭ نېمىشقا كېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ سوتتا گۇۋاھلىق بەرگىنى ئۈچۈن ئۆچ ئالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى ھەم بەلكىم ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى تونۇيالمىغاندۇ، مېنىڭچە چوقۇم شۇنداق، دەپ ئويلىدى. بايا قورقىنىدىن ئۇنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىغانىدى. شۇڭا، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، چوقۇم بۇلاق بويىغا بېرىۋالىمەن. ئۇ يەردە تۇرسام ئىندىئان جوئىرنىڭ قەستىدىن ئامان قېلىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلىدى ھەمدە بايا ئۆزىنىڭ بىر ئادەمنى كۆرگەنلىكىنى بېكقا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، تەلەي سىناپ تۇۋلاپ باققانىدىم، دەپ قويدى.

بىراق، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئاچلىق ۋە قورقۇنچ ئۇلارنى ئازابلىغىلى تۇردى. ئۇلار بۇلاق بويىدا كۈتە - كۈتە يەنە ئۇخلاپ قېلىشتى. بۇ قېتىم ئويغانغاندا، قورساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەنلىكتىن، چىم - چىم ئېچىشقىلى تۇردى. توم ئەمدى چوقۇم چارشەنبە ياكى پەيشەنبە بولۇپ بولدى، ھەتتا جۈمە ياكى شەنبە بولغان بولۇشىمۇ، ئىزدىگۈچىلەرمۇ توختاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى.

توم يەنە بىر يولغا كىرىپ بېقىشنى ئېيتتى. ئۇ ئىندىئان جوئېر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش ۋە باشقا خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىشقىمۇ تەييار ئىدى. ئەمما بېك بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ھېچبىر ماجالى قالمىغاچقا، ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى. ئۇ:

— ئەمدى مەن بەربىر ئۆلۈپ كېتىمەن، مۇشۇ يەردە قېلىۋېرەي، ئەگەر خالىسىڭىز لەگلەك يىپىنى ئېلىپ يول ئىزدەپ بېقىڭ، — دېدى. ئەمما بىردەم - بىردەمدىن كېيىن كېلىپ ئۆزىگە گەپ قىلىپ تۇرۇشنى، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق پەيت كەلگەندە، ئۆزىنىڭ قېشىدا بولۇپ، تاكى تىنىقى توختىغىچە قولىنى تۇتۇپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى.

توم ئاچچىق بىر نەرسە يۇتۇۋالغاندەك بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ئىزدەۋاتقانلارنى ياكى چىقىش ئېغىزىنى چوقۇم تاپالايدىغان قىياپەتكە

كەلدى . ئاندىن لەگلەك يىپىنى ئېلىپ ، پوت ـ قولىنى تەلق ھەرىكەت-
لەندۈرۈپ ، بىر يولغا قاراپ تىمىسقىلاپ ماڭدى . ئۇ ئاچلىق دەستى-
دىن قىينىلاتتى . ئۇنىڭدىنمۇ كۆرە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم ۋەھى-
مىسىدىن يۈرىكى تىلىنغاندەك ئاغرىيتتى .

*بۇ پارچىدا تومنىڭ خەتەرلىك مەزگىللىدىكى باتۇرانە ، ئېغىر ـ بېسىق روھىي ھالىتى ۋە بېك ئىككىسىنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۈ-مۈپ تۇرۇپمۇ ، ئادىمىيلىكىنى ۋە ئالىيجاناب ، پاك دوستلۇقنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن . بۇ پوتكول كىتابنىڭ ئەڭ تەسىرلىك بۆلىكى . بۇنىڭدا ھېسسىيات بىلەن مەنزىرە گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلە-نىشتەك بەدىئىي ۋاستە قوللىنىلغان . ئادەم بىلەن تەبىئەت ، ئادەم بىلەن ئادەم ، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ يېقىنلىق ۋە قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋىتى ئەتراپلىق ئىپادىلەنگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتە غەلىبە قىلىشتىكى جاپا ـ مۇشەققەت-لىرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن .*

**1 . ناۋادا سىز تومغا ئوخشاش ئەھۋالغا يولۇقسىڭىز ، قانداق قىلغان بولاتتىڭىز ؟**

**2 . سىزچە توم خەتەر ئالدىدا قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئۇمىدسىز-لەندىمۇ ؟**

## ◀ ئىلاۋە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ▶

### ئاپتورى ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

مارك تۋېن (1835 ـ 1910 ) — 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئامېرىكا رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى . ئۇ مىسسۇرى شتا-تىنىڭ فلورىدا كەنتىدە تۇغۇلغان ، دادىسى بىر راۋاج تاپالمىغان يېزا ئادۋوكاتى ۋە دۇكاندار ئىدى . مارك تۋېن 12 ياش مەزگىلىدە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ ، ئۇ مۇستەقىل مېھنەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باش-

لىغان ھەمدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ، باسمىخانىدا شاگىرت ئىش-
چى ، گېزىت توشۇغۇچى ، نابور ئىشچىسى ، يول باشلىغۇچى بولۇپ
ئىشلىگەن . ھەتتا غەربكە كان قېزىشقىمۇ بارغان . مارك تۋېننىڭ
ئەسلىي ئىسىم ـ فامىلىسى سامۇئېل لانگورن كلېمېنتس بولۇپ ،
مارك تۋېن ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر . بۇ ، يول باشلىغۇچىلىق
خىزمىتىدىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ ، «مارك تۋېن» ئىنگلىزچىدە
ماتروسلارنىڭ خاس ئاتالغۇسى ، يەنى «سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 12 ئىنگ-
لىز چىسى» دېگەن مەنىدە . بۇ پاراخوتلار بىمالال يۈرەلەيدۇ دېگەننى
بىلدۈرىدۇ . جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇ گېزىت مۇخبىرى
بولۇپ ، مۇشۇ تەخەللۇستا خەۋەر ۋە يۇمۇرىستىك ئەسەرلەرنى يېزىشقا
باشلايدۇ . 1865 ـ يىلى ئۇ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان يۇمۇرىستىك
ئەسىرى « كالاۋېلاس ناھىيىسىدىكى مەشھۇر پاقا» نى ئېلان قىلىدۇ .
بۇ نادىر ئەسەر تا ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ
كەلمەكتە . 1868 ـ يىلىدىن كېيىن مارك تۋېن كەسپىي يازغۇچى
بولۇپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئون نەچچە رومان ۋە ئەسەرلەر توپلىمى
ئېلان قىلدۇرغان . بۇنىڭ ئىچىدە ھېكايە ۋە ئەبجەش خاتىرىلىرى 60
پارچىدىن ئاشىدۇ . «ئالتۇن يالىتىلغان دەۋر» ناملىق رومانىدا ئامې-
رىكا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئاچ كۆزلۈك ، پارىخورلۇق ، ئۆز
نەپسىگە چوغ تارتىشتەك چىرىكلىكلەر پاش قىلىنغان . «شتات باشلى-
قى سايلاش» ، «ئارتورخانلىق ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق كونىكتىكوت
شتاتىدىن بولغان ئادەم» ، «ھېدرېيبورگنى بۇلغىغان ئادەم» قاتارلىق
ئەسەرلىرىدە مەسخىرە تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي
تۈزۈلمىسى بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا قاراتقان . «توم سويېرنىڭ
سەرگۈزەشتىلىرى» (بۇ رومانىنىڭ تولۇق نۇسخىسى 1988 ـ يىلى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ، قىستۇرما رەسىملىك ، قىسقارتىلغان
نۇسخىسى 1998 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر
قىلىنغان . ) بىلەن «خاكېبل فىنىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» (بۇ رومان
«ھېكلبېررى فىننىڭ كەچۈرمىشلىرى» دېگەن نام بىلەن 1984 ـ

يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.) ھەم ئۆزئارا باغلىنىشچانلىقى، ھەم مۇستەقىللىقى ئىگە ئىككى رومان بولۇپ، بۇلاردا ئاددىي، روشەن تىل، باللارچە ساددا ھەۋەسلەر ئارقىلىق، جەمئىيەت بىلەن ئادەملەر، جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت دۇنياسى، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن ھەمدە ئاپتورنىڭ ئىرقىي ئېكسپىلاتاتسىيە، چىرىكلەشكەن ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشتىكى قىممەت قارشى روشەن ئىپادىلەنگەن.

مارك تۋېننىڭ ئەسەرلىرى كۆپرەك يۇمۇرلۇق ۋە ساتىرىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، تىلى تاۋلانغان ھەم جانلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر.

## ئەسەرنىڭ قىممىتى

«توم سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» باللارچە ھەۋەس بىلەن تولغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا توم سويېردىن ئىبارەت بۇ ستېرېئو بەدىئىي ئوبرازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تۇرمۇش ئىلھامى ئاتا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قاتار جانلىق ھەم ئەگرى - توقاي، جىددىي ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئەسەرنىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچى ۋە سەبىي بالىلىق قەلب گەۋدىلەندۇرۇلگەن. بولۇپمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە تېگىشلىكى، رومانىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن بالقىپ تۇرىدىغان باللارچە ھەۋەس پىشقان تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، تەسىرلىك ۋە غۇبارسىز ئادىمىيلىك تۇيغۇسى خۇددى سەھەردىكى گۈل بەرگىگە قونغان شەبنەم كەبى يارقىن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدۇ.

## يېزىقچىلىق ۋە پائالىيەت

1. بۇ تېكىستنى ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىڭىزنى ئۆز تەسەۋۋۇرىڭىزغا بىرلەشتۈرۈپ، توم سويېرنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىر-

لەپ يېزىپ بېقىڭ .

2 . ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكىسىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ئاساسىدا ، «ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى باش قېتىنچىلىقلار» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىڭلار .

3 . ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر ئەسىرىنى تېپىپ ، سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ ھەمدە ئوخشىمايدىغان يەرلىرىنى تېپىپ چىقىڭ .



## بەشىنچى بۆلەك

# ئادەم ۋە مۇھىت



ئىنسانىيەت تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھامىيلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. لېكىن، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەت ئاستا - ئاستا تەبىئەت دۇنياسىدىن ياتلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، يەر شارىدىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېغىر ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەر پەيدا بولۇۋاتىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنى كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى ئاسراش ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇرچى. بۇ بۆلەككە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ھەققىدىكى قايغۇرۇشلىرى ۋە ئويلىنىشلىرىنى ھەر خىل شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.



# 17 . تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلەيلى

يەن چۇنيۇ

*سىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى سىرلاردىن ھەيران بولغان ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن پەخىرلەنگەن چاغلىرىڭىزدا ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باققانمۇ ھەمدە قەلبىڭىز لەرزىگە كېلىپ باققانمۇ ؟*

كىشىلەر ھە دېسىلا ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى قارىمۇ قارشى قويۇۋالىدۇ-دە ، تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ ، تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ گۆدەك بالا ، خۇددى بىر تال گىياھقا ئوخشاش ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورگانىزمنىڭ پەقەت ئادەتتىكى بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك . ئەگەر تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى دېڭىزغا ئوخشاتساق ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى پەقەت ئۇنىڭ بىر تامچىسى ، دېيىشكە بولىدۇ . گەرچە بۇ بىر تامچىدىمۇ قۇياش ئەكس ئېتەلىگەن بىلەن ئۇ بەربىر بىر تامچە . شۇڭا ، كىشىلەر ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنى دەڭسەپ كۆرمەيلا ، تامچە سۇنى دېڭىزغا تەڭ ، دەپ تونۇۋالماسلىقى كېرەك .

تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ خىل تەلۋىلەرچە ئىپادىسىگە قاراپ ، خۇددى ئانىسى ئەقىلسىز بالىسىنىڭ قىلىقلىرىغا كۈلگەندەك ، چوقۇم مىيىقىدا كۈلۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . ئىنسانلارنىڭ كەشپىياتى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ بەزىبىر سىرلارنى ئاچقانلىقتىن ، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى بىلىپ بولدۇق ، دەپ كۆرەڭلەپ

كېتىشتى . ئەمما ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلار ئۇچۇپ
يۈرگەن بۇ غايەت زور بوشلۇق تولىمۇ كىچىك ھېسابلىنىدۇ . ئىنساند-
يەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاز-
دىمۇ ، ئۇلارنىڭ مۇنچىۋالا ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىش يولى يوق . ئىنسا-
نىيەتنىڭ بىلىمى ئەجدادلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاشقان ،
ھەتتا قەدىمكىلەرنى مازاق قىلىپ كۈلگۈدەك دەرىجىگە يەتكەن بولىد-
مۇ ، لېكىن شۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىز
قەدىمكى كىشىلەر ھېسابلىنىمىز ؛ 10 مىڭ يىلدىن كېيىنكى كىشىلەر
ئوخشاشلا بۈگۈنكى بىزنى مازاق قىلىپ كۈلمەي قالمايدۇ . بەلكىم
ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، بىزنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىمىز خۇددى كىچىك
بالىنىڭ خىيالىدەك تۇيۇلۇشى ، بىزنىڭ ئالەم ئايروپىلانلىرىمىز بالد-
لارنىڭ ئويۇنچۇقىدەك بىلىنىشى مۇمكىن . ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش
تارىخىنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى تەكرار - تەكرار تۈزەش
تارىخى ، دېسىمۇ بولىدۇ . ئىلىم - پەن تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرىد-
غان بولساق ، ئىلىم - پەن تارىخىدىمۇ تالاي خاتالىقلارنىڭ سادىر
بولغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز . شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىگە ئاساسلى-
نىپ ئۆزىمىزنى ئەقىللىق چاغلاپ ، قەدىمكىلەرنى مازاق قىلىمىز ؟

ئىنسانىيەت تۇرلۇك - تۇمەن ئەسۋابلارنى كەشپ قىلىپ ، تەبد-
ئەت دۇنياسىدا مىليارد يىللار داۋامىدا شەكىللەنگەن كۆمۈر ، نېفىت ،
تەبىئىي گاز ۋە ھەر خىل كان بايلىقلىرىنى قېزىپ ئېلىشتى ھەمدە
ئىنسانىيەت بۇ ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن بەكلا كېرىلىپ كېتىشتى . ئەمما ،
ئويلۇپ كەتكەن ئاشۇ كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئاقىۋەتتە ئىنسانىيەتنىڭ
ئۆز - ئۆزىگە كولىغان ئورىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلى-
سۇن ؟

كائىناتتا بىزدىنمۇ بەك ئەقىللىق جانلىقلارنىڭ بولۇشىدا گەپ
يوق . چۈنكى ، بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىز ئاران 4 مىليارد يىللىق
تارىخقا ئىگە بولۇپ ، مۇشۇ جەرياندا ئەقىل - پاراسەتلىك جانلىق
يېتىشىپ چىققان . كائىنات بولسا 20 مىليارد يىللىق تارىخقا ئىگە .
بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى ، قۇياش سىستېمىسىدىنمۇ

قەدىمكى بولغان يولتۇزلار سىستېمىسىدا ئاللىبۇرۇنلا تېخىمۇ يۇقىرى
دەرىجىلىك جانلىقلار بارلىققا كېلىپ بولغان . بۇ خىل جانلىقلارنىڭ
ئەقىل - پاراسىتىگە بەلكىم بىزنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا
كېرەك . ئۇلارغا بىز خۇددى چۇمۇلىدەك كۆرۈنۈشىمىز ، ئەڭ دانىش-
مەن كىشىلىرىمىزمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىكى مۇمكىن .

ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ
ئەقىل - پاراسىتىگە سېلىشتۇرغاندا يوق دېيەرلىك . مەيلى كىشىنى
بىزار قىلىدىغان چۆلنى ، پاشىلار ياكى چىرايلىق گۈل -
گىياھلار بولسۇن ، مەيلى پايانسىز كۆكتە جىمىرلىشىپ تۇرغان يول-
تۇزلار ياكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس چاڭ - توزانلار بولسۇن ، ھەممى-
سىلا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نۇقسانسىز ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلىرى
بولۇپ ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان
قىلىپ تۇرىدۇ . تەبىئەت دۇنياسى «ئۆلۈك» ماددىدىن مۇشۇنچىۋالا
كۆپ جانلىقلارنى ئاپىرىدە قىلالىغان بىلەن ئىنسانىيەت ئەڭ ئاددىي
جانلىقنىمۇ ياساپ چىقالمايدۇ . ھازىر بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ، ئادەم
— تەبىئەت دۇنياسى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نامايەندىسى ،
تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى ، دەپ قارىلىدۇ . ئادەم بەدى-
نىدە جەمئىي 1 مىلياردتىن ئارتۇق ھۈجەيرە بار بولۇپ ، شۇنچىۋالا
كۆپ ھۈجەيرە ئۆزئارا ماسلىشىپلا قالماستىن ، يەنە ھەربىر ھۈجەيرى-
نىڭ باشقا ھۈجەيرىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە
رولى بار . شۇڭا ، ئۇلار ئارىلىشىپ كەتمەي ، پۈتكۈل ئادەم بەدىنىنى
يۈكسەك دەرىجىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ . يېقىنقى 100 يىل جەر-
يانىدا ، ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەر نۇرغۇن قېتىم ئالماشقان بولسى-
مۇ ، لېكىن بۇ خىل تەرتىپ ئۆزگەرگىنى يوق . كىشىنى ھەممىدىن
بەكرەك ھەيران قىلىدىغىنى بەلكىم بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز بولسا
كېرەك . ئۇ خۇشاللىق بىلەن قايغۇنى بىلەلەيدۇ ، پىكىر يۈرگۈزەلەي-
دۇ ، چۈشىنەلەيدۇ ۋە تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ . تەبىئەت دۇنياسىمۇ ئېس-
تېتىكا پرىنسىپىنى «چۈشىنەلەيدۇ» . ھەر خىل ماددا بىلەن ئادەم
بەدىنىنى يارىتىشتا ھەر خىل گۈزەللىك قائىدىسىنى قوللانغان . مە-

سىلەن، سىممېترىك، ماسلىشىشچانلىق دېگەنلەر ئادەم بەدىنى ۋە گۈل - چېچەك قاتارلىقلارغا ئاجايىپ گۈزەللىك ئاتا قىلغان. مىليارد ھۆجەيرىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ بىر ئادەمنى ياساپ چىقىش ئىنسانيەتنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەپەككۇر قىلالايدىغان جانلىقنى يارىتالىشى ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىر قىلالىغانلىقىدىن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك جانلىقلارنى يارىتىشى ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئادەم تەبىئەت دۇنياسى تەرەققىياتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك باسقۇچى، ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى تەبىئەت دۇنياسى ئەقىل - پاراستىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك فورماتسىيىسى. ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بولالىشى ئادەمنىڭ پىكىر قىلالىشى، چۈشىنەلىشى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ يېتەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىر خىل ئەقىل - پاراسەتنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسى (ياكى كائىنات) ئادەملەرنىڭ كۆزى ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى كۆزىتىپ، ئادەملەرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەپ، مىليارد يىللار داۋامىدا دېمەكچى بولغان، ئەمما دېمەي كەلگەن گەپلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان تونۇشىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان تونۇشى، ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەپەككۇرى، ئادەملەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى، ئادەملەرنىڭ كۈلكە - شادلىقلىرىنى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كۈلكە - شادلىقلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، ئادەملەردىكى ئازغىنا ئەقىل - پاراسەت ئۇنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىنئامى. ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشىدىكى بىر خىل قورالدىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت

دۇنياسىغا بولغان ھەر خىل خاتا تونۇشلىرى ماھىيەتتە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان خاتا تونۇشى ھېسابلانسا كېرەك.



دېمەك، مېڭە بەدىنىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولغانغا ئوخشاش، ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورگانىزمنىڭ كىچىككىنە بىر بۆلەكى، بىر ئەزاسى. يەنى ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسى بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسى غايەت زور بىر جانلىق، ئادەملەر بولسا ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. شۇنداق ئىكەن، بىز تەبىئەت دۇنياسىنى خۇددى ئۆز بەدىنىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز كېرەك.

قېنى كىم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جېنى يوق دەپ ئېيتالايدۇ؟ تەبىئەت دۇنياسى غايەت زور، مەڭگۈلۈك جانلىق. ئەجەبا ئۇنىڭ

مەڭگۈلۈك ھەرىكىتى، ئۆزگىرىپ تۇرۇش جەريانى ئۇنىڭدا جان بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟! ناۋادا ئۇنىڭدا جان بولمىسا، تۈرلۈك - تۈمەن جانلىقلارنى قانداق ئاپىرىدە قىلىدۇ؟! تەبىئەت دۇنياسى جىمجىت تۇرغىنى بىلەن ئۇنىڭ ھەممىلا يېرىگە جان يوشۇرۇنغان، ھەممىلا يېرىدىن ھاياتلىق بىخلىرى بالقىپ تۇرىدۇ. ئەجەبا سىز تاشلار ئىچىگىمۇ ھاياتلىق نىدالىرى يوشۇرۇنغانلىقىغا ئىشەنمەمسىز؟ ئەجەبا سىزنىڭ قەلبىڭىز پايانسىز كۆكتىكى يىراق يۇلتۇزلاردىن كەلگەن سالاملارنى تىڭشاپ باقمىغانمۇ؟

كۆرۈنۈشكە جېنى يوقتەك تۇرغان ماددىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جېنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ بىر خىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى. ئالىي دەرىجىلىك ھاياتلىق فورماتسىيىسى دەل ئاشۇ «ئۆلۈك» ماددىلاردىن پەيدا بولغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئالىي دەرىجىلىك جانلىقلار پەقەت ماددىلارنىڭ يەنە بىر خىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ماددىلار ئارىسىدا سانسىزلىغان ھاياتلىق ئۇخلاپ ياتىدۇ. مەيدانغا چىقىش ۋاقتى توشقان ھامان، ئۇلار شۇئان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىدۇ.

شۇڭا، ئىنسانىيەت تەنها ئەمەس، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بار.

شۇڭا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىنى ھەرگىزمۇ بىز بويسۇندۇرىدىغان ئوبيېكت قىلىۋالماسلىقىمىز، باشقا جانلىقلارنى پەقەت بىزنىڭ مەززىلىك تائامىمىز ئورنىدا كۆرمەسلىكىمىز، بەلكى ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشىمىز، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى، تەبىئەت دۇنياسى گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى، دەپ قارىشىمىز ھەمدە ئۇلارنى خۇددى ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنى ھۆرمەتلىگىنىمىز تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلىگىنىمىز، تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلىگىنىمىز ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلىگىنىمىزگە باراۋەر.

# ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ كۆزقارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان نۇقتىلىق جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭ. ئاندىن ئاپتورنىڭ نېمە ئۈچۈن «تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلەيلى»، «تەبىئەت دۇنياسىنى ھۆرمەتلىگىنىمىز ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلىگىنىمىزگە باراۋەر» دېگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ.

2. بۇ تېكىستتە پەلسەپىۋى پىكىرگە باي سۆز - جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ:

1) ئىنسانىيەت بۇ ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن بەكلا كېرىلىپ كېتىشتى. ئەمما، ئويۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ قۇدۇقلىرىنىڭ ئاقىۋەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە كولىغان ئورىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىسۇن؟!

2) تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك جانلىقلارنى يارىتىشى ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

3) ئىنسانىيەت تەنها ئەمەس، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بار.

3. بۇ تېكىستنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا رىتورىك (قايتۇرما) سوراق جۈملە ئىشلىتىلگەن. رىتورىك سوراق سوئال جۈملە شەكلىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پىكىرنى بايان قىلىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. بولۇشسىز جۈملە ئارقىلىق قايتۇرما سوراق سورالسا، مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەنىسىنى؛ بولۇشلۇق جۈملە ئارقىلىق قايتۇرما سوراق سورالسا، ئىنكار قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قايتۇرما سوراقنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى كۈچەيتىپ، تىلنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇش رولى بار. مەسىلەن، «قېنى كىم تەبىئەت دۇنيا-

سىنىڭ جېنى يوق دەپ ئېيتالايدۇ؟» دېگەن جۈملە ئادەتتىكى «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جېنى بار» دېگەن ھۆكۈم جۈملىگە قارىغاندا، ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەنىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. تېكىستتىن بىرنەچچە رىتورىك سوراق جۈملىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئادەتتىكى بايان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭ. ئاندىن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئىككى خىل جۈملە شەكلىنىڭ ئۈنۈمىدە قانداق ئوخشىماسلىق بارلىقىنى بىلىۋېلىڭ.

4. ئۇزاق مەزگىللەردىن بېرى، ئىنسانىيەت ئۆزىنى «جىمى مەۋجۇداتتىن ئۈستۈن» دەپ تونۇپ كەلگەنىدى. بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەملەرنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورگانىزمنىڭ پەقەت ئادەتتىكى بىر بۆلىكى، باشقا جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت بىلەن باباراۋەر، دەپ قارىغان. بۇ مەسىلىگە سىز قانداق قارايسىز؟ قانداق ئاساسىڭىز بار؟ بۇنىڭغا قىزىقىدىغان ساۋاقداشلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىڭلار ھەمدە «ئادەم ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرى» دېگەن نامدا مەخسۇس بىر سان تام گېزىتى ئىشلەڭلار.

# 18. دەريا بويى — قەدىمكى مەدەنىيەت ئارىلى

ئەسەت سۇلايمان[1]

بۇنىڭدىن 400 يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى كېرىيە بوستانلىقىدا ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتى بىلەن بوستانلىقلار سىغىمچانلىقى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەندى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئاھالىلەر يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەپ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلىغان. قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن باشلىنىپ كېرىيە بوستانلىقى ئارقىلىق تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ تىنىماي ئاقىدىغان كېرىيە دەرياسى بۇ قۇرغاق ماكاننىڭ كىلىماتىنى ھەرۋاقىت تەڭشەپ تۇراتتى.

ئىمكانىيەت بولسىلا بوستانلىق بەرپا قىلىش ۋە يېڭى ھاياتلىق مۇھىتى يارىتىش قۇملۇق خەلقىنىڭ دائىملىق ئارزۇسى ئىدى. بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتىنى سىغدۇرالمىغان ھامان ئۇلار سىرتقا قاراپ ئاقاتتى ۋە دەريا - تاراملارنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ يېڭى بوستانلىقلارنى ئىزدەيتتى. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يۇلتۇزلاردەك تارقالغان چوڭ - كىچىك بوستانلىقلار مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغانىدى.

ئاشۇ بىر توپ كېرىيىلىكلەر مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ دەريا يۆنىلىشى بويىچە تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يولغا چىقتى.

[1] بۇ تېكىست ئەسەت سۇلايماننىڭ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى. دەرسلىككە كىرگۈزۈش جەريانىدا قىسقارتىلدى ھەم قىسمەن ئۆزگەرتىلدى.

ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېڭى بوستانلىق تېپىشتەك بۈيۈك ئىستەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. ئۇلار تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بوستانلىق — جاي كەنتىدىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دەريا يۆنىلىشىنى يىتتۈرۈپ قويۇشتى. بىر خىلدا لۆمشۈپ ئاقىدىغان كېرىيە دەرياسى بۇ يەرگە كەلگەندە ئەتراپقا تارقىلىپ، چەكسىز قۇم باغرىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەمدى نە دەريا، نە توغراق، نە يۇلغۇن، نە ئۇچار قۇشلار كۆرۈنمەيتتى. بىپايان قۇملۇق، بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن بارخانلار ۋە يالتىراپ تۇرغان قۇياش نۇرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

سۇ مەنبەسىدىن ئايرىلىشتەك بىر خىل ۋەھىمە تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا خاتىرجەمسىزلىك سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يولدىن توختاپ قالمىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ قورقۇنچلۇق سەپەرگە ئاللىقاچان تەۋەككۇل قىلغانىدى. ھامان بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا غايىۋى بوستانلىق كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدىغاندەك، يېپيېڭى بىر ھاياتلىق ماكانىغا قايتا ئېرىشىدىغاندەك بىر گۈزەل تۇيغۇ ئۇلارنى ئالغا ئۈندەيتتى.

ئۇلار توختىماي ئالغا قاراپ مېڭىشتى، غايەت زور قۇم دېڭىزىنى كېچىپ، بارخانلارنى ئاتلىدى، قەدىمكى خوتەنلىكلەرگە خاس جاھىللىق ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىشتەك روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. تەجرىبىلىك ئاقساقاللىرى بىلەن ماھىر پادىچىلىرىنىڭ قۇمغا سىڭىپ كەتكەن دەريا سۈيى ھامان بىر جايدىن سىرغىپ چىقىدۇ، دېگەن قىياسلىرىغا شەكسىز ئىشەندى. شۇنچىلىك ماڭسىمۇ قۇملۇق تۈگىمىدى، ئەكسىچە ئادەملەرنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگەشكە باشلىدى. ئۇلار ھاردى، چارچىدى، ئۇسسىدى، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى، نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقالمىدى.

تونۇر ئوتىدەك ئاپتاپ، قۇرغاق ھاۋا، سۇرلۇك قۇملۇق، پايازسىز چۆل ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىنلا خورىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي جەھەتتىمۇ سولدۇردى. ئۇلار ئەزەلدىن بۇنچىلىك ئۈمىد-

سىزلىنىپ باقمىغانىدى . ئەجەبا ئۇلارنىڭ قىياسى خاتا بولۇپ قالغان-
مىدۇ ، قومغا سىڭىپ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى زادى نەگە
كەتتى . ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە سۇلۇق كۆل-
چەكلەر ، پايانسىز توغراقلىقلار ، كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇقلار بارمىش
دېگەن رىۋايەتلىرى قۇرۇق گەپمىدۇ !؟
ئۇلار — كېرىيىلىك ماھىر چارۋىچىلار ئۇنجى قېتىم ئۆزلىرى-
نىڭ ھايات - ماماتلىق تاللىشىدىن گۇمانلاندى . بىر ئۆمۈر قوملۇق
تۇرمۇشىدىن جۇغلىغان تەجرىبىلىرىدىن شۈبھىلەندى . بۇ پايانسىز
قوملۇق ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگىچە تۇتۇشۇپ كەتكەنمىدۇ ؟ ھەزرىتى مۇ-
سامۇ ئىسرائىل قوۋمىنى باشلاپ كەتكەن چۆللۈكىدىن چىقىپ پەلەس-
تىنگە يېتىپ بارالىغانغۇ !؟ تەڭرى ئۇلارغىمۇ بىر چىقىش يولى
بەرمەسمۇ ؟!
سوئاللار چەكسىز ، جاۋابلار ئازابلىق ئىدى . ئۇلار رەھىمسىز
تەبىئەتنىڭ ئەڭ قاتتىق سىناقلىرىنى قوبۇل قىلماقتا ئىدى .
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش بارخانلار
ئۈستىگە باش قويغان ، زېمىن شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن بىر دەقىقىدە
ئۇمىد تۇغۇلدى ! بىر قۇش غاقىلدىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ
ئالدى تەرەپتىكى بارخانلار كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلار خۇشاللىقى-
دىن ۋارقىرىۋەتتى :
— سۇ ، بوستانلىق ، ھاياتلىق !
ئىمجان بولۇپ قوم دۆۋىلىرىگە يىقىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ
پۇت - قوللىرىغا جان كىردى . ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي
ھېلىقى قۇش ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى . كۆزلىرىگە
ئىسسىق ياش كەلدى . تومۇرلىرىدا قانلىرى قايتا ئۇرغۇدى ، قەلبىدى-
كى ئۆلۈم ۋەھىمىسى تارقاپ كەتتى . شۇنداق ، ئۇچار قۇش سۇدىن ،
بوستانلىقتىن ، ھاياتلىقتىن نىشان بەرمەكتە ! قۇش ئۇچۇپ كەتكەن
يۆنىلىشكە قاراپ ماڭسىلا ئۇلار چوقۇم ھاياتلىققا ئېرىشى-
دۇ . . .
ئۇلار قانچىلىك ماڭغانلىقىنى بىلمىدى . گاھ يۈگۈردى ، گاھ

ئۆمىلىدى ، گاھ دومىلىدى . . . ئاخىر دېگەندەك يىراقتىن ياپيېشىل
بوستانلىق كۆرۈندى !

بۇ جاي تەكلىماكاندىكى بىر سىرلىق مۆجىزە ئىدى . كېرىيە
دەرياسى قۇملۇققا سىڭىپ ، يەر تېگىدە نەچچە يۈز چاقىرىم سىرغىپ
ئاققاندىن كېيىن ، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدا يەر يۈزد-
گە چىققاندى . بۇ يەردىكى كۆللەردە ، سازلىقلاردا ۋە تەبىئىي بۇلاق-
لاردا تىنىماي سىرغىپ تۇرغان سۇلار بۇك - باراقسان يېشىل كارىدور
ھاسىل قىلغانىدى . توغراقلىقلار نەچچە ئون كىلومېتىر دائىرىگە
سوزۇلاتتى . كۆز يەتكۈسىز يۇلغۇنلار بىر خىلدا قىزىرىپ تۇراتتى .
كىچىك كۆلچەكلەردە بېلىقلار تىنىمسىز پىلتىڭلايتتى . توغراقلىقلاردا
تورلۇك ئۇچار قۇشلار سايرىشاتتى ، ئوتلاقلاردا كېيىك ، جەرەن ، ياۋا
ئۆچكە ۋە توشقانلار توپ - توپى بىلەن خاتىرجەم ئوتلاپ يۈرەتتى .

ئۇلار ھايات - ماماتلىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ ، ئاخىر تەكلىماكان
قوينىدىكى بۇ يېشىل ئارالنى بايقاشتى ، مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەر
ئاخىرلاشتى . بۇ يەردىكى تىنچ ، پىنھان ۋە خاتىرجەم ھايات ئۇلارغا
قۇچاق ئاچتى . ئۇلار بۇ يەرگە «دەريا بويى» دەپ نام بەردى . ئاسماننى
يېپىنچا ، يەرنى سېلىنچا قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ يېڭى «ۋەتىنى»
نى قۇرۇشقا باشلىدى . تەكلىماكاندىكى بۇ سىرلىق ۋەتەندە قەدىمكى خو-
تەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئۆلگىلىرى ناھايىتى تېزلا يىلتىز
تارتتى . تەۋەككۇلچىلىك روھىغا ماھىر ئاشۇ پادىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ
ئىشچان ئەۋلادلىرى بۇ يەردە ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئورگانىك
بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان ھاياتلىق چەمبىرىكىنى قۇرۇپ چىقتى .
زور كۈچ بىلەن مال - چارۋىلارنى كۆپەيتتى ، توغراقلارنى كېسىپ
يېڭى ئۆيلەرنى سالدى . قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بوستانلىق-
نى قانداق ئاسراشنى ، تەبىئىي مۇھىتقا قانداق ماسلىششنى تېزلا
ئۆگىنىۋالدى .

ئۇلار تەكلىماكاندىكى بۇ تەنھا ۋەتەندە ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ
ئىجتىمائىي بىرلىكىنى قۇرۇپ چىقتى . بۇ ئىجتىمائىي بىرلىكتە
ئىناق ، ئىمان ، ئەخلاق ۋە قېرىنداشلىق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى

كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى قىلىنغانىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
ئىجتىمائىي بىرلىكىدىكى ئاقساقالىغا بويسۇناتتى ، جەمەت ئاقساقىلىمۇ
ئۆز جەمەتىدىكى ئەزالارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايتتى . ئۇلار ئۇچۇن ئەمە-
گەك قىلىش ، ماددىي بايلىق يارىتىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشتىنمۇ
بۈيۈك بۇرچ يوق ئىدى .

ئۇلار كىرىيە خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى ، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىجتىد-
مائىي ئەخلاق مىزانلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى . شۇنداقلا ،
بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ سادda ۋە ساپ قاراشلىرى ئارقىلىق راۋاجلاندۇر-
غانىدى . ئۇلارنىڭ پۈتكول ئىجتىمائىي بىرلىكىدە بىر خىل ساپ
ھالەتتىكى ئەخلاقىي مىزان ۋە شەرئىئەت پرىنسىپلىرى ھۆكۈمران
ئورۇندا تۇراتتى . ئۇلار ئەزەلدىنلا ئوغرىلىق ، نەپسانىيەتچىلىك ، زا-
لىملىق ، يالغانچىلىق ، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ناچار قىلمىشلارنى
بىلمەيتتى . ئادەملەر ئارا ۋاپادارلىق ، راستچىللىق ، نومۇس ، غۇرۇر
ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئەڭ گۈزەل كىشىلىك پەزىلەت ، دەپ
قارايتتى . زامانىۋى جەمئىيەتتىكى باش - ئاخىرى يوق زىددىيەتلەر ،
باش قېتىنچىلىقلار ، ئادەملەر ئارا ساختا مۇناسىۋەتلەر بۇ يەردە زادىلا
مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئاددىي كەپىلەردە يېتىپ ، ئەڭ
ئاددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلە-
تىپ ، ئايدالىلاردا تۈنەپ ، جاپالىق تۇرمۇش كۆچۈرگىنى بىلەن ئۆز-
لىرىنى دائىم ئەركىن ، خۇشال ۋە خاتىرجەم سېزەتتى . ياۋايى ھايۋان-
لارنىڭ گۆشلىرىنى ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ، خىمىيىۋى تەركىبى
بولمىغان ئىشقارسىز مەھسۇلاتلارنى ئىستېمال قىلغاچقا ، ئۇلار ساغلام
ۋە بەستلىك ئىدى . ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەتتى . 100 ياشتىن ئۆزاق
ئۆمۈر كۆرگەنلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى . ئۇلارنىڭ زور كۆپچە-
لىكى گويا تۇغما تېۋىپلاردەك ئادەم بەدىنى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ
تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن بولغان ئىچكى بىرلىكىنى ئوبدان چۈ-
شىنەتتى ، كىلىماتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقى ، تەبىئەتنىڭ ھالىتى
ۋە تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق رولى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ
مىزاج - خىلىتلىرىنى قانداق تەڭشەشنى ، ئىچكى كېسەللىكلەرگە

قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ، شۇنداقلا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ گارمونىك بىرلىكىنى قانداق ساقلاشنى بىلەتتى .

ئۇلارنىڭ ئۇزاق يىللاپ جاپالىق پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا بۇ بوستانلىقتا مال - چارۋا تويپى ھاسىل بولغانىدى . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك مال - چارۋىسى بارلىقىنى بىلمەيتتى . ئۇلار ئەزەلدىن مال - چارۋىلىرىنى ساناپ كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەنىدى . بۇ يەردە باج - سېلىق ، ئالۋان - ھاشار ، بۇيرۇق ، جەرىمانە دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . ئۇلارنى ھېچكىم ھېچنېمىگە مەجبۇرلىمايتتى ، ئۇلار ئەمگەكنىڭ ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى زۆرۈرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇلار ھەممە ئىشتا ئاڭلىق ، مەسئۇلىيەتچان ئىدى . چوڭلار ھۆرمەتكە ، كىچىكلەر ئىززەتكە سازاۋەر ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۆچلۈك جامائەتچىلىك ئېڭى مەۋجۇت ئىدى . ئۆملۈك ، ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قوياتتى . قىيىن ياشاش مۇھىتى ، جاپالىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى ئۇلارغا ئۆملۈك ، ئىناقلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇتقان ئىدى .

ئۇلار زېمىننى سۆيەتتى ، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلاتتى ، سۇ مەنبەلىرىنى قەدىرلەيتتى ، ھەربىر تامچە سۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى . ھەربىر تۈپ توغراقنىڭ قانچىلىك قۇمنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى . ئۇلار بۇ زېمىننىڭ يارىلىشىدىنلا بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ، ئالەمدىكى جىمى شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە تۇرىدىغانلىقىنى ، تاغ - دەريا ، قۇملۇق ، بوستانلىق ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆز ئارا ئورگانىك بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى . شۇڭلاشقا ، ئۇلار ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ، زېمىننىڭ قوغدىغۇچىسى ، بوستانلىقلارنىڭ خوجايىنى ، دەپ قارايتتى .

شۇنداق قىلىپ ، كونىلار ئايلارنى ، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى . تەكلىماكان چۆلىنىڭ باغرىغا يوشۇرۇنغان بۇ تەنھا بوستانلىق

جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن خالىي ھالدا ئۆز مۇقامى بويىچە كېتىۋەر-
دى . بۇ يەردىكى ئادەملەرمۇ ئەجدادلىرى قانداق ياشىغان بولسا شۇنداق
ھالەتتە ياشاپ كەلدى . چەكلىك دائىرىدىكى بوستانلىق ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى بىپايان قۇملۇق ، ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرغان ئاسمان
گۈمبىزى . . . مانا بۇلار ئۇلارنىڭ دۇنياسى ئىدى .
ئۇلار — تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ئاق
كۆڭۈل كىشىلەر تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى خىلۋەت بوستانلىقتا
يېقىنقى زاماننىڭ 400 يىلىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزگەنىدى . ئۇلار
ئىچكى ئاسىيانىڭ تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن تىندۇرما مەدەنىيىتى-
نى ئۆز رىتىمى بىلەن ساقلاپ كەلگەنىدى . بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ ،
تېخىمۇ توغرىسى خوتەن خەلقىنىڭ 400 يىلدىن بۇرۇنقى ئۆرپ -
ئادەتلىرى ، ئەقىدە - ئۇدۇملىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ئەۋ-
زەل ئىمكانىيەتلەر تېپىلمىسىمۇ ، روھىي دۇنياسىدا زامانىۋى جەمئى-
يەتتىن ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان گۈزەل نەرسىلەر بار ئىدى . ئۇلار-
نىڭ ۋۇجۇدىدا يىراق ئۆتمۈشكە تۇتىشىپ كەتكەن بىر چوڭقۇرلۇق ،
تىنىق ساماغا تارقاپ كەتكەن بىر پاكلىق ھەمدە ھايات گۈزەللىكى
بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن ساپلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ
تۇرمۇش ئۇسۇلى ، ئىجتىمائىي بىرلىكى ، دىنىي قارىشى ، تىل ئالاھى-
دىلىكى ، پسىخىكىلىق دۇنياسى قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ تېخى
تامامەن ئۆزگىرىپ كەتمىگەن ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىگە ۋەكىللىك
قىلاتتى . بۇ يەردىن ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ گۈزەل روھ ئەۋرىشكىلە-
رىنى تاپقىلى بولاتتى .
قىسقىسى ، بۇ جاي تەكلىماكاندىكى تەبىئىي فولكلور مۇزېيى ئى-
دى . بۇ يەرگە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان
يالتىراقلىرىمۇ ، بازار ئىگىلىكىنىڭ پايدا ۋە مەنپەئەتنى قوغلىشىدىغان
چۇقان - سۈرەنلىرىمۇ ، بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ زىددىيەتكە ، رىقابەتكە
تولغان سوغۇق مۇناسىۋەتلىرىمۇ يېتىپ بارمىغانىدى . ئۇلار ئۆزلىرى-
نىڭ بۇ خىلۋەت ئارىلىدا تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ 400 يىل پىنھان

ياشىغانىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئارىلىدا تۇرۇپ پۈتۈن دۇنيانى
ۋە ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقانىدى . دۇن-
يانىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن
بىرگە چۇشەنمىگۇدەك ھالەتتە ياتلىشىپ كەتكەنلىكىنى خىياللىرىغىمۇ
كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇلار دۇنيا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە تولغان
يېقىنقى زامان تارىخىدا ، تەكلىماكاندىكى «ئەسھابۇل كەھف» تە رىۋا-
يەتلىك 400 يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزگەنىدى .

تۇيۇقسىز بىر كۈنى بۇ يەرنىڭ رىۋايەتلىك تارىخى بۇزۇلۇپ تاشلان-
دى . مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ئاشۇ ئادەملىرى بۇ ئارالنى ئاخىر بايقاپ
قالدى . بۇ دەل 20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكى ئىدى !

شۇنداق قىلىپ ، تەكلىماكاندىكى قەدىمكى ھاياتلىق ئارىلى —
دەريا بويى ئاخىر «بايقالدى» . مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرى
بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى . بۇ جاينىڭ خىلۋەتلىكىگە ، ئادەملەر-
نىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە ھەيران بولۇشتى .

ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ مېھمانلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان
دەريا بويىدىكى بۇ ساددا خەلقلەرمۇ تۈركۈملەپ كېلىۋاتقان بۇ مېھمان-
لاردىن چەكسىز ھاياجانلاندى . ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇشتى ،
دۇنيانىڭ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن قاتتىق
تەسىرلەندى . ئۇلار بۇ يېڭى مېھمانلارنى ئەڭ ياخشى نەرسىلەر بىلەن
كۈتۈۋالدى . ئۇلارغا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى . ئۆزلىرى-
نىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مېھمانلارغا قانچىلىك تەشنا بولغانلىقى-
نى ، ئادەملەرسىز بۇ دۇنيانىڭ جىمى گۈزەللىكىنى يوقىتىدىغانلىقىنى
ئىزھار قىلىشتى . مېھمانلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى
كۆرۈپ ئۇلارغا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقلى-
رىنى ئېيتىپ غەمخورلۇق قىلىشتى .

ئەپسۇسكى ، بۇ يېڭى مېھمانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىملىرى-
نىڭ ئويلايدىغىنى پۈتۈنلەي باشقا نەرسىلەر ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى
قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالغان بۇ ساھىبخانلارنىڭ ئاجايىپ ساددىلىقى-
دىن ، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ئىچىدە كۈلۈشمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ تەم-

لىك كاۋاپلىرىنى ، قېرىنغا قاچىلاپ قوقاستا پىشۇرغان ئالاھىدە گۆش تائاملىرىنى ، ئۆزگىچە كۆمەچلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ تۇرۇپ ، ئۇلاردىن قانداق پايدىلارنى ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ چوتىنى سوقۇشماقتا ئىدى ...

ئۇلار دەريا بويىلىقلارنىڭ نەرسىلىرىنى شۇنداق ئىشتىها بىلەن يېيىشتى ، ئەتراپقا تويماي بېقىشتى . قانداق قىلىپ پايدا ئېلىشنىڭ كويىدا گاراڭ بولۇشتى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ، بۇ يەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلدى ، مېھمان ـ لار تېخىمۇ كۆپ كېلىشتى . تۇركۇم ـ تۇركۇم يات ئادەملەر قاياقلار ـ دىندۇر پەيدا بولۇشقا باشلىدى .

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنىدى . دەريا بويىلىقلار كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرۇشتى . ئۇلار قانچە قىلىپمۇ بۇ رەھىم ـ سىز رېئاللىقنى ئۆز تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىدى . ئۆزلىرى بىلەن سىرتقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ شۇنچىلىك چوڭىيىپ كەت ـ كەنلىكىگە ھەيران بولدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ، تىنچ ۋە دەخلىسىز تۇرمۇشى بۇزۇلغانىدى . ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملى ـ شىپ كەلگەن ئىجتىمائىي بىرلىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاستا ـ ئاستا خىرىسقا ئۇچرىدى . ئىلگىرى ئۇلارنى پۈتۈن دۇنيادىن ئايرىپ تۇرغان 230 كىلومېتىرلىق چوڭ قۇملۇق ئەمدىلىكتە ھېچقانچە توسالغۇ بولۇپ قالالمىغانىدى .

ھازىرقى زاماننىڭ مەدەنىيەتلىك ئادەملىرى بۇ تەنھا ئارالنىڭ رىۋايەتلىك ئۆتمۈشىنى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى .

ئارىدىن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ توختاۋسىز قەدىمى دەريا بويىنىڭ قەدىمى ئەنئەنىلەرگە باي سېھرىي كۈچىنى خورىتىپ باردى ، بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەملەر كۆپەيگەنسېرى بىكىك ھالەتتىكى قەدىمكى مەدەنى ـ

يەت چەمبىرىكىمۇ بارغانسېرى تارىيىپ باردى . ئادەملەر ئۆزلىرى بىلەن بىللە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ئاجايىپ يېڭىلىقلىرىغا قوشۇپ خىلمۇخىل زامانىۋى باكتېرىيىلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى ...

شۇنداق ، قويۇق رىۋايەتلەرگە پۈركەلگەن ئۆتمۈش غايىب بولدى . خۇددى ئالەم كېمىسىنىڭ ئاي شارىغا قونۇشى ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئاي ھەققىدىكى گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقىتىۋەتكەندەك ، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ دەريا بويىغا بېرىشى ۋە بۇ يەرنى قايتا قۇرۇشىمۇ بۇ جاينىڭ مەدەنىيەت ساياھىتىدىكى ئالاھىدە تارتىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى . قەدىمكى پارلاق تارىم مەدەنىيىتىنىڭ تەكلىماكاندىكى بۇ جانلىق كۆزنىكى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئەنە شۇنداق غايىب بولدى ...

ئەمدىلىكتە دەريا بويىدىكى بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى .

دەريا بويى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي ھالىتىدىن مەھرۇم بولدى . تەكلىماكاندىكى تەبىئىي ئېتنوگرافىيە مۇزېيى بۇزۇلۇشقا باشلىدى . ئەزەلدىن قۇلۇپ سېلىنمىغان ئۆيلەرگە قۇلۇپ سېلىنىدىغان بولدى . ئادەملەر بىر ـ بىرىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان ، ئىش ـ ھەرىكەتتە ئېھتىياتچانلىق قىلىدىغان ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلايدىغان بولۇشتى . سىرتتىن كەلگەن بەزى ئادەملەر ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاماكا ، نەشە ، ھاراق ۋە باشقا غىدىقلىغۇچى ئىچىملىكلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدىغان بولدى . بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى تەگمىگەن جايلار ئاز قالدى ، ئۆسۈملۈكلەر ، ئورمانلار ، ياۋايى ھايۋانلار ، ئۇچار قۇشلار ، قوي ـ پادىلار خوراشقا باشلىدى . مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ تۇرمۇش رىقابىتى ۋە ئىچكى ۋەھىمىسى ئاستا ـ ئاستا بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى .

شۇنداق قىلىپ، قەدىمكى كىرىيىلىكلەرنىڭ دەريا بويىدىكى 400 يىللىق رىۋايەتلىك ھاياتى مەڭگۈ بىر چۈش بولۇپ قالدى. تەكلىماكاندىكى قانچىلىك بوستانلىقلار ۋە قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەر قانداقلارچە قۇم دېڭىزى ئاستىدا قالدى؟ بوستانلىقلار كۆلىمى قانداق قىلىپ بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى؟ دەريا سۇلىرى نېمە ئۈچۈن ئازدىيىپ، كۆللەر قۇرۇپ كەتتى؟ كىلىمات نېمىشقا قۇرغاقلىشىپ نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق تەبىئىي توغراقلىقلار ۋەيران قىلىندى!؟ ... ئايتماتوف توغرا ئېيتىدۇ: بۈگۈنكى كۈندە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قىيامەت ۋە ئېكولوگىيە تراگېدىيىلىرى دىنىي كىتابلاردا ئېيتىلغاندەك خۇدانىڭ غەزىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ! زېمىن ئەسلىدىنلا بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇقتا يارىتىلغان، تەبىئەت ئەزەلدىنلا جىمى مەۋجۇدات بىلەن گارمونىك بىرلىك ھاسىل قىلغان، مانا مۇشۇ تەڭپۇڭلۇقنى مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ ئىگىسى بولغان ئىنسانلار ئۆز قولى بىلەن بۇزدى، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ بىر كۆزنىكى بولغان دەريا بويىنىڭ ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى بىزگە يېڭىدىن يېڭى ۋەھىمىلەرنى ھېس قىلدۇرماقتا. شۇنداق، تارىم بىزنىڭ ئانىمىز، بىز بۇ مېھرىبان ئانىدىن تۇغۇلغان، ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئاق سۈت ئېمىپ چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ ھايات گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان، ئۇنىڭ باغرىغا تىنىپ كەتكەن مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدىن ئوزۇق ئالغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ مېھرىبان ئانا زامان رىيازەتلىرىدىن چارچىدى، جىسمى خورىدى، چاچلىرىغا ئاق كىردى، ئىچكى ئېنېرگىيىسى خورىدى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ مۇشەققەتلەر چەكتى. ئۇ يېڭى ھاياتىي كۈچكە موھتاج! بىز ئۇنى پەرزەنتلىك مۇھەببىتىمىز بىلەن ئاسرايلى ۋە مەڭگۈ سۆيەيلى!

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ئاپتور تېكىستتە «دەريا بويى» بوستانلىقىنى نېمە ئۈچۈن «قەدىمكى مەدەنىيەت ئارىلى» دەپ ئاتايدۇ؟ بۇ «مەدەنىيەت ئارىلى» قانداق شەكىللەنگەن؟ قانداق يوقالدى؟

2 . تېكىستتىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار.

1 ) «ئۇلار ئۆزلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالغان بۇ ساھىبخانلارنىڭ ئاجايىپ ساددىلىقىدىن، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ئىچىدە كۈلۈشمەكتە ئىدى».

2 ) «ئايتماتوف توغرا ئېيتىدۇ: بۈگۈنكى كۈندە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قىيامەت ۋە ئېكولوگىيە تراگېدىيىلىرى دىنىي كىتابلاردا ئېيتىلغاندەك خۇدانىڭ غەزىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ!»

3 ) «ئادەملەر ئۆزلىرى بىللە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇخىل زامانىۋى باكتېرىيىلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى».

3 . ناۋادا سىز ئاشۇ «قەدىمكى مەدەنىيەت ئارىلى» غا مېھمان بولۇپ بېرىپ قالسىڭىز — ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولاتتىڭىز؟ قانداق تەسىرات قالدۇراتتىڭىز؟

# 19 . لوپنۇر — يوقالغان كۆل[1]

## ۋۇ گاڭ

*لوپنۇر كۆلى ئىلگىرى ناھايىتى چىرايلىق كۆل بولۇپ، سۈيى سۈپسۈزۈك، ئەتراپى ياپيېشىل، ئات ـ كالىلار توپ ـ توپى بىلەن ئوتلىشىپ يۈرەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ كۆل پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاي قۇرغاقچىلىق ماكانغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنداقتا بۇ تراگېدىيىنى زادى كىم كەلتۈرۈپ چىقارغان؟*

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدە لوپنۇر كۆلى، دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل بار. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلىگە كەلگەن ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كۆل ئاستا ـ ئاستا دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىغان.

1980 ـ يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى پېڭ جيامۇ ئۇ يەردە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ يوقاپ كەتكەن. ئون ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئېكسپېدىتسىيىچى يۈي چۈنشۈنمۇ شۇ جايدا خەتەرگە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر كۆلى كىشىلەرگە تېخىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان.

لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپى پايانسىز چۆللۈك بولۇپ، نە بىرەر تال گىياھ، نە بىرەر تېمىم سۇ يوق، يازدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا

---

[1] بۇ تېكىست خەلق مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «تىل ـ ئەدەبىيات» 8 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 2 ـ قىسمىدىن ئېلىندى.

70 C قا يېتىدۇ. شۇڭا، ئاسمىنىدا بىرەر تال قۇشنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ ھەمدە ھېچقانداق ئۇچار قاناتمۇ ئۇنىڭ ئاسمىنىدىن ئۆتۈشكە پېتىنالمايدۇ.

لېكىن، ئىلگىرىكى لوپنۇر كۆلى چۆللۈك ئەمەس ئىدى. يىراق ئۆتمۈشتە، ئۇ يەر سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئات - كالىلار توپ - توپى بىلەن ئوتلىشىپ يۈرىدىغان ياپيېشىل بوستانلىق ئىدى. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، «لوپنۇر» ئاتالغۇسىدىكى «نۇر» دېگەن سۆز «كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ!

غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئىلگىرى ياپيېشىل بوستانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدىكى پايانسىز يېشىل كارىدورغا جايلاشقانلىقى، ياز پەسلىدە بۇ يەرگە كەلسە، كىشىنىڭ خۇددى ئۆزىنى جياڭنەندە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. تارىم ئويمانلىقىدىكى مول سۇ مەنبەسى بۇ پايانسىز زېمىنغا يېشىللىق ئاتا قىلىپ تۇرغان. ئەينى يىللىرى جاڭ چيەن ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، ئەسلىدە گىياھ ئۈنمەيدىغان چۆل دەپ ئويلىغان بۇ زېمىنغا قەدەم باسقاندا، ئۇنىڭدىكى ياپيېشىل ئېكىنزارلىق گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ ھەس قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاڭ چيەننىڭ باشلامچىلىقىدا دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى ئېچىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 4 - ئەسىردە لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتكەن. 20 - ئەسىرگە كەلگەندە، 1000 كۋادرات كىلومېتىر قالغان. سۋېن ھېدىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى لوپنۇر كۆلىدىكى قېيىقتا كۆلنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ كۆرگەن ھەمدە قېيىق بېشىدا ئولتۇرۇپ ئەتراپقا قارىغىنىچە بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولغان. ئۇ ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كې-

يىن، «مەركىزىي ئاسىيادىكى سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. كىتابتا: «لوپنۇر كۆلى مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. لوپنۇر كۆلى خۇددى تىلسىمات كۆلگە ئوخشايدۇ. سۇ يۈزى ئىللىق كۈن نۇرىدا سىنئەينەكتەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. مەن قېيىقتا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئۆزۈمنى تولىمۇ غەمسىز ھېس قىلدىم. قېيىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىرنەچچە ياۋا ئۆردەك سۇ يۈزىدە ئوينىشىۋاتاتتى، بېلىقچىقۇش ۋە باشقا قۇشلار بەس-بەستە ناخشا ئېيتىشماقتا ئىدى...» دەپ يازغان.

سۈين ھېدىن مەدھىيىلىگەن بۇ كۆل 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لوپنۇر كۆلى قورقۇنچلۇق جايغا ئايلىنىپ قالغان.

لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى تارىم دەرياسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگو بويىچە بىرىنچى، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»دە① خاتىرىلىنىشىچە، 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن ئىلگىرى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ سۇ مەنبەسى مول بولۇپ، زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلار ئۆركەشلەپ ئېقىپ، دەريا ۋادىسىدىكى پايانسىز توغراقلىقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتىكەن. 1925-يىلىدىن 1927-يىلىغىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر بۇيرۇق بىلەنلا تارىم دەريا ئېقىنىنى شىمالىي تەرەپتىكى كۆنچى دەرياسى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكتىن، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ۋادىسىدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ئۈچ كەنتتىكى 310 ئائىلە ئۆي-ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىنىپ، قۇملىشىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن 1952-يىلى تارىم دەريا-

① چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە يېزىلغان. شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى كىتابىي مۇھىم ماتېرىيال.

سىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بۇگۇر دامبىسى ياسالغانلىقتىن ، تارىم دەريا ئېقىنى يۇنىلىشى يەنە ئەسلىگە كەلتۇرۇلگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك موھىتى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ ، توغراقلىقلار كۆپىيىشكە ، تاشلاندۇق يەرلەر قايتىدىن كۆكىرىشكە باشلاپ ، بۇ يەر چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئايلانغان .

مەسىلە يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە كۆرۈلگەن . تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئاھالە شىددەت بىلەن كۆپىيىپ ، سۇغا بولغان ئېھتىياج زىيادە ئېشىپ كەتكەن . يېڭى ئۆزلەشتۇرۇلگەن بوز يەرلەرگە سۇ كېرەك ، كان ئېچىشقىمۇ سۇ كېرەك بولغان . ئۇنداقتا بۇ سۇلار نەدىن كېلىدۇ ؟ كىشىلەر بەس - بەستە تارىم دەرياسىنىڭ سۇيىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان . بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدىلا تارىم دەرياسى بويىغا 130 نەچچە سۇ ئامبىرى ، خالىغان ۋاقىتتا سۇ چىقىرىش ئېغىزىدىن 138ى ، سۇ پومپىسى ئارقىلىق سۇ تارتىش پونكىتىدىن 400 نەچچىسى قۇرۇلغان . بەزى سۇ تارتىش پونكىتلىرىنىڭ كۇنلۇك سۇ تارتىش مىقدارى 10 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكەن .

قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىپ سۇغىرىش ، قارىغۇلارچە سۇ ئامبىرى ياساپ سۇنى توسۇش ، قارىغۇلارچە سۇ باشلاش ، قارىغۇلارچە سۇ تارتىش قاتارلىق «تۆت قارىغۇلارچە» ھەرىكەت خۇددى غايەت زور ئەجدىھا سۇ سۇمۇرگەندەك ، ئاخىر تارىم دەرياسىنىڭ سۇيىنى سۇمۇرۇپ قۇرۇتۇپ بولغان . نەتىجىدە تارىم دەرياسى ئەسلىدىكى 1321 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىن ھازىرقى 1000 كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ھالغا چۇشۇپ قالغان . 320 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دەريا مۇساپىسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن ، 50 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر خەۋپ ئاستىدا قالغان . سۇ مەنبەسى ئۇزۇلۇپ قالغان لوپنۇر كۆلى پۇتۇنلەي قۇرۇپ كېتىپ ، «ئۆلۇك كۆل»گە ئايلىنىپ كەتكەن . لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا دەرھال ئۆزگىرىش بولۇپ ، ئۇسۇملۇكلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن . قۇمدىن قوغدىغۇچى لەشكەرلەر ھېسابلانغان توغراقلىقلارمۇ ھالاكەتكە يۇزلىنىپ ، قۇملۇق ھەر يىلى تۆت - بەش

مىتىرلىق سۇرئەتتە كۆل مەركىزىگە سۇرۇلۇشكە باشلىغان. نەتىجىدە، لوپنۇر كۆلى بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىدىن پەرقسىز بولۇپ قالغان.

شۇنداق قىلىپ لوپنۇر كۆلى يوقالغان.

10 - ئاي مەزگىلىدىكى ئالتۇن كۈز پەسلى، مەن شىنجاڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تارىم دەريا كۆۋرۈكىدە تۇرماقتىمەن.

يىراق - يىراقلارغا كۆز تىككەنىدىم، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى توغراقلىق خۇددى يېشىل سەددىچىن سېپىلىدەك كۆرۈندى.

توغراق ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بولۇپ، «ئەڭ چىرايلىق دەرەخ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توغراقلىق مال - چارۋىنىڭ قوغدىنغۇچىسى ھەم ئارامگاھى. ئات، بۇغا، ياۋا تۆگە، بۆكەن، ئۇقار قاتارلىق يۈز نەچچە خىل ياۋايى ھايۋان ئۇنىڭدا ياشاپ كۆپىيەلەيدۇ. بۇ جايدا يەنە چۇچۇكبۇيا، يانتاق قاتارلىق كۆپ خىل قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بىرىكىپ ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك سىستېما ھاسىل قىلىپ، پارچە - پارچە بوستانلىقلارنى شەكىللەندۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 7 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى بېقىپ كەلگەن.

شۇنچىۋالا مۇھىم توغراقلىقنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن نۇرغۇن جايلىرى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن. 1958 - يىلى، تارىم دەريا ۋادىسىدىكى توغراقلىق7 مىليون 800 مىڭ مو چىقاتتى. ھازىر بولسا 4 مىليون 200 مىڭ مولا قېپقالغان. توغراقلىقنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، تارىم دەريا ۋادىسىدىكى يەرنىڭ قۇملىشىش نىسبىتى 66% تىن 84% كە كۆتۈرۈلگەن. «قۇم ئىلگىرىلەپ، ئادەم چېكىنىش» تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ۋادىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغان ھەمدە لوپنۇر كەنتى ئەتراپىدىكى قۇرۇققۇم بىلەن دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان بىرىكىپ، ئارىدا قالغان يېشىل سەددىچىننى يالماپ يۇتۇشقا باشلىغان. تەكلىماكاندىن كېسىپ ئۆتكەن 218 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭمۇ 197 يېرىنى قۇم كۆمۈۋېتىپتۇ.

بىز تارىم دەرياسىنى بويلاپ غەربكە قاراپ 200 كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، يېشىل سەددىچىن تۇيۇقسىز كۆزدىن يىتتى-دە، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى توغراق قۇملۇق بىلەن بىر خىل رەڭدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چۈنكى، سۇ بولمىغانلىقتىن، نەچچە يۈز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېشىل سەددىچىن ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ھالاك بولغانىدى.

ھەي... ي ئىسىت! 1000 يىلغىچە كۆكىرىپ تۇرىدۇ، دەپ تەرىپلىنىدىغان توغراقلىق 20 نەچچە يىل ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بەرگەندىن كېيىن، ئاخىر قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، «مۇمىيا»غا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. قۇرۇپ قاقشال بولغان ئاجايىپ - غارايىپ شاخلىرى، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يىقىلىشنى خالىمىغان غوللىرى خۇددى توغراقلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا قاتتىق تىركىشىپ ۋە ئازابلىنىپ، كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلىپ قوللىرىنى سوزۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى!

ئالدىغا يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، بىز لوپنۇر كۆلىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ باردۇق. بىللە كەلگەن يولداشلار ماڭا، ئەمدى ئالدىغا مېڭىشقا بولمايدۇ، لوپنۇر كۆلىگە كىرىش ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا ئىككى ماشىنا، يەنە يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە سۇ بولۇشى كېرەك دېدى. شۇڭا، بىز ئامالسىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتقان لوپنۇر كۆلىگە نەزەر تاشلىدۇق.

لوپنۇر كۆلىنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇۋېتىپ تۇيۇقسىز بۇ يەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى سالدۇرۇۋېتىلىپ بەدىنى ۋە قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ قاپتۇ، دېگەن ئويغا كەلدىم. سىز بۇ جايدا تۇرۇپ قاتار - قاتار قوۋۇرغىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەر شەكلىگە، كۆرمىڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىزنالىرىغا قاراپ، بۇ جاينىڭ ئامالسىزلىق ئىچىدە قانچىلىك قىينالغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز.

لوپنۇر كۆلىنىڭ بۇرۇنقى گۈزەللىكىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولارمۇ؟ دەپ سورىدىم ئۆز - ئۆزۈمدىن.

بۇ چاغدا مەن سۆزلەش ۋە كۈلۈشتىن توختاپ قالغانىدىم. بۇ

پايانسىز غايەت زور قۇملۇق يۈرىكىمنى مۇجۇماقتا ئىدى . مەنلا ئەمەس ، ھەممىمىزلا ئېغىر سۈكۈتكە پاتقانىدۇق . 30 يىل دېگەن تارىخنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىگە نىسبەتەن پەقەت بىر دەقىقىدىنلا ئىبارەت . 30 يىل ئاۋۋالقى بۈك - باراقسان توغراقلىق ، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار مۇشۇ بىر دەقىقە ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بولغانىدى .

بۇ تراگېدىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى يەنىلا ئادەملەر !

تراگېدىيە مۇشۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالغىنى يوق . مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تراگېدىيىلەر ھېلىمۇ باشقا جايلاردا تەكرارلانماقتا .

دۇنيا بويىچە مەشھۇر ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى — چىڭخەي كۆلىنىڭ سۈيى 50 يىل ئىچىدە 8.8 مېتىر پەسلەپ كەتكەن بولۇپ ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئالتە يىلدا بىر مېتىردىن پەسلىگەن ، قۇرۇقلۇق كۆلگە ئون نەچچە كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن . گەنسۇ دۇنخۇاڭدىكى نەچچە مىڭ يىللىق قوم - بورانمۇ كۆمەلمىگەن يۈياچۈەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەر ئاستى سۈيى ھەددىدىن زىيادە تارتىلغاچقا ، سۇ كۆلىمى 50 - يىللاردىكى 11652 كۇب مېتىردىن 5397 كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان ، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىمۇ بىر گەزدىن ئاران ئاشىدۇ . كۆپىنچە يەرلىرى قۇرۇقشىغا ئۆتكەن . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەنىلا ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان !

چىڭخەي كۆلىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالايلى ، يۈياچۈەننى قۇتقۇلدۇرۇۋالايلى ، ئادەملەرنىڭ كاساپىتىدىن قۇملۇققا ئايلىنىۋاتقان بارلىق جايلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋالايلى !

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. لوپنۇر كۆلى ئىلگىرى قانداق ئىدى ؟ ھازىر قانداق بولدى ؟ ئاددىي ، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەڭ ھەمدە ئۆزگىرىش سەۋەبىنى يىغىنچاقلاڭ .

2 . ئەسەر كۈچلۈك ئازابلىنىش ئېڭى بىلەن تولغان بولۇپ ، بەزىلىرى بىۋاسىتە ئېيتىلسا ، بەزىلىرى سائلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . سىز مۇشۇنداق جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئۇلارنىڭ رولىنى بىلىۋېلىڭ .

3 . ناۋادا سىز ئەسىرلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ ، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن بولسىڭىز ، كىشىلەرگە نېمىلەرنى ئېيتقان بولاتتىڭىز ؟

4 . تېكىستنىڭ ئاخىرىدا چىڭخەي كۆلىنىڭ سۈيىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىپ بارغانلىقى ۋە يۆياچۈەننىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى مىسال تىلغا ئېلىنىپ ، تراگېدىيىنىڭ ھېلىغىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن . سىز مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە قانداق مىساللارنى كەلتۈرەلەيسىز ؟ كىشىلەرنى ھەرىكەتكە كېلىپ ، مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چاقىرىدىغان بىر پارچە سىناق تەرىقىسىدىكى ئوچۇق خەت يېزىپ بېقىڭ .

# 20 . كامالتۇرك ۋە ئۈرۈمچى

يالقۇن روزى[①]

بوشلۇق مۇھىتى بىپايان يېزا ـ سەھرالىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، ئاسمىنىدىن ئىس ـ تۈتەك كەتمەيدىغان ئۈرۈمچى تولىمۇ قىستا ـ قىستاڭ شەھەر. ھازىرغىچە بولغان ھايات مۇساپەمدە، ماڭا تېخى ئۈرۈمچىدىن چوڭراق بىرەر شەھەرنى كۆرۈش پۇرسىتى نېسىپ بولمىدى. شۇڭا، ئۈرۈمچىنى باشقا خەقلەرنىڭ شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئارتۇق ـ كەم يەرلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ھاسىلات پەيدا قىلغۇدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمىدىم. ئەمما، ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدىغىنى، مەلۇم بىر روسىيىلىك مۇخبىرنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ، تۆت يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچى ھەققىدە يازغان، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىگە بېسىلغان زىيارەت خاتىرىسىدىكى بىر ئابزاس تەسۋىرى. بۇ مۇخبىر ئۆز تەسىراتىنى: «ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا يېتىپ كەلگەندە ئايروپىلان دېرىزىسىدىن بۇ شەھەرگە قارىسام، قاپقارا ئىس ـ تۈتەكتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى» دەپ، باشلىغانىدى.

مەن شۇنىڭدىن بۇيان ئۈرۈمچى ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. خۇنۇك ئاسمىنىدا پەيلىرى ئىسلىشىپ كەتكەن سەرگەردان قۇشقاچلاردىن باشقا ھاياتلىقنى ئۇچرىتىش مۇشكۇل بولغان ئۈرۈمچى مېنى تەگسىز خىياللارغا بەند قىلاتتى. ئەندىشە ۋە ۋەھىمە بىلەن تولغان خاتىرجەمسىز كەيپىيات ۋۇجۇدۇمنى بارغانسىرى قاتتىق چىر-

---

① يالقۇن روزى 1966 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئەدەبىي ئوبزورچى. «مەمەتىلى ئەپەندى» ـ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ تېكىست «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، دەرسلىككە قىسقارتىپ ئېلىندى.

مايتتى . مەن توپ ـ توپ قۇشقاچلار پۇر ۇلداپ ئۇچۇشۇپ تۇرىدىغان ،
ئاسمىنى كەڭ قەدىمىي سەھرادا تۇغۇلغان . يالىڭاچلانغان ئېتىزلىقلار-
دا ۋاللەي ئويناپ ، تاغۇ تاشلاردا پادا بېقىپ ، چاڭقىسام ئېرىق ـ
ئۆستەڭلەرگە دۈم يېتىپ غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچىپ ، كۆزىنىڭ سۇتتەك
ئايدىڭ كېچىلىرىدە خامان ساقلاپ ياتقاندا ، ئۆمۈر بويى يالاڭ ئاياغ
يەر دەسسەپ تاپىنى يېرىلىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقال بوۋايلارنىڭ گۈ-
زەل چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ، كۈندۈزلىرى بولسا قاتار ئۇچقان تۇرنىلار-
نىڭ پەرۋازىغا زوقلىنىپ قاراپ چوڭ بولغان . ئۇ چاغلاردا ماڭا
يېزىمىزنى ئوراپ تۇرغان تاغلارنىڭ كەينىدىكى دۇنيا تېپىشماقتەك
تۇيۇلاتتى . ئۈرۈمچى چۈشۈمدىكى شەھەر ئىدى . ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى
لاۋۇلداپ چوغ بولۇپ ئۆپۈقتىن كۆتۈرۈلۈپ يەر ـ زېمىننى نۇرلاندۇ-
رىدىغان قۇياش ، ماڭا خۇددى ئۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ ، بۇ
تاغنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ غايىب بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . سىرلىق
تەبىئەت باللارغا خاس ساددا تەسەۋۋۇرلىرىمىنىڭ يۇمران قاناتلىرىنى
يېشىپ ، خىيال ئېكرانىمنى تۈگىمەس گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن
تولدۇراتتى . ياز كۈنلىرى ئۆگزىدە ئۇخلاش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلار-
نىڭ بىرى ئىدى . مۇنداق بولغاندا ئەتراپتىن پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ
تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۈستۈڭدىكى يۇلتۇز بىلەن تولغان قاراڭغۇ
ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇ باشتىن بۇ باشقا سوزۇلۇپ ئاقىرىپ تۇرغان
سامانيولى باللىق قەلبىڭدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر
يۈكسەكلىكنى ئويغىتاتتى . يىراقلاردىن ، بالاغەتكە يېتىپ ، خىيال
كىرىپ قالغان سۆچى يىگىتنىڭ ئىشتىياق بىلەن ئېيتقان لەرزان
ناخشىسى ئاڭلىناتتى . سەلكىن شامال يۈزۈڭنى سۆيۈپ ، ھەممە نەر-
سىگە سەگەك تۇرىدىغان چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىڭغا نېمىلەرنىدۇ شى-
ۋىرلاپ ئۆتەتتى . بۇنداق چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ
بىر زەررىسى ئىكەنلىكىنى شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا چوڭقۇر ھېس
قىلماي قالمايدۇ .

مېنىڭ ئەكسىمچە ئوغلۇم كامالتۇرك شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئۈ-
رۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلدى . ئۇنىڭ باللىق ھاياتى ھايۋانات باغچىسىدا

چولڭ ـ كىچىك قەپەسلەرگە سولىنىپ ياتقان ھەرخىل ھايۋانلارنى
كۆرۈش ، تېلېۋىزور ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قونچاق فىلىملىرىـ
دىن ھوزۇرلىنىش ، يەسلىدە ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئويناش ، سولياۋ
خالتىغا قاچىلانغان كالا سۈتىنى ئىچىش ، ئانىسىنىڭ زۇكامداپ قېـ
لىشتىن ساقلىنىش ھەققىدىكى تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭـ
لاش ، ئىستولبىلارغا چاپلانغان ئادەم ئىزدەش ئېلانلىرىنى كۆرۈش
بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ . قېلىپلىشىپ ، رىتىملىشىپ كەتكەن كۈندىلىك
تۇرمۇش ، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش
ئادىتى ، مەكتەپكە يولىنىڭ چېتى بىلەن ئۇدۇل بېرىپ ، ئۇدۇل قايتىپ
كېلىدىغان ئۆزگەرمەس قائىدە ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «گەپ ئاڭلايدىغان
ئوبدان بالا» بولۇش ھەققىدىكى پەند ـ نەسىھەتلىرى ، بەدىنى
قىزىپ قالسا دەرھال دورا يېيىش ... ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسىنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنى . گەرچە ، ئوغلۇم يەتتە ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ
تېخىچە بىرەر قېتىممۇ خورازنىڭ تاڭ پەيتىدىكى چىللىشىدىن ئويغىـ
نىپ باققىنى يوق ، قۇياش كۆتۈرۈلگەن پارلاق سەھەرنى كۆرۈپ
باققىنى يوق . چۈنكى ، بۇ شەھەردە قۇياش چەكسىز ئۇپۇقنىڭ قوينىـ
دىن ئەمەس ، مەلۇم بىر ئىدارە بىناسىنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلىدۇ .
بالىلار خورازنىڭ چىللىشىدىن ئەمەس قوڭغۇراقلىق سائەتنىڭ ئەنسىز
جىرىڭلىشىدىن ئويغىنىدۇ . گەرچە ئۇ شارقىراپ ياغقان يامغۇرنى
كۆرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگەن ھەيۋەتلىك ساداسىـ
نى ئاڭلىغىنى ، تۈن قوينىنى يېرىپ ، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە
سالىدىغان چاقماقنىڭ نۇرىنى ياكى يامراپ كەلگەن شىددەتلىك كەلـ
كۈنى كۆرۈپ باققىنى يوق . بۇنداق ۋەھىملىك مەنزىرىلەر تېخى
بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ باقمىدى .
شۈبھىسىزكى ، ۋەھىمىدىن يۈكسەك كەيپىيات تۇغۇلاتتى . بۇ خىل
ۋەھىمىدىن تۇغۇلغان يۈكسەك كەيپىيات ئۇنىڭ روھىغا ئانا تەبىئەتنىڭ
چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇراتتى .
تەبىئەتنىڭ ھەيۋەتلىك ھادىسىلىرى ۋە تاسادىپىي ئۆزگىرىشلىرىنى
بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئوغلۇم

كامالتۇرك ئېنىقكى، تەبىئەت ھەققىدە چوڭقۇر ھەم ئۆزگىچە تەسىراتلارغىمۇ ئىگە ئەمەس. تا بۈگۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ چىلان تۇپراقنى يالاڭ ئاياغ دەسسەپ باقمىغان، ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان دەريا - ئۆستەڭلەرگە چۆمۈلۈپ باقمىغان ئوغلۇمغا قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن پۇچىلىنىپ كېتىمەن. تەشتەكتىكى گۈللەر بىلەن ئەينەك قاچىدىكى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان رەڭدار بېلىجانلار ئۇ كۈندە ھەپىلەشىدىغان بىردىنبىر تەبىئەت. ئەسلىدە ئوغلۇم تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئۆسۈشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر تەبىئەت ئۇنىڭ قۇچىقىغا بەند بولۇپ قالدى. كۆڭلۇم تۇيۇپ تۇرىدۇكى، تەبىئەتنىڭ بۇ تەتۈر قىسمىتى ھامىنى بىر كۈنى ئۆز قىساسىنى ئالماي قويمايدۇ. ئېنىقكى ئۈرۈمچىنىڭ بۇ ئاتالمىش زامانىۋى مەدەنىيىتى، زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە ھەقىقىي، ساپ تەبىئەتتىن مۇستەسنا مۇھىتى ئوغلۇمنى يەپ كېتىۋاتىدۇ. چوڭلارمۇ بۇ خىل رېئاللىقتىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئادەمگەرچىلىك كۈنسايىن سۇسلىشىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، ئەخلاق كىرزىسىنىڭ جىددىي مەسىلە سۈپىتىدە تەكىتلىنىۋاتقانلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى بۇنىڭ دەلىلى.

تەبىئەت — دۇنيادا جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ يۇقىرى تەربىيىچى. ئۇنىڭ تەربىيىلەش دائىرىسى ئىنتايىن چەكسىز، تەربىيىلەش مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تەربىيىلەش ۋاستىسى ئىنتايىن كۆپ. ئەپسۇسكى، ئۈرۈمچىدە بۇ تەربىيىچىنىڭ ھالى بەك خاراب. روشەنكى، مەكتەپلەر ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ بۇ تەربىيىچىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى، مەكتەپلەر ئەزەلدىن بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى زىيادە قوغلىشىپ، ھېسسىيات (مېھىر - مۇھەببەت) تەربىيىسىگە سەل قارايدۇ. شۈبھىسىزكى، تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرمىغان كىشىنىڭ قەلبى قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ.

چەت ئەللىكلەرنىڭ سەيلە - ساياھەتكە كۆپ چىقىشىدىكى ئالاھىدە مەقسەتلىرىنىڭ بىرى، دەل تەبىئەت بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ ئۆزگىچە ھەم مول تەسىرلىنىشلەرگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەنمۇ شەھەر مۇھىتى ئادەمنى ھەممە ئىشتا تەھلىل بىلەن ياشاشقا،

قائىدە - تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. مەنئۇيىتى مۇرەككەپ شەھەرلىكلەر بىلەن توختاملىشىپ مۇئامىلە قىلمىسالىڭ، لەۋزىگە ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شەھەر كوچىلىرىدا سەھرانىڭ توپىلىق يولىدا ماڭغاندەك ئەركىن خىيال سۈرۈپ مېڭىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدىلەتىن بىر خىيالغا چۆكۈپ كېتىۋاتسالىڭ كۆزۈڭگە «يەر ئاستى يولى بىلەن مېڭىڭ» دېگەن خەتلەر چېلىقىدۇ - دە، ئۆزۈڭگە كېلىشكە مەجبۇر بولىسەن. شەھەردە قىزىل - يېشىل چىراغلار بىلەن ئالا بالداق يول بەلگىلىرىگە ئەمەل قىلىپ مېڭىشىنىڭ ئۆزىلا كىشىنى چارچىتىۋېتىدۇ. شاۋقۇن - سۈرەننىڭ قۇلاق - مېڭەڭنى يېيىشى، كىشىلەرنىڭ سېنى قىستىپ - سوقۇپ ئۆتۈشلىرى ۋە تونۇش - بىلىش چىرايلارغا راست - يالغان تەبەسسۇم قىلىپ مېڭىشلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. شۇنداق قىلىپ ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيۈڭگە كېلىسەندە ياكى بېغى، ياكى ھويلىسى يوق قەپەستەك تار ئۆيۈڭدە پۈت - قولۇڭنى سوزۇپ يېتىپ، خاتىرجەم ئارام ئالىسەن. مانا بۇ دەل بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت!

ئاتا - ئانىلىرىمىز 20 - 30 يىللاپ «تاغ - دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز» دېگەندەك ئاتالمىش ئىنقىلابىي ئىرادىنى نامايان قىلىدىغان شوئارلارنى توۋلىغان. بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى قاراش بولسا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئەتنى بويسۇندۇرغۇچىدىن تەبىئەت بىلەن ھەمكارلاشقۇچىغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىن نۇرغۇن كۆلپەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئېرىشكەن ئېتىقادىمىزدۇر. تەبىئەتنى تالان - تاراج قىلىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلار - يىللار بويىچە ئۇدا ئېشىشىنى قوغلىشىپ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا پەسەنت قىلماسلىق، ئاخىرىدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلە. بۇ بىر خىل مۇقەررەر ھالاك بولۇش پەلسەپىسىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى.

ئەندىشە ئېڭى كۈچلۈك بەزى مۇتەپەككۇرلار «بىز ھەممىمىز يەر

شارىدىن ئىبارەت بۇ كېمىدىكى يولۇچىلارمىز. شۇڭا، بۇ كېمىنى غەرق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ خىتاب قىلىشماقتا. بۇ خىتاب پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى يەر شارى مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى ھەققىدىكى ئەندىشە ئېڭىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، تەبىئىي مۇھىتى كۈنسېرى بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقان ئۈرۈمچىدە «مەدەنىيەتلىك ئۈرۈمچىلىكلەردىن بولايلى» دەپ تاملىرىنى شوئار بىلەن تولدۇرۇۋالىدىغان ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ ئېڭىدا تېخى بۇنداق ئاڭ شەكىللەنمەيۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھىت ئېڭىغا ئىگە بولمىغان ئادەمنى «مەدەنىيەتلىك ئادەم» دېگىلى بولمايدۇ. پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، ئىس - تۈتەككە تولغان بۇ شەھەر مۆلچەرلىگۈسىز كېلەچەككە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇلغانغان تەبىئىي مۇھىت بىزنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە كاردىن چىقارماقتا. تۈرلۈك «شەھەر كېسەللىكلىرى» كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرىتماقتا، پسىخىكىسىنى نورمالسىزلاشتۇرماقتا.

مەن ھەمىشە ئوغلۇم كامالتۇركنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ رېئاللىقىنى بىرلەشتۈرۈپ خىيالغا پاتىمەن. بىز، ئەلۋەتتە، رەھىمسىز تەقدىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا سېلىۋاتقان تەھدىتىگە ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى بىزار قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەمىشە ۋاقىتنىڭ ۋە ئالەمنىڭ كەينىدىكى كۈچنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىپىك ئىنكاسى «غەزەپ بىلەن سۈكۈت قىلىش» تىن ئىبارەت. مېنىڭچە، شەخسنىڭ ئەندىشىگە ۋە خەۋپكە تولغان مۇھىتنى ئىدارە قىلىشقا چامى يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا ۋە ئۆزىنى يارىتىشقا چامى يېتىدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ بۇلغانغان مۇھىتى ھەربىر ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى

ۋە روھىيىتىگە تەھدىت سالماقتا . مەن ئوغلۇم كامالتۇركنىڭ ئىنسانغا خاس ساغلام قەلبىگە ، ئالىيجاناب مەنىۋى دۇنياغا ئىگە بولۇشىنى كۆزلەپ ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن تەبىئەتنى تونۇتۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلارنى قىلدىم ، ھەتتا سىم تورغا سولاپ ئۆيۈمدە نەچچە ئاي كىرپە باقتىم . مەن بۇ ئىشلىرىمنى بىھۇدە ، دەپ قارىمايمەن . چۈنكى ، باللىق قەلب تەبىئەتتىن تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىدۇ . تاسادىپىي پۇرسەتتە ، قويىنىڭ قوزىلىشىغا «تۇغۇت ئانىسى» بولۇپ قالغان بىر بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا ، مۇنداق مەنزىرە ئۇنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ ھەم ئانا ـ باللىق مۇھەببەتنىڭ يارقىن سىماسى بولۇپ قەلبىگە ئورناپ كېتىدۇ . مەن مۇشۇنداق ئەھۋالغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلىپ كۆرگەن بولغاچقا ، ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەن : تەبىئەت — ئىنسانلار ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئوقۇغان ، شۇنداقلا مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگىتىپ بولالمايدىغان بىباھا قامۇس . شۇبھىسىزكى ، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ قامۇسنىڭ بىر ۋارىقى . شۇڭا ، پەيلاسوپلار تەبىئەتنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى چۈشەنمەيدۇ ، ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم تەبىئەتنى چۈشەنمەيدۇ ، دەپ ئېيتىشىدۇ .

ئۈرۈمچىدەك بىر شەھەردە تەبىئەتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش زور چەكلىمىگە ئىگە بولىدۇ . باللارغا كۆكتاتچىلاردىن ئالغان سەۋزە ـ چامغۇرنى تونۇتساقمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كۆكتاتچىنىڭ ھارۋىسىغا چىققۇچە قانداق «كۈنلەر» نى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز . تېلېۋىزوردا بىرەر ھايۋان كۆرۈنۈپ قالغۇدەك بولسا ، «ئەنە ئاۋۇ پۈكۈنى ھايۋان» دەپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ كۆرسىتىپ قويىمىز ، ئەمما ئادەت ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمىز . تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىنى تولۇقى بىلەن بىلدۈرۈشكە ، تەبىئەتنىڭ مۆجىزىدەك مەنزىرىلىرىنى ۋە ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىشكە پۈتۈنلەي ئامالسىز قالىمىز .

قارىغاندا كامالتۇركنى سەھرانىمۇ چۈشىنىدىغان ، شەھەرنىمۇ چۈشىنىدىغان ، جەمئىيەتنىمۇ چۈشىنىدىغان ، تەبىئەتنىمۇ چۈشىنىدى-

غان قىلىش قىيىن ئوخشايدۇ . شۇنىسى ئايانكى ، بۇ مەقسەتكە يەتمەي بولمايدۇ . چۈنكى ، ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ئۆزگىچىلىكى بولمىغان ، بالىلىق مەزگىلگە خاس مەزمۇنى بولمىغان ، ساددا قەلبى تەبىئەت بىلەن تويۇنمىغان قاتمال ، مەنىسىز بالىلىق ھايات ئىنساننى مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە ھامىلدار قىلىدۇ .

ھەي ، ئۈرۈمچى ، ھەي ، كامالتۇرك !

1998 ـ يىل ، ئۈرۈمچى

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى ياخشى بولمىغان بىر شەھەردە چوڭ بولۇۋاتقان بالىلار نېمىلەردىن مەھرۇم بولۇۋاتىدۇ ؟ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ئاساس قىلىپ چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ . سىزنىڭچە ئاپتورنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنلۇقمۇ ؟

2 . تېكىستتىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار .

1 ) «بىز ھەممىمىز يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ كېمىدىكى يولۇچىلارمىز . شۇڭا ، بۇ كېمىنى غەرق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ . بۇنىڭدىن باشقا نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» .

2 ) تەبىئەت — دۇنيادا جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ يۇقىرى تەربىيىچى .

3 ) تەبىئەت بىلەن ئۈچرىشىپ تۇرمىغان كىشىنىڭ قەلبى قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ .

3 . شۈبھىسىزكى ، شەھەرلىشىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش . شەھەرلىشىش كىشىلەر تۇرمۇشىغا نۇرغۇنلىغان قۇلايلىق ئېلىپ كېلىدۇ . بىراق ، شەھەر تەرەققىياتى شۇ شەھەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى شەرت قىلىدۇ . سىلەر ئۆزۈڭلار تۇرۇشلۇق ياكى

ئۆزۈڭلار كۆرگەن شەھەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىدا قانداق مەسىلىلەر بارلىقىنى كۆزىتىپ، بۇ ئەھۋالنى قانداق قىلغاندا ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، گۇرۇپپىلار بويىچە مۇھاكىمە قىلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تەكلىپ - پىكىرلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار. قىممىتى بار دېگەنلىرىنى تاللاپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار.

4. تېكىستتىن رىتورىك خىتاب قوللىنىلغان جۈملىلەرنى تېپىپ ئاستىغا سىزىڭ.



ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# بالىلىقىمغا قېيتۋال، بالام

قاسىم سىدىق[1]

بالىلىقىم كەلسەڭچۇ يېنىپ،
بالىلىققا ئالساڭچۇ قېنىپ.
چاپايمىكىن قۇياش كەينىدىن،
بالىلىقنى قوغلاپ ئات سېلىپ.

مەن قانمىغان ئەللەيلەر قېنى؟
مەن قانمىغان ۋاللەيلەر قېنى؟
چۇشۇپ قاپتۇ كۆكسۈمگە ساقال،
قانداق تاپاي مەن ئەمدى سېنى؟

مەن زارىققان لەگلەكلەر نەدە؟
سادда، سەبىي تىلەكلەر نەدە؟
بەختىمگە پال تۈتقۇلاق نەدە؟
ئىسسىت، مەسۇم يۈرەكلەر نەدە؟

---

[1] قاسىم سىدىق — 1952 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. شائىر ۋە تەتقىقاتچى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن.

قېنى ، ئاتام ھاپاشلاشلىرى ،
قېنى ، ئانام باغاشلاشلىرى .
قاندۇرمىغان مېنى ھەممىگە ،
بۇ ھاياتنىڭ چامپۇتلاشلىرى !

زاكامدىلا قېرىغان ئىدىم ،
بېھۇدىلا خورىغان ئىدىم .
تەقدىر شۇنداق ، تاغدەك توپاننى ،
مۇشتتەك تۇرۇپ سورىغان ئىدىم .

بالام ساڭا بىراۋا ئۇ كۈن ،
تۈنۈگۈنگە ئوخشىماس بۈگۈن .
قېنىۋالغىن بالىلىقىڭغا ،
يۈرىكىڭدە قالمىسۇن تۈگۈن .

خۇشلۇقىڭدا سەن بىلەن تەڭمەن ،
تۆگە - تۆگىلەڭ ئوينار تۆگەڭمەن .
ئوينىغىنا ، شادلانسۇن ۋۇجۇد ،
ئېرىپ كېتەي ، ئۇگە - ئۇگەڭمەن .

بەختلىكسەن تۆتقۇلاقسىزمۇ ،
نۇر ئوغلىسەن جىن چىراغسىزمۇ .
ئوينا ، بالام ، سېنى باغاشلاپ ،
بالىلىققا قانايلى بىزمۇ .

ئېزىقچىلىق

# بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە لىرىكا بىلەن مۇھاكىمىنى بىرلەشتۈرۈش

بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە بايان ئاساس بولسىمۇ، بايان قىلىش لىرىكا بىلەن مۇھاكىمىدىن ئايرىلالمايدۇ.

بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى لىرىكا ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ئاپتور بايان، تەسۋىر ۋە مۇھاكىمە جەريانىدا ئەسەرگە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك، سەممىي ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل تېكستنى ئوقۇغاندا چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمىمىز. يەنە بىر خىلى، ئاپتور بايان، تەسۋىر ۋە مۇھاكىمە جەريانىدا كۈچلۈك ھاياجىنىنى باسالماي، ئۆز ھېسسىيا-تىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «لوپنۇر — يوقالغان كۆل» دېگەن ئەسەردىكى: «ھەي… ي ئىسىت! 1000 يىلغىچە كۆكىرىپ تۇرىدۇ دەپ تەرىپلىنىدىغان توغراقلىق 20 نەچچە يىل ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بەرگەندىن كېيىن ئاخىر قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، «مۇمىـ-يا» غا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. قۇرۇپ قاقشال بولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ شاخلىرى، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يىقىلىشنى خالىمىغان غوللىرى خۇد-دي توغراقلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا قاتتىق تىركە-شىپ ۋە ئازابلىنىپ، كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئىل-تىجا قىلىپ قوللىرىنى سوزۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى!» دېگەندەك.

بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى مۇھاكىمىدە بايان قىلىنغان شەخس، ۋەقەلەرگە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ باھا بېرىلىدۇ. ئۇلارنى بـا-

ھالاش، ئۇتۇق ـ كەمچىلىكىنى ئايرىش، تەسىرى، پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىپ، ئەسەرنىڭ تېمىسى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، «كامالتۇرك ۋە ئۈرۈمچى» دېگەن ئەسەردىكى «ئەسلىدە ئوغلۇم تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئۆسۈشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر تەبىئەت ئۇنىڭ قۇچىقىغا بەند بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇكى، تەبىئەتنىڭ بۇ تەتۈر قىسمىتى ھامىنى بىر كۈنى ئۆز قىساسىنى ئالماي قالمايدۇ» دېگەن پارچىدا ئاپتورنىڭ ئېكولوگىيە مەسىلىسىدىكى مەيدانى ۋە پوزىتسىيىسى ئىپادىلەنگەن.

بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى لىرىكا بايان بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەنلىكتىن، بىر قاراپلا پەرقلەندۈرۈش قىيىن. بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى مۇھاكىمە باياننى ئىخچاملاشتۇرۇپ، ئەسەرگە جان كىرگۈزەلەيدۇ. زۆرۈر بولغان لىرىكا ۋە مۇھاكىمىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1 . «ئۇ مەڭگۈ مېنىڭ قەلبىمدە» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ. ئەسەردە زۆرۈر بولغان لىرىكا ۋە مۇھاكىمىنى قوللىنىڭ.

كۆرسەتمە: بۇ مەلۇم بىر شەخسنى ئەسلەش ھەققىدىكى ئەسەر. ئۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزگە مەڭگۈ ئورناپ كەتكەن بولغاچقا، ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر بولغان. ئەسەردە مۇشۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىڭ. بۇرۇنقى بىرەر ئوقۇتقۇچىڭىز ياكى ساۋاقدىشىڭىزنى ياكى بولمىسا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ، سىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان بىرەر كىشىنى يازسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

2 . «ئىناق . . . . . . . . . .» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ.

كۆرسەتمە: ئالدى بىلەن ئىخچام سۆزلەرنى تاللاپ، ماۋزۇنى

تولۇقلالى . مەسىلەن ، «ئىناق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار» ، «ئىناق ساۋاقداشلار» ، «ئىناق قوشنىلار» . . . دېگەندەك . ئەلا ياخشىسى ، ئۆزىڭىز كۆرگەن ، ئاڭلىغان ، ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى يېزىڭ .

3 . دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق مەشقى : پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ تەھرىرلەش :

كىتاب ، گېزىت ـ ژۇرنال ، تېلېۋىزور ياكى ئىنتېرنېت تورىدىن بوگۇنكى ئىلىم ـ پەنگە ئائىت ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى توپلاپ ، ئاندىن ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىڭ ھەمدە مۇۋاپىق تەھرىرلەپ قىسقارتىڭ . ئۇچۇرلارنى توپلىغاندا ، مۇناسىۋەتلىك رەسىملىرىنىمۇ قوشۇپ توپلاشقا دىققەت قىلىڭ .

## ئەسەر تۈزىتىش مەشقى

### تىنىش بەلگىلەرنى تۈزىتىش

يېزىقچىلىقتا دەسلەپ كىرىشىپ تىنىش بەلگىلەرنى تۈزەتكەندە ، «پەشنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىش»تىن ساقلىنىشتىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى تەرەپلەرگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك :

1 . پەش ئورنىغا چېكىت قويۇپ قويۇش

پەش جۈملە ئىچىدىكى يېرىم توختاشنى بىلدۈرىدۇ . جۈملە ئىچىدىكى يېرىم توختاشتا پەش ئىشلىتىلىدۇ . بەزىدە ئايرىم تۈرغاندا مۇستەقىل جۈملە بولىسىمۇ ، لېكىن كەينىدىكى جۈملە بىلەن باغلاپ چۈشەنگەندە ، مەنىسى تولۇق ئاخىرلاشمىغان بولسا ، بۇ ئىككى جۈملە ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلىدۇ . تۆۋەندىكى ھەر ئىككىلا جۈملىدە پەشنىڭ ئورنىغا چېكىت قويۇلغان :

*1 ) ساجىدە ئايلانمىغا يوگۇرۇپ بارغاندا يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ . ئەمما چىشىنى چىشلەپ ، ئاخىر پەللە-*

*گە يېتىپ باردى .*

*2 ) يېزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ، كۆڭلۈم بۆلەكچە يايراپ كەتتى . ئوغلۇممۇ ھاياجىنىنى باسالماي ، ھېلى بۇنى ، ھېلى ئۇنى سورايتتى .*

1 ـ مىسالدىكى « . . . بولسىمۇ ، ئەمما . . . » ئىككى جۈملىنى زىچ بىرىكتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقتىن ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرسىغا چېكىت ئىشلىتىشقا بولمايدۇ . 2 ـ مىسالدىكى «يېزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ، كۆڭلۈم بۆلەكچە يايراپ كەتتى» ئايرىم كەلگەندە مۇستەقىل جۈملە بولۇپ ، ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ . لېكىن ، ئارقىسىغا «ئوغلۇممۇ ھاياجىنىنى باسالماي ، ھېلى بۇنى ، ھېلى ئۇنى سورىغىلى تۇردى » ئۇلىنىپ كەلگەندە ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا چېكىت ئەمەس بەلكى پەش قويۇلۇشى كېرەك .

2 . پەش ياكى چېكىتنىڭ ئورنىغا چېكىتلىك پەش قويۇش چېكىتلىك پەش تەڭداش جۈملىلەر ئارىسىدىكى توختاشنى بىلدۈرىدۇ . پەش قويۇلىدىغان جايغا چېكىتلىك پەش قويۇلسا ، مەنە پارچىلىنىپ كېتىدۇ . چېكىت قويۇلىدىغان جايغا چېكىتلىك پەش قويۇلسا ، جۈملە قاتلاملىرى ئېنىق بولماي قالىدۇ . مەسىلەن :

*1 ) ئۇ بىردەم ئۈنلۈك ئوقۇسا ؛ بىردەم ئىچىدە ئوقۇيتتى ؛ بىردەم خاتىرىسىگە كۆچۈرەتتى .*

*2 ) تاغ چوققىسىغا چىقىپ ، بىر شىپاڭغا كۆزىمىز چۈشتى ؛ ھەممىمىز ھېرىپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭغا بېرىپ ئولتۇردۇق ؛ غۇرۇلداپ ئۇچۇۋاتقان تاغ شامىلى بىزگە شۇنداق راھەت بىلىندى .*

1 ـ مىسالدىكى ئۈچ تارماق جۈملە تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولسىمۇ ، لېكىن بەك قىسقا بولغاچقا ، چېكىتلىك پەش قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق . ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ . 2 ـ مىسال-

ىدىكى تارماق جۈملىلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلمىگەن . شۇڭا ، ئۇ-نىڭدىكى ئىككى چېكىتلىك پەشنى چېكىتكە ئۆزگەرتىش كېرەك .

3 . پەش ياكى چېكىتنىڭ ئورنىغا سوئال بەلگىسىنى قويۇپ قويۇش

سوئال بەلگىسى سوراق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلۇپ ، سو-راش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . بەزى جۈملىلەردە گەرچە سوراق ئالماشلى-رى بار بولسىمۇ ، لېكىن سوراق جۈملە ئەمەس ، شۇڭا سوئال بەلگى-سىنى قويۇش ھاجەتسىز . تۆۋەندىكى جۈملىدە سوئال بەلگىسى ئارتۇق-چە قويۇلغان :

*كېلەر ھەپتە زادى نەگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىمىز ؟ دېگەننى ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ كېلىڭلار .*

بۇ مىسالدىكى بىرىنچى تارماق جۈملە ئىككىنچى تارماق جۈملى-نىڭ باشلىنىشى ھېسابلانغانلىقتىن ، بۇ يەرگە سوئال بەلگىسى قوي-ماي ، پەش قويسا مۇۋاپىق بولىدۇ .

4 . پەش ياكى چېكىتنىڭ ئورنىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇپ قو-يۇش

ئۈندەش بەلگىسى ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلۇپ ، ھايا-جانلىق ئىنتوناتسىيىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ . قاتتىق تەلەپپۇزدا ئېيتىل-غان بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئاخىرىغىمۇ ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ . ئەمما ، بىرەر ئىش بايان قىلىنغان جۈملىلەردە ئۈندەش بەلگىسى قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق . تۆۋەندىكى ئابزاستا بەش يەرگە ئۈندەش بەلگىسى قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈچى مۇۋاپىق قويۇلمىغان :

*كېلەچەكتە ، كىتابنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى تېخى-مۇ پارلاق بولىدۇ ! كىتابلار بارغانچە كۆپ ھەم سۈپەتلىك چىقىرىلىدۇ ! ساۋاقداشلار ، ھەممىمىز كىتابنى قەدىرلەي-لى ! كىتابتىن كۈچ توپلاپ ! ئىلىم - پەن چوققىسىغا*

چىقىش ئۈچۈن ئاتلىنايلى !

«ھەممىمىز كىتابنى قەدىرلەيلى» بىلەن ئەڭ ئاخىرقى جۈملە-نىڭ ئاخىرىدىكى ئۈندەش بەلگىسى توغرا ئىشلىتىلىپ، ئاپرىم - ئاپرىم ھالدا ھاياجانلىق ئىنتوناتسىيە ۋە كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادى-لىگەن. دەسلەپكى ئىككى جۈملە بايان جۈملە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئۈندەش بەلگىسىنى چېكىتكە ئۆزگەرتىۋەتسەك بولىدۇ. «كىتابتىن كۈچ توپلاپ»نىڭ ئارقىسىدىكى ئۈندەش بەلگى-سىنى پەشكە ئۆزگەرتىپ، كەينىدىكى جۈملە بىلەن بىرىكتۈرۈۋېتىش كېرەك.

ئەسەر يازغان ياكى ئۆزگەرتكەندە، يۇقىرىقى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىپلا قالماي، يەنە تىنىش بەلگىلىرىنى زىيادە ئىشلىتىش ياكى چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. تۆۋەندىكى ئابزاسنى ئوقۇپ باقايلى:

ساۋاقداشلار، خۇشال ھالدا، ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ساۋاق-داشلىق ھەققىدىكى، بۇ ناخشىنى، ئۇلار تالاي قېتىم ئېيتقان، لې-كىن، بۈگۈن ئېيتقىنى، يەنە بۆلەكچە مەنىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. چۈنكى، بۈگۈن بىز يېقىن دوستلار باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداش-لار جەم بولۇشقانىدۇق.

بۇ ئابزاستا پەشلەر بەك كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئوقۇغاندا تولا تىنىپ، جۈملىلەر باغلاشمىغاندەك تۇيۇلىدۇ. يەنە زۆرۈر بولغان سى-زىق قويۇلمىغانلىقتىن، ئاخىرقى جۈملە چۈشىنىكسىز بولۇپ قال-غان. ئارتۇقچە پەشلەرنى ئېلىۋېتىپ، زۆرۈر بولغان سىزىقنى قويۇپ تۈزىسەك، بۇ ئابزاس تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ساۋاقداشلار خۇشال ھالدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ساۋاقداش-لىق ھەققىدىكى بۇ ناخشىنى ئۇلار تالاي قېتىم ئېيتقان، لېكىن

بۈگۈن ئېيتقىنى يەنە بۆلەكچە مەنىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. چۈنكى، بۈگۈن بىز يېقىن دوستلار — باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار جەم بولۇشقانىدۇق.

## ئويلاپ بېقىڭ. ئىشلەپ بېقىڭ

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر - ئىككى جايدىكى تىنىش بەلگىسى مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەن. ئىزدەپ تېپىپ تۈزىتىپ بېقىڭ (بەزىلىرىنىڭ ئىككى خىل ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى بار):

1) تۇرپانغا ئېكسكۇرسىيىگە بارغانلارنىڭ ھەممىسىلا، كارىزنى ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش ئىكەن دەپ ماختاشماقتا!

2) مەن كىتابنى، ئۇنىڭغا بېرىپ بولدۇم. ئەمدى سېنى سورىدى دەپ، ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋالسام بولماس؟

3) ئۇ بۇ كىتابنى زادى قايسى ساۋاقدىشىم ئەۋەتكەندۇ؟ دەپ ئويلاشقا باشلىدى. بۇ كىتابنى تېپىش راستىنىلا شۇنچىۋالا تەسمىدۇ؟

4) مەردانىنىڭ قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن بولسىمۇ. قىلچە ۋايىسىماي؛ كۆچەت تىكىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

2. تۆۋەندىكى ئابزاستىكى «□» بەلگىلىرىنىڭ ئىچىگە تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭ. ئاندىن ئۆزىڭىز بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ، خاتا قىلغان جايلىرىڭىزنى بىلىۋېلىڭ:

كىتابنى قانداق قىلغاندا زوق ئالغىلى بولىدۇ □ مېنىڭچە □ بۇنىڭ ئۈچۈن چىنلىق □ سەممىيلىك □ گۈزەللىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىش كېرەك □ ئىلىم - پەنگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق □ چىنلىققا يېتىپ — بىلىمنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى □ ئەخلاق - پەزىلەتكە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق □ سەممىيلىككە ئېرىشىپ □ ئىدىيىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى □ ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق □

گۈزەللىكنى ھېس قىلىپ □ روھنى ساپلاشتۇرغىلى بولىدۇ □
چىنلىق □ سەمىمىيلىك □ گۈزەللىك بىرلىشىپ كەتكەن ھايات
پاسىلىغا □ مەمنۇنلۇق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەن گۈزەل ئويلارغا
ئىنتىلىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇغاندىلا كىتابتىن ھەقىقىي زوق ئالغىلى
بولىدۇ □

# كوللېكتىپ كۆرۈش، ئاڭلاش پائالىيىتى

ئىلىم - پەن تەتقىقاتى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدىكى ھەر خىل ئۇچۇرلارنىڭ تەخمىنەن 85% ىگە كۆرۈش، 10% ىگە ئاڭلاش ئارقىلىق ئېرىشىدىكەن. بولۇپمۇ يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئۇچۇر تېخنىكىسى شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ئۇچۇر يوللىرىمۇ بارغانچە كۆپەيمەكتە. رادىئو، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت تورى، گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئۇچۇرلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، قايسىسىنى كۆرۈشنى، قايسىسىنى ئاڭلاشنى بىلمەي قالىمىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆرۈش، ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

بىز دائىم مۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچراپ تۇرىمىز: بەزىلەر رادىئونى ئۇزاق ئاڭلىغان بولسىمۇ، زادى نېمە دېدى، دەپ سورىسىڭىز، دۇدۇقلاپ، نەق توچكىسىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. بەزىلەر بىرەر كىنونى باشتىن - ئاخىر تولۇق كۆرگەن بولسىمۇ، كىنودا قانداق ۋەقەلىك سۆزلىنىپتۇ، دەپ سورىسىڭىز، بېشىنى قاشلاپ، گېپىنى تاپالماي ئولتۇرىدۇ. بەزىلەر ئىنتېرنېت تورىغا كىرىپ شۇ قەدەر ھاياجانلىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ، نېمىشقا بۇنچىۋالا خۇش بولۇپ كەتتىڭىز، دەپ سورىسىڭىز، ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

بىرىنچىدىن، ھېچقانداق تەييارلىقى يوق. مەقسەتسىز، تەييارلىقسىز، نېمە ئۈچۈن كۆرىمەن، نېمە ئۈچۈن ئاڭلايمەن دېگەننى

ئويلاپ قويمايدۇ. تېلېۋىزور كۆرگەندە، بىردەم ئۇ قانالغا، بىردەم بۇ قانالغا يۆتكەپ، ھېچقايسىسىنى تولۇق كۆرمەيدۇ-دە، ئاخىر ھېچنېمىنى تولۇق بىلەلمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، كۆڭلى بىر جايدا ئەمەس. كۆرۈۋاتقان، ئاڭلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خىيالى باشقا ياقلارغا كېتىدۇ. شۇڭا، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇسۇلى توغرا ئەمەس. كۆرۈش، ئاڭلاش ئۇنۇمدارلىقى سەل تۆۋەن. مۇھىم نۇقتا، مۇھىم شەخس، ۋەقە، گەپ ـ سۆزلەرگە دىققەت قىلمايدۇ. بىر نەرسىنى كۆرۈۋېتىپ باشقا نەرسىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىدۇ ياكى بىر نەرسىنى ئاڭلاۋېتىپ باشقا نەرسىگە كۆز تىكىدۇ.

يۇقىرىقى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلغاندا، كۆرۈش، ئاڭلاش ئۇنۇمىنى چوقۇم يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

1. ساۋاقداشلار بىرلىكتە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شۇ كۈنلۈك «خەۋەرلەر» پروگراممىسىنى كۆرۈڭلار. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، خەۋەرلەرنىڭ تېمىسى، مەزمۇنىنى ئەسلەپ بېقىڭلار. قېنى كىم ھەممىدىن بەكرەك ئەستە تۇتالايدىكىن؟

2. مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كوللېكتىپ ھالدا بىرەر كىنو ياكى قىسقا تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرۈڭلار. ئاندىن سىنىپ بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئاساسلىق ۋەقەلىك، مۇھىم تەپسىلاتلار ھەققىدە سۆزلەڭلار ھەمدە توغرا، تولۇق، جانلىق ۋە ئوبرازلىق سۆزلەشكە دىققەت قىلىڭلار.

3. مۇئەللىم ياكى ساۋاقداشلار سۆزلەپ بەرگەن بىرەر ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىنى بىرنەچچە پارچە رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقىڭلار. سىزغان رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى باغلانغان، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك. ئاندىن ساۋاقداشلار ئارا ھەمكارلىشىپ، رەسىمگە بىردىن چۈشەندۈرۈش سۆزى يېزىڭلار.



## ئالتىنچى بۆلەك

# يۇقىرى پەن - تېخنىكا

## (ئىختىيارىي ئوقۇش بۆلىكى)

يۇقىرى پەن - تېخنىكا دۇنيانى رەڭگا رەڭ-
لىككە ئىگە قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى،
ئىشلەپچىقىرىشى، ياشىشى ۋە تەرەققىياتىغا تور-
لۇك ئىنقىلاب خاراكتېرلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئې-
لىپ كەلدى. سىز بۇ بۆلەكتە بېرىلگەن ئالەم
بوشلۇقى، كلون قاتارلىق يۇقىرى پەن - تېخنىكا
ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تېكىستلەرنى ئوقۇش ئارقى-
لىق، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىلىم - پەن
سەۋىيىسىنى چۈشىنىۋالالايسىز.

# 21 . ئالەم بوشلۇقىدىكى تۇرمۇش

جېرۇي .م .لىنېنجې[1]

ئالەم بوشلۇقىغا چىقىپ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتا ئاران ئۇنىڭدىكى تۇرمۇشقا ماسلاشتىم . ئۇچۇش ۋە لەيلەش ، يۇمشاق شلانكىدىن سۇ- سىزلاندۇرۇلۇپ ساپلاشتۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى سۇمۇرۇپ يېيىش ماڭا ئادەتتىكى ئىشتەك بولۇپ كەتتى . بىر سوتكا ئىچىدىكى ۋاقىت ئۆزگىرىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى ، چۈنكى كۈنگە قۇ- ياش 15 قېتىم چىقىدۇ . كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئازكۈن كىيىپلا تاشلىۋېتەتتىم . بېشىمنى پەسكە ، پۇتۇمنى يۇقىرىغا قىلىپ ، تامدا ئۇخلايتتىم ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنىم شلانكا ئارقىلىق بولاتتى . بارا ـ بارا ماڭا مەن ئەزەلدىن تارتىپ مۇشۇنداق ياشاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى .

ئالەم بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرگەن چاغدا يۈگۈرۈشكە بولسىمۇ ، لېكىن ئېغىرلىق كۈچى بولمىغانلىقتىن ، يۈگۈرۈشكە ھېچقانداق كۈچ كەتمەيدۇ . لەيلەپ يۈرۈپ بىرنەچچە سائەت يۈگۈرسىمۇ قىلچە چارچاش ھېس قىلمايدۇ . لېكىن ، ئەپسۇسلىنارلىقى ، بۇنىڭ ئادەمگە قىلچە پايدىسى يوق . مەيلى قانداقلا بولسۇن ، ئازراق توسالغۇ كۈچ بولماي تۇرۇپ ، چېنىقىشتا ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، يۈگۈرۈشكە چىقىشتىن بۇرۇن ، مەن ساۋۇت كىيىۋالىمەن . بۇ ساۋۇت سۇ تىپىلغۇچىلارنىڭ كىيىمىدەك مىققىدە بولۇپ ، ئىككى تەرىپى يۈگۈرگۈچىنىڭ ئىككى يېنىدىكى تۆمۈر تاختىغا مۇقىم قىلىپ بېكىتىۋېتىلگەندى . ساۋۇتنىڭ 70 كىلوگراملىق ئېغىرلىق كۈچى

---

[1] جېرۇي .م .لىنېنجې — ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىسى .

مېنى يۈگۈرگۈچكە چىلىق تارتىپ تۇرغاچقا، بۇنى ئېغىرلىق كۈچىنىڭ
تارتىشىغا تەقلىد قىلغىلى بولاتتى.
يەر شارىدىكى مەزگىلىمدە سىرتلارغا چىقىپ ھەرىكەت قىلىشقا
شۇ قەدەر ئامراق ئىدىمكى، ھېچقانداق كۈچ مېنى يۈگۈرۈش، ۋېلە-
سىپىت مىنىش، سۇ ئۈزۈش (بەزىدە ھەممىسىنىلا قىلاتتىم)تىن تو-
سۇپ قالالمايتتى. يەنە كېلىپ، بۇنداق چېنىقىشنى بىر كۈنمۇ توختى-
تىپ قويمايتتىم. بىراق، بۇ يۈگۈرگۈچتە يۈگۈرگەندە، خۇددى مۈ-
رەمگە بىرى ئولتۇرۇۋالغاندەكلا تۇيۇلاتتى. پۇتلىرىم بۇ خىل ئېغىر-
لىققا ماسلىشالمايتتى. ھەر قېتىم مەشىق قىلغاندا، يىڭنە تىققاندەك
ئاغرىيتتى. مەشىق قىلىشىم كۆپەيگەنسېرى، يۈگۈرۈش ئايىغىم
سۈركىلىش تەسىرىدىن قىزىپ كېتەتتى، بەزىدە، ھەتتا رېزىنكىنىڭ
كۆيگەن پۇرىقى پۇراپ كېتەتتى.
خۇددى «ئاۋس دۆلىتىدىكى ئەر سېھىرگەر»دىكى قەلەي ئادەمگە
ئوخشاش، ئۈگە ـ ئۈگىلىرىمگە ماي قۇيۇپ تۇرۇشۇم لازىمدەك تۇيلاپ
قالدىم. مەن كىيىۋالغان يۈز نەچچە قاداق ئېغىرلىقتىكى ساۋۇت
پەقەت بوينۇم بىلەن مۈرەمنىلا بېسىپ تۇرالايتتى. شۇڭا، بوينۇم
بىلەن مۈرەم قىزىشىپ، چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. ساۋۇتنى ئۇياق ـ
بۇياققا تۈزەشتۈرۈپ باققان بولسامۇ، ھېچبىر پايدىسى بولمىدى.
ئەمەلىيەتتە ئالەم بوشلۇقىغا كۆنۈپ كەتكەن بۇ بەدىنىم چېنىقىشنى
تەلەپ قىلماس بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ چىشىمنى چىشلەپ،
كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر سائەتتىن چېنىقىشنى قەتئىي
داۋاملاشتۇردۇم. يەنە تېخى قېشىمدىكى ساشانىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇر
دىسكا قويغۇچنى بولۇشىغا قويۇپ ناخشا ئاڭلاشلىرىغىمۇ چىداشلىق
بېرىشىم كېرەك.
مەن ھەرىكەت قىلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ. ئادەمنىڭ بەدىنى
ھېچقانداق كۈچ سەرپ بولمايدىغان ئالەم بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلماي
تۇرۇۋەرسە، ناھايىتى تېزلا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئۇستىخانلار بوشاپ،
مۇسكۇللار يىگىلەپ قالىدۇ. ئەگەر بەش ئايدىن كېيىن، مەن يەر
شارىغا قايتىپ بارمايدىغان بولسام، بەدەن ئىقتىدارىم كاردىن چىقى-

دۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي 25 قاداق ئېغىرلىقتىكى ئوغلۇمنى كۆتۈرۈپ ئويناتقىلى ئېلىپ چىقماقچى ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇقلۇققا قونىدىغان چاغدا كۆتۈلمىگەن بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ئالەم كېمىسىدىن چىقىۋالمىسام بولمايدۇ. چېنىقىش ئېغىرلىق يوقالغانلىق سەۋەبىدىن بەدىنىمنىڭ قىرىپ كېتىشىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ياخشى چارە.

مېنىڭ بەدىنىم ئاخىر جانلىنىشقا باشلىدى. تومۇرلىرىم تىنىچ تۇرغان چاغدىكى مىنۇتىغا 35 — 40 قېتىم سوقۇشتىن 150 قېتىم سوقۇشقا ئۆتتى. گەرچە سەل قىينالساممۇ، چېنىقىش يەنىلا ماڭا بىر خىل ئارامچىلىق ۋە ئازادىلىك بىلىندى. بىر خىل رىتىم بىلەن بىمالال يۈگۈرگەن چاغلاردا، كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىپ، ئۆزۈمنى خۇددى ئۆزۈم يۈگۈرۈشكە ئەڭ ئامراق بولغان ئۆيگە قايتىش يولىدا — باغچىدا، باللار ئوينايدىغان قورغان توپ مەيدانىدا، مەيىن شامالدا ئاستا تەۋرىنىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا ئاستا يۈگۈرۈۋاتقاندەك سېزەتتىم. مۇشۇنداق قىلسام، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالىدىكەنمەن.

بەزىدە مەرھۇم دادام ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، ئۇ قېشىمدا باردەكلا تۇيۇلۇپ كېتەتتى. بەلكىم مەن جەننەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغان بولۇشۇم، ئۇ ماڭا يېقىنلا بىر جايدا تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇراتتىم، ئۇنى نەقەدەر سېغىنغانلىقىمنى ئىزھار قىلاتتىم. ئۇ بۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، قاتتىق خۇش بولۇپ كېتەتتى. گەرچە بەزىدە كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلسىمۇ، لېكىن دادام بىلەن پاراڭلاشقانلىقىمدىن، كۆڭلۈم باشقىچىلا يايراپ كېتەتتى. يەنە، ئادەم يىغلىۋالسىمۇ ئىچ - قارنى بوشاپ قالىدىكەن.

بەزىدە يۈگۈرۈش بىر خىل خۇشاللىق بىلىنەتتى. بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى شوخ قىيغىتىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك سېزەتتىم. گەرچە مەن يەر شارىدا يۈگۈرۈشنىڭ بىر خىل خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن ئالەم بوشلۇقىدا يۈگۈرۈشكە شۇ

قەدەر مەپتۇن بولۇپ كەتتىم. «تىنچلىق» ماركىلىق ئالەم كېمىسىدى-
كى يۇگۇرگۈچتە يۇگۇرۇۋېتىپ ھەم يۇگۇرۇشنىڭ ئازابىنى، ھەم
يۇگۇرۇشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدىم.

مەنمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تەۋە بولمىغان كىتاب ـ خاتىرىلەر-
گە ئامراق بولۇپ قالدىم. مەن تۇنجى قېتىم ئۇچۇپ ئامېرىكا بوشلۇ-
قىغا كەلگەندە، سائىتىمنى بېسىپ قويدۇم. ئاندىن 90 مىنۇتقىچە
توختىماي يۇگۇردۇم. ئۇچار كېمىنىڭ سائىتىگە 17500 ئىنگلىز
لىسى سۈرئەت بىلەن يەر شارى ئوربىتىسىنى بويلاپ بىر قېتىم
ئايلىنىپ چىقىشىغا 90 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. دېمەك، مەن يەر
شارىنى بىر قېتىم يۇگۇرۇپ ئايلىنىپ چىققانىدىم. يۇگۇرۇشتىن
توختاپلا قارىغانىدىم، يەنە ئامېرىكا كۆرۈندى. كېيىن «يۇگۇرگۈچى-
لەر دۇنياسى» ژۇرنىلى مېنىڭ توختىماي يۇگۇرۇپ يەر شارىنى بىر
ئايلىنىپ چىقانلىقىم ھەققىدە ماقالە باستى. يۇگۇرگۈچتە مەن بۇ
ھەرىكەتنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدىم. زادى نەچچە قېتىم يۇگۇر-
گەنلىكىم ئېسىمدە بولمىسىمۇ، ھەرھالدا توختىماي يۇگۇرۇپ بۇ دۇن-
يانى بىر ـ ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم، دەپ ئېيتالايمەن.

يۇگۇرگۈچتە يۇگۇرمىگەن چاغلىرىمدا، ھېچقانداق كۈچ مېنى
تۆۋەنگە تارتمايتتى ھەم زىممەمدىن بېسىپ تۇرىدىغان ھېچقانداق بې-
سىممۇ يوق ئىدى. شۇڭا، بويۇم ئۆسۈشكە باشلىدى.

ئۇچۇشقا باشلىغان كۈنى مېنىڭ بويۇم ئالتە ئىنگلىز چىسىغا
سەل كەم ئىدى. ئەمما، مەن ئوربىتىغا كىرىپ بىر كۈندىن كېيىن،
بويۇم دەل ئالتە ئىنگلىز چىسى بولدى. يەنە بىر كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن، 6.2 ئىنگلىز چىسىغا يەتتى. «پاھ، — دەپ ئويلاپ قالدىم
مەن، — يەر شارىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ۋاسكېتبولچى بولۇپ
قالىمەنمۇ قانداق. مۇشۇنداقلا ئۆسۈۋېرىدىغان بولسام، ھەرقانچە ئې-
گىز گارغىمۇ توپ تاشلاشتا قىينالمايمەن!»

ئۈچىنچى كۈنى بويۇم ئۆسۈشتىن توختاپ، 6.2 ئىنگلىز لىسى
پېتى تۇرۇۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالەم بوشلۇقىدىكى بەش ئاي
داۋامىدا بويۇم شۇ پېتى تۇرۇپ، يەر شارىغا قايتىپ چۈشكەن كۈنىلا

يەنە ئەسلىدىكى ئېگىزلىكىمگە قايتتىم .

ۋاسكېتبولچى بولۇش ئارزۇيۇممۇ شۇنىڭ بىلەن كۆپۈككە ئايلاندى .



بىزنىڭ كىيىملىرىمىز پاختا يىپتىن توقۇلغان بىر تال مايكا ، بىر تال قىسقا شىم ۋە بىر جۈپ پايپاقتىن ئىبارەت . ئىچ كىيىملىرىمىز يوق . مايكا بىلەن شىمنىڭ رەڭگى بەك كۆرۈمسىز ، سەل كۆرۈملۈكى ئۇنىڭغا تۇتۇلغان يېشىل جىيەك ئىدى . روسىيىدىن چىقىدىغان بۇ پاختا رەخت بەكلا نېپىز بولۇپ ، ئىچىدىكىلىرى سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى . لېكىن ، بۇ شىملارنىڭ ھېچقايسىسىنى بوشاتقىلى بولمايتتى . ئەدەپلىكرەك قىلىپ ئېيتسام ، مەن پەقەتلا شۇنى دېمەكچىمەنكى ، ئالەم بوشلۇقىدا ھەممىلا نەرسە لەيلەپ يۈرىدىغان بولغاچقا ، شىم بەك بوش بولۇپ كەتسىمۇ بولمىغۇدەك . بىر ھېسابتا مۇشۇنداق تىكىلگىنىمۇ بوپتۇ .

ئۆچۈشتىن بۇرۇن، مېنىڭ روسىيىلىك تىرېنېرىم، ئالەم بوشلۇ-قىدا بەدەن تازىلىقىنى ئاسراش ئۈچۈن ئۈچ كۈنگە قالماي بىر قېتىم كىيىم يەڭگۈشلەپ تۇرۇش كېرەك، دېگەنىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، «تىنچلىق»قا چىقىدىغان چاغدىكى كىيىم ــ كېچەك تىزىملىكىگە قارىساق، ئۈچار كېمىدىكى كىيىملەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىشمىزگە ئاران يېتىدىكەن.

بىر قۇر كىيىمنى ئىككى ھەپتە كىيسە سەل ئۇزاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۈچار كېمىدە نە مۇنچا، نە كىرئالغۇ يوق. «تىنچلىق»نىڭ سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن چاتاق چىققانلىقتىن، بەزى جايلار-نىڭ تېمپېراتۇرىسى C 90 تىن ئېشىپ كېتەتتى. شۇڭا، يۇگۇرگۈچتە قاتتىق يۇگۇرگەن چاغدا چىپ ــ چىپ تەرلەپ، يۈزلىرىم تەر مونچاق-لىرىغا تولۇپ كېتەتتى.

مەن ھەرقانچە مەينەت بولۇپ كەتسەممۇ چىداپ، بۇ ئىككى ھەپ-تىگە بەرداشلىق بەردىم. تۇنجى ھەپتىسى كېچە ــ كۈندۈز بىر خىللا كىيىم كىيىپ يۈردۈم. ئىككىنچى ھەپتىسى بۇ كىيىملەرنى يۇگۇرۇش كىيىمى قىلىۋالدىم. چېنىقىپ بولغاندىن كېيىن، تەردە ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىمنى توڭلاتقۇنىڭ شامالدۇرغۇچى يېنىغا قويۇپ قوي-سام، ئەتىگەندىن ــ كەچكىچە ئىككى قېتىم چېنىقىش ئارىلىقىدا قۇرۇپ قالاتتى. ئەمما، كۆپىنچە چاغلاردا چۈشتىن كېيىن يۇگۇرەي-دىغان بولۇپ قالسام، ھۆل پېتىلا كىيىۋېرەتتىم.

ئىككى ھەپتە كىيگەندىن كېيىن، ئۇ كىيىملەر بەكلا كىرلىشىپ كەتتى. شۇڭا، بۇ ھۆل كىيىملەرنى تۇرمەكلەپ، تۇرۇۋا ئارقىلىق سىرتقا تاشلىۋەتتىم. بۇ كىيىملەر ئاتموسفېرا قاتلىمىغا قايتىپ كىر-گەندىن كېيىن كۆيۈپ كېتەتتى. كىرلىشىپ، پۇراپ كەتكەن بۇ كىيىملەرنى شۇنداق قىلماي باشقا ئامال يوق ئىدى.

«تىنچلىق»تا مۇنچا ياكى يۇيۇنۇش ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى. ئالەم بوشلۇقىدىكى يۇيۇنۇشنى يەر شارىدىكى بىلوت بىلەن بەدەننى نەمدەش دېگەن تۇزۇك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىرلىقنىڭ بولماسلى-قى ۋە سۇ كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىمۇ بار.

يۇيۇنۇش ئۈچۈن دەسلەپتە مەن سۇنى ماغزاپسىز ئالاھىدە سوپۇن سېلىنغان قەغەز قەلەي قۇتىغا سىقىپ كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئاپتوماتىك ئۇزچات بېكىتىلگەن بىر نەيچىنى بېكىتتىم. قۇتىنى سىلكىپ، بەدىنىمگە سوپۇن سۈيىنى چاچتىم. سۇ تامچىلىرىنىڭ بەدىنىمگە قونۇۋېلىشى ئۈچۈن جىم تۇرۇپ بەرمىسەم بولمايتتى. ئاندىن كىچىككىنە بىر قولياغلىق بىلەن سوپۇن سۈيىنى بەدىنىمگە سۈرتۈشكە باشلىدىم. قولياغلىق بىردەمدىلا مەينەت بولۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، پۇتۇم، تېقىمىم، قولتۇقلىرىمنى ئاخىرىغا ئېلىپ قويدۇم.

ئۆزۈن چاچلىرىمغا بولسا سۇ بىلەن چايقىمايدىغان بىر خىل شامپو ئىشلەتتىم. بۇ خىل شامپوغا سۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. مەن شامپونى چاچلىرىمغا يېيىستقاندىن كېيىن، ئۇۋۇلاپ يۇيۇشقا باشلىدىم. گەرچە بۇنىڭ بىلەنلا چېچىمنىڭ پاكىز بولۇپ كېتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ھەرھالدا كۆڭلۈم ئەمىن تاپاتتى.

ساغلاملىق ساندۇقۇمدا روسىيىلىكلەر تەمىنلىگەن ئالاھىدە چىش ئاسراش بۇيۇمى بار بولۇپ، ئۇنى بارماققا كىيگۈزۈۋالىدىغان ھۆل قولياغلىققا تاقىۋېلىشقا، چىشنى بارماق بىلەنلا چوتكىلاشقا بولاتتى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، مەن كىرىست چىش مەلھىمىنى ئۇنىڭغا سىقىپ چىقاردىم. ئاندىن سۇيۇقلۇق ۋە كۆپۈكچىلەرنىڭ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاغزىمنى يۇمۇپ تۇرۇپ چىش چوتكىلىدىم. چوتكىلاپ بولغاندىن كېيىن، شالۋاقلىرىمنى بەدىنىمنى يۇغاندا ئىشلەتكەن بىر لاتىغا ئېرتتىم. ئاندىن چېچىمدىكى شامپونى سۈرتۈشكە باشلىدىم.

ئالەم بوشلۇقىدا ساقال ـ بۇرۇت ئېلىش ناھايىتى قىيىن ھەم ۋاقىت ئالىدىغان ئىش. مەن سۇغا ئامېرىكا ئالەم ئىشلىرى ئىدارىسى ياسىغان «ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۇستىرا» ناملىق ساقال ئېلىش مەلھەمىنى قوشۇپ يۈزۈمگە سۈرتتىم. ھەر قېتىم ساقىلىمنى قىرغاندا، ساقال ئېلىش مەلھىمى بىلەن ساقال قىرىندىلىرى بىرىكىپ تىغقا چاپلىشىۋالاتتى-دە، ئۇنى بىر ھەپتىدىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان مەينەت لاتىغا ئېرتىشىمغا توغرا كېلەتتى. ھەر قېتىم ئېرتىپ بولغۇچە

نەرسە ــ كىيرەكلىرىم ئۈچۈپ كېتىپ ، كەينىدىن دومىلاپ قوغلاپ يۈرەتتىم .

ۋاقىت بەك كېتىدىغان بولغاچقا ، ھەر ھەپتىدە ، يەنى ھەر يەك-شەنبە كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم ساقال ئالىدىغان بولدۇم . ئالەم كېمىسىنىڭ ئىچىدە ساقال ــ بۇرۇتنى ئۆز ئۆزۈن ئۆستۈرۈۋېلىشقا بول-مايتتى . چۈنكى ، ئالىمادىن بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىپ ، زەھەر-دىن ساقلاش نىقابى تاقاشقا توغرا كەلگەندە ، ساقال ــ بۇرۇتلار قىسىل-مىنۋېلىپ ، زەھەر كىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . ھەپتىدە بىر قېتىم ساقال ـ بۇرۇت ئېلىش ۋاقىت ھېسابلاشنىڭ بىر خىل ياخشى چارىسى بولۇپ قالدى . ئەينەككە قاراپ ساقال ـ بۇرۇتۇمنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن-لىكىنى كۆرۈپلا جۈمە ياكى شەنبە بولغانلىقىنى ، يەنە بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلەلەيدىغان بولدۇم .

مېنىڭ كارىۋىتىم سپېكتر بۆلۈمچىسىنىڭ كەينىدىكى تام بو-لۇپ ، ئۇدۇلىدا ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ بار ئىدى . ئالەم بوشلۇقىدا ئىسسىق ھاۋا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەيدىغان بولغاچقا ، بۇ يەردە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرمايتتى ، پەقەت ھاۋا ئۆتكۈزگۈچلا ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بىردىن-بىر يول ئىدى .

ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرمىغان جايدا ئۇخلىسىڭىز ، ئوكسىگېن يېتىش-مەيۋاتقاندەك ، كاربون تۆت ئوكسىد زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز . نەتىجىدە ، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك سەۋە-بىدىن ، ئويغانغاندا بېشىڭىز قاتتىق ئاغرىپ ، نەپەسىڭىز قىسىلىپ كېتىدۇ .

شۇ سەۋەبتىن ، مەن بېشىمنى تۆۋەنگە ، پۇتۇمنى يۇقىرىغا قارى-تىپ ، بۇرنۇمنى شامالدۇرغۇچقا توغرىلاپ ، ئاشۇ تامدا ياتتىم . كېچى-دە لەيلەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ، ئۆزۈمنى نېلون پوتا بىلەن باغلاپ قويدۇم . چۈنكى مەن باشقا ئۇچقۇچىلارنىڭ ئۇخلاۋېتىپ لەيلەپ يۈر-گەنلىكىنى ، سۈزگۈچنىڭ شۇمۇرىدىغان تەرىپىگە سوقۇلغاندىن كې-يىنلا ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم .

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ، مەن ئالەم بوشلۇقىدا بەش ئاي ياشىدىم .

گەرچە سەل قۇلايسىز ، زېرىكىشلىك بولسىمۇ ، بىزارلىق ھېس قىلـ-
مىدىم . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، كىچىك چېغىمدا چوڭلار مېنى يۇيۇندۇ-
رۇپ قويسا ، قەغىشلىك قىلىپ تورۇۋالاتتىم . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتـ-
قاندا ، ئالەم بوشلۇقىنى بالىلار چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدۇ . ئۇنىڭدىن
باشقا ، بالىلار ئۆيلەرنى قالايمىقان قىلغىنى بىلەن يىغىشتۇرۇشنى
بىلمەيدۇ ، بۇمۇ ئالەم بوشلۇقىدىكى تۇرمۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ . مەيـ-
لى قانداقلا بولسۇن ، بىز ئالدىنقى سەپتە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغۇ-
چىلار . ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىمىزنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىمىزگە
قارىغۇدەك چولىمىز يوق .

# 22 . مۆجىزىكار كلون

تەن جياجېن[1]

## كلون دېگەن نېمە ؟

بىر دانە باكتېرىيە تەخمىنەن 20 مىنۇتتىن كېيىن ئىككىگە
بۆلۈنىدۇ . بىر تال ئۈزۈم تېكى ئون تال قەلەمچە قىلىپ تىكىلسە ،
ئون تال تەككە ئايلىنىدۇ . پىتەكگۈل بىرنەچچە پارچە قىلىۋېتىلسە-
مۇ ، ھەربىر پارچىسى ئۆز ئالدىغا يىلتىز تارتىۋېرىدۇ . بىر تۈپ
بۆلجۈرگەن «ئۆمىلىيەلەيدىغان» ياتما غولىغا تايىنىپ ، بىر يىل ئى-
چىدە يۈز نەچچە تۈپ بۆلجۈرگەن نوتىسى چىقىرالايدۇ . . . ئومۇمەن
مۇشۇ خىل جانلىقلارنىڭ ئۆز تېنىدىكى بىرنىڭ ئىككى بولۇشى ياكى
ئۆزىنىڭ كىچىك بىر بۆلىكىنىڭ كېڭىيىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشى جىنسى-
سىز كۆپىيىش ، دەپ ئاتىلىدۇ . جىنسسىز كۆپىيىش ئىنگلىزچىدا
«clone» (ئاھاڭ تەرجىمىسى «كلون» ) دېيىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە
ئىنگلىزچىدىكى «clone» گرېكچىدىكى «Klone» دېگەن سۆزدىن
كەلگەن بولۇپ ، ئەسلىدە «نوتا»ياكى «قەلەمچە» ئارقىلىق كۆپىيىش
دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، «كلون» ئاتال-
غۇسى «جىنسسىز كۆپىيىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشتىن سىرت ،
يەنە ئومۇمەن بىر ئەجدادتىن كەلگەن ، جىنسسىز كۆپەيگەن بىر توپ
يەككىلەرمۇ «كلون» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . بۇ خىل بىر ئەجدادتىن
كەلگەن ، جىنسسىز كۆپەيگەن كېيىنكى بىر توپ «جىنسسىز كۆپە-
يىش سىستېمىسى» قىسقارتىلىپ «جىنسسىز سىستېما» ، دەپ ئاتىد-

① تەن جياجېن — ئىرسىيەتشۇناس .

لىدۇ .

تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ھايۋانلار نورمال ئەھۋال ئاستىدا ، ئاتىسىنىڭ ئاتىلىق ھۈجەيرىسى (ئۇرۇقى) بىلەن ئانىسىنىڭ ئانىلىق ھۈجەيرىسى (تۇخۇمى)نىڭ بىرىكىشى (ھامىلدار بولۇش) ئارقىلىق ئۇرۇقلانغان تۇخۇم (زىگوتا)غا ئايلىنىدۇ . ئاندىن ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ئارقىلىق ھامىلىگە ئايلىنىپ ، ئاخىرىدا يېڭى بىر تەن بولۇپ شەكىللىنىدۇ . بۇ خىل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جىنسىي ھۈجەيرىلەرنى تەمىنلىشى ھەمدە ئىككى خىل جىنسىي ھۈجەيرىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۇسۇلى جىنسلىق كۆپىيىش دەپ ئاتىلىدۇ . لېكىن ، ئەگەر بىز ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بىر ھامىلىنى ئىككى ، تۆت ، سەككىز پارچىغا پارچىلىساق . . . ئاندىن ئالاھىدە شارائىتتا ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىردىن ئورگانىزمغا ئايلاندۇرساق . . . بۇ ئورگانىزملارنىڭ ھەربىرى بىر يەككە كلون بولىدۇ . بۇ ئىككى ، تۆت ، سەككىز . . . يەككىلەر بولسا جىنسسىز كۆپىيىش سىستېمىسى (كلون دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېيىلىدۇ .

بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ : مەملىكىتىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسىدىكى كاتتا يازغۇچى ۋۇ چېڭئېن كلون ھەققىدىكى قىياسىنى ناھايىتى گۈزەل تەسۋىرلەپ ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ تۈكىنى يۇلۇپ پۈۋلىسىلا بىر توپ مايمۇننىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى يازغان . مايمۇننىڭ تۈكىدىن پەيدا بولغان بۇ خىل مايمۇنلار كلون مايمۇنلار دەپ ئاتىلىدۇ .

## كلون تاپانبېلىقنىڭ دۇنياغا كېلىشى

1979 ـ يىلى باھاردا ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋۇخەن شەھەرلىك سۇ جانلىقلىرى تەتقىقات ئورنىدىكى ئالىملار تاپانبېلىقنىڭ خالتىلىق تۆرەلمە مەزگىلىدىكى ھۈجەيرىلىرىنى 385 كۈن سۈنئىي يېتىشتۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، ئاخىر مىكروسكوپ ئاستىدا دىئامېتىرى ئون مىكرو مېتىرلىق ئەينەك نەيچە ئارقىلىق ئۇ ھۈجەيرىلەردىن

هۆجەيرە يادرولىرىنى شۈمۈرۈپ ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاپانبىلىقنىڭ تۇخۇم هۆجەيرە يادرولىرىنى چىقىرىۋېتىپ، تۇخۇم هۆجەيرىلىرىنى قۇرۇقداپ، خالتىلىق تۈرەلمە هۆجەيرىلىرىنىڭ يادرولىرىنى قوبۇل قىلىشقا بوشلۇق هازىرلىغان. هەممە تەق بولغاندىن كېيىن، ئەينەك نەيچىگە شۈمۈرۈلگەن يادرولار تۇخۇم هۆجەيرىلىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ خىل يادروغا ئېرىشكەن تۇخۇم هۆجەيرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۇنئىي يېتىشتۈرۈش داۋامىدا ئۆلۈپ كەتكەن. يادروسى ئالماشتۇرۇلغان 189 تۇخۇم هۆجەيرىسىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككىسىلا هايات قېلىپ، 80 نەچچە كۈن پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر سەككىز سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بېلىجانغا ئايلانغان. بۇ خىل بېلىجان ئاتىلىق، ئانىلىق هۆجەيرىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ئەمەس، بەلكى تۇخۇم هۆجەيرىسىنىڭ يادروسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تۇغۇلغان بولغاچقا، بۇمۇ كلون تاپانبىلىق هېسابلىنىدۇ.

كلون تاپانبىلىق تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، يەنى 1960 — 1962 - يىللىرى ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالىملار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئافرىقىنىڭ بىر خىل تىرناقلىق چارپاقىسى ئۈستىدە كلونلۇق تەجرىبە ئېلىپ بارغان. تەجرىبىدە ئاۋۋال ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى چارپاقا تۇخۇم هۆجەيرىلىرىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى يادرونى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئالاھىدە يۇقىرى ماھارەتلىك ئوپېراتسىيە ئارقىلىق، چارپاقا قۇمچىقىنىڭ ئۈچەي هۆجەيرىسى، جىگەر هۆجەيرىسى، بۆرەك هۆجەيرىلىرىنىڭ يادروسىنى چىقىرىپ، يادروسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن تۇخۇم هۆجەيرىلىرىگە كىرگۈزگەن. ئاندىن ئىنچىكىلىك بىلەن پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق، بۇ تۇخۇم هۆجەيرىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاخىر چارپاقا بولۇپ يېتىشىپ چىققان. بۇ خىل چارپاقىلارمۇ ئۇرۇق هۆجەيرىسى بىلەن تۇخۇم هۆجەيرىسىنىڭ بىرىكىشىسىز تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، كلون چارپاقا هېسابلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى تۇڭ دىجۇ 1978 - يىلى قاراچىپار پاقا ئۈستىدىكى كلون تەجرىبىسىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغان. ئۇ قاراچىپار پاقىنىڭ قىزىل قان هۆجەيرىسىنىڭ يادروسىنى

ئالدىن يادروسى ئېلىۋېتىلگەن قاراچىپار پاقا تۇخۇم ھۈجەيرىسىگە كىرگۈزگەن. يادروسى ئالماشتۇرۇلغان بۇ تۇخۇم ھۈجەيرىلىرى ئاخىر سۇدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرىدىغان قۇمچاقلارغا ئايلانغان.

بېلىق تۈرلىرىدىكى ھۈجەيرە يادروسى ئالماشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قوش ماكانلىقلارنىڭ ھۈجەيرە يادروسىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم ئالىملارغا زور ئىلھام بولغان. تاپانبېلىق ھامىلىسىدىكى ھۈجەيرە يادروسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق كلون تاپانبېلىقنى تۇغدۇرغان يەردە، ھەر خىل بېلىقلارنىڭ تۇخۇم ھۈجەيرىسى يادروسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭىچە بېلىق سورتلىرىنى يېتىشتۈرگىلى بولامدىغاندۇ؟ مەملىكىتىمىز ئالىملىرى بۇ مەسىلىنى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئاۋۋال ھەل قىلدى. كلون تاپانبېلىقنى يېتىشتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېلىقى تەتقىقات ئورنى كارپ بېلىقى تۆرەلمىسىنىڭ ھۈجەيرە يادروسىنى تاپان بېلىق تۇخۇم ھۈجەيرىسىنىڭ يادروسىغا ئالماشتۇرغان. كارپ بېلىقى ھۈجەيرە يادروسى بىلەن تاپانبېلىق تۇخۇم ستوپلازمىسى بىرىكىپ، خۇددى ھامىلىدار بولغانغا ئوخشاش يېتىلىشكە باشلىغان ھەمدە ئاخىر «بۇرۇتلۇق تاپان - كارپ بېلىقى» دۇنياغا كەلگەن. بۇ خىل بېلىق قارىماققا كارپ بېلىقىغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن يان قاسىراق سانى بىلەن قىلتىرىق سانى تاپانبېلىققا ئوپمۇئوخشاش بولغان. بۇ خىل سۈنئىي كلون بېلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى بېلىق تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

ئىلىم - پەندىكى ئىزلىنىش مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. بېلىق تۈرلىرى، قوش ماكانلىقلارنى كلونلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى تەبىئىي يوسۇندا ئالىملارنىڭ نەزىرىنى سۈت ئەمگۈچىلەرگە قاراتتى. ئامېرىكا بىلەن شۋېتسىيە ئالىملىرى كۈل رەڭ چاشقاننىڭ تۆرەلمىسىدىكى ھۈجەيرىدىن ھۈجەيرە يادروسىنى ئېلىپ، قارا چاشقاننىڭ ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھۈجەيرىسىگە كىرگۈزگەن. لېكىن، ئۇنى كىرگۈزۈشكىلا تۇخۇم ھۈجەيرىسى بۇ يادرو بىلەن ئۆزىدىكى يادرونى

قوشۇپ بىراقلا چىقىرىۋەتكەن . ئاندىن كۆل رەڭ چاشقان تۆرەلمىسىنىڭ ھۈجەيرە يادروسى قارا چاشقاننىڭ قۇرۇق تۇخۇم ھۈجەيرىسىگە قايتا كىرگۈزۈلگەن . تەجرىبە نەيچىسىدە تۆت كۈن پەرۋىش قىلىنغاندىن كېيىن ، ئاق چاشقاننىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلگەن . نۇرغۇن سىناق قىلىش ئارقىلىق ، ئاق چاشقان ئاخىر ئۈچ كۆل رەڭ چاشقان تۇغقان .

## كلون قوي — «دوللى»

1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى نەشر قىلىنغان ئەنگلىيە «تەبىئەت دۇنياسى» ژۇرنىلىدا ئېدىنبورگ روسلىن تەتقىقات ئورنىدىكى ۋىرمۇت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ 247 قېتىم مەغلۇپ بولۇپ ، ئاخىر 1995 - يىل 7 - ئايدا «دوللى» نامىدىكى چىشى كلون قوزىغا ئىگە بولغانلىقى ئېلان قىلىندى .

«دوللى» قوي قانداق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ؟ ۋىرمۇت قاتارلىق ئالىملار ئالدى بىلەن شوتلاندىيە قارا قويىغا گونادوتروپىك ھورموننى ئوكۇل قىلىپ ، تۇخۇم ئاجراتقۇزغان . تۇخۇمنى ئالغاندىن كېيىن ، دەرھال ناھايىتى ئىنچىكە نەيچە ئارقىلىق تۇخۇم ھۈجەيرىسىدىكى يادرونى ئېلىۋەتكەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھامىلىدار بولغىنىغا ئۈچ ئاي بولغان ئالتە ياشلىق فىندوھىت قويىنىڭ سۈت بېزى ھۈجەيرىسىنىڭ يادروسىنى ئېلىپ ، شوتلاندىيە قويىنىڭ يادروسى ئېلىۋېتىلگەن تۇخۇم ھۈجەيرىسىگە كىرگۈزگەن . ئۇنى بىر مەزگىل پەرۋىش قىلغاندىن كېيىن ، يەنە بىر قويىنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرگەن . 1995 - يىل 7 - ئايدا بۇ قوي ئاخىر «دوللى» ناملىق بۇ قوزىنى تۇغقان . «دوللى» چىشى قويىنىڭ تۇخۇم ھۈجەيرىسى بىلەن قوشقارنىڭ ئۇرۇق ھۈجەيرىسىنىڭ بىرىكىشىسىز تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇمۇ كلون قوي ھېسابلىنىدۇ .

كلون قويىنىڭ تۇغۇلۇشى پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى . ئۇنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى ، ئۇنىڭدا ئالماشتۇرۇلغىنى تۆرەلمە ھۈ-

جەيرىسىنىڭ يادروسى بولماستىن ، بەلكى تەن ھۈجەيرىسىنىڭ يادروسىدۇر . بۇ نەتىجە شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى ، ھايۋانات بەدىنىدە ئالاھىدە بىر خىل ئىقتىدار ، ئالاھىدە شەكىلدىكى يۇقىرى بۆلۈنۈشچانلىققا ئىگە ھۈجەيرە بار بولۇپ ، مۇكەممەل يوشۇرۇن كۆپىيىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ھايۋانات ھۈجەيرىسىمۇ ئۆسۈملۈكلەر ھۈجەيرىسىگە ئوخشاش مۇپەسسەل ئىقتىدارغا ئىگە .

## كلون تېخنىكىسى ئىنسانىيەتكە بايلىق يارىتىدۇ

كلون تېخنىكىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق . مەسىلەن ، ئەنگلىيىنىڭ PPL شىركىتى سۈت تەركىبىدە ئۆپكە گازلىق ئىششىقىدىكى a - I تېپلىق ئانتىترىپسىن بار بولغان چىشى قوينى يېتىشتۈرۈپ چىققان . بۇ خىل قوينىڭ ھەربىر لىتىر سۈتىنىڭ باھاسى 6000 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، بىر قوينىڭ ئۆزىنىلا بىر دورا زاۋۇتى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنداقتا بۇ خىل قوينى كۆپەيتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ، ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى قايسى ؟ كلونلاش . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، گوللاندىيىنىڭ PHP شىركىتىمۇ فىرىبېتىن ئاجرىتىپ چىقىرالايدىغان كالىنى ، ئىسرائىلىيە LAS شىركىتى قان زەردابى ئاقسىلىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان قوينى يېتىشتۈرۈپ چىققان . بۇ خىل قىممەتلىك ھايۋانلارنى كۆپەيتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى قايسى ؟ ئەلۋەتتە يەنىلا كلونلاش .

بايتال بىلەن ھاڭگىنى چېتىشتۇرغاندا ، ئالاھىدە چىداملىق ھايۋان — قېچىر تۇغۇلىدۇ . لېكىن قېچىر ئەۋلاد قالدۇرالمايدۇ . ئۇنداقتا ، قېچىرنى قانداق كۆپەيتىش كېرەك ؟ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل يەنىلا كلونلاشتۇر . مەملىكىتىمىزدىكى مۇشۇكئېيىق دۆلەت گۆھىرى ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، تەبىئىي چېتىشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى بەك تۆۋەن بولغانلىقتىن ، ئۇ نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ . بۇ قىممەتلىك ھايۋاننى قانداق قۇتۇلدۇرۇش كېرەك ؟ بۇنىڭدىمۇ ئەلۋەتتە كلونلاشقا تايىنىش كېرەك .

ئۇنىڭدىن باشقا، كلون ھايۋانلار راك كېسەللىكى بىئولوگىيە-
سى، ئىممۇنولوگىيە، ئادەمنىڭ ئۆمرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا
مۆلچەرلىگۈسىز رولغا ئىگە.

كلون قوينىڭ دۇنياغا كېلىشى نۇرغۇن كىشىلەردە كلون ئادەمگە
بولغان قىزىقىشنى قوزغاپ قويدى. مەسىلەن، بەزىلەر ئۆزىنىڭ ھۇ-
جەيرىلىرى كلونلانغان بىرەر تۆرەلمىنى توغۇلتىپ قويۇپ، كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە بەدىنىدىكى قايسى ئەزا كاردىن چىقسا، تۆرەلمىدىن شۇ
ئەزانى ئېلىپ، كېسەل ئەزانىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتى-
دۇ. بۇمۇ كلونلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز بەدىنىگە
«زاپچاس» تەييارلىشى ھېسابلىنىدۇ.

كلون ئادەم ھەققىدىكى مۇنازىرە كىشىلەرگە شۇنى ئاگاھلاندۇر-
دۇكى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى خۇشاللىق بىلەن قايغۇ گىرە-
لىشىپ كەتكەن مارشتىن ئىبارەت. پەن ـ تېخنىكا قانچە تەرەققىي
قىلغانسېرى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا شۇنچە سىڭىپ كى-
رىپ، ئېتىكا، ئەخلاق ۋە قانۇن قاتارلىقلارغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلە-
لەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، مەن مەزكۇر ماقالەمنى نوبېل
مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر مولېكۇلا بىئولوگى ج. د. ۋورسىننىڭ
مۇنۇ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى لايىق كۆردۈم: «شۇنى سەۋر-
چانلىق بىلەن كۈتۈشىمىز كېرەككى، نۇرغۇن بىئولوگلار، بولۇپمۇ
جىنسىز كۆپىيىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار كېلە-
چەكتە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش، ئىلمىي
مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇنى دۇنيا خەلقىنى تەربى-
يىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.»

| ئوقۇپ ھوزۇرلىنىش |  |
|---|---|

# خېشى دىياردىكى نەزمە

مازۇچاڭ[1]

تۇرىدۇ تىلەن تېغى[2] ئاستىدا خېشى مەۋج ئۇرۇپ،
يېشى ئون سەككىزدە قىزلار چېچىنى ئالغاي تۇرۇپ،
لالىدەك كۆركەم ئىگىنلەر يالتىرار گويا شەپەق،
جۈپ تاپار بۇددىست يىگىتلەر كەينىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ.
يول ئالار غەرب تامان تۆگىگە دۇردۇن بېسىپ،
قايتىشار بايلىقتا ھەتتا تاقىغا زەر چەكتۈرۈپ.
ئالدىغا مومدىنمۇ ئاپئاق قوي يېغىنى قويۇۋېلىپ،
ئىچىشەر مەيزابنى ئۇندا كاسىنى لىق تولدۇرۇپ.

① مازۇچالڭ — (1279 ـ 1338) ئەسلى ئىسمى موبۇن بولۇپ، تۇرپاندىن گەنسۇدىكى دىغار ئايمىقىغا كۆچۈپ كەلگەن شىركەش ناملىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكنىڭ ئەۋلادى. شىركەش ئالتۇن خانلىقى دەۋرىدە دىۋان بەگلىكىنىڭ تەرجىمان ئەمەلدارى، كەيفىڭ شەھىرىنىڭ قانۇن ئەمەلدارى، كېيىنچە ھەربىي سوت ئەمەلدارى بولغان. شۇ چاغدا خەنزۇ تىلىدا ھەربىي خىزمەت «بىڭ ما» دەپ ئاتالغاچقا، «ما» ئىسىمى ئۇنىڭغا فامىلە بولۇپ سىڭىپ قالغان. بوۋىلىرى بوقساي ماشىچاڭ، دادىسى مازۇگىس قاتارلىقلار ئىزچىل تۈردە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپلەردە بولغان. مازۇچالڭ قۇبلايخان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مۇتەرز قىلغان يىلى تۇغۇلغان.

مازۇچالڭ كىچىكىدىن شېئىرىيەتكە ھەۋەس باغلىغان. ئۇ، 800 پارچىغا يېقىن لىرىك شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئاشلىق دىيار» ناملىق توپلامنىڭ ئاپتورى. ئۇ بۇ شېئىرلارنى خەنزۇ تىلىدا يازغان. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ شېئىرنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

② تىلەن تېغى — گەنسۇ تۇلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چىلىيەنشەن تېغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تاغ قاڭقىتا تىلەن تېغى دەپمۇ ئاتالغان. «چىلىيەن» تىلەندىن كەلگەن بولۇپ، تىلەن ھۇنچە تەڭرىگە سېغىنىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

# ئۇيغۇر تىلى

| تۇراقلىق ئىبارىلەر | تۈرى | مەنىسى | مىسالى |
|---|---|---|---|
| تىلىمىزدىكى ئۇزاق مۇددەت قوللىنىش جەريانىدا مەنە ۋە تۇزۇلۇش جەھەتتىن تۇراقلىشىپ بىر پۇتۇنلۇكنى ھاسىل قىلغان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. | ئىدىيوم | دائىم ئۆز ئارا بىرىكتۈرۈپ قوللىنىش نەتىجىسىدە، قۇرۇلمىسى ۋە مەنىسى تۇراقلىشىپ تىلىمىزدا كەڭ ئومۇملاشقان، تەركىبىدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ يەككە تۇرغان چاغدىكى مەنىسىدىن باشقىچە مەنىنى ياكى كۆچمە مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تۇراقلىق ئىبارىلەرگە قارىتىلىدۇ. | بېشىنى سىلىماق، بۇمسلاق ئاۋۇز، قولى گۈل، كۆز تەگمەك، بېشى كۆككە تاقاشماق، قاپىقىدىن مۇز ياغماق |
| | ماقال | جانلىق تىلدا كەڭ ئومۇملاشقان، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئۆلگە، نەسىھەت، تەنبىھ، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق جۈملىلەرگە قارىتىلىدۇ. | دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر. كۆرگەنگىدىن كۆپتۈرگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرۈرسەن ئۆلمىگىنىڭ. ياخشىلىق قىلساڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ. |

| تۈرى | مەنىسى | مىسالى |
| --- | --- | --- |
| تەمسىل | تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى، خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلار ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەرخىل قىلىقلىرى، ئەپتى، ھالىتى قاتارلىقلارغا ئوخشىتىلىپ، سىڭدۈرۈلۈپ، ئۇزاق مۇددەت قوللىنىلىش نەتىجىسىدە تىلىمىزغا كەڭ ئومۇملاشقان تۇراقلىق جۈملىلەرگە قارىتىلىدۇ. | يىراق بولسا كىشنەشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر. تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە يەتتە تاختا زەدەكنى بۇزار. چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەر. ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر. |
| ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ پەرقى | ماقالدا تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئوي - پىكىر ئۇدۇللا ئىپادىلىنىدۇ. | دوستتىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇقى، ئاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى. |
| | تەمسىلدە ئوي - پىكىر ئۇدۇللا ئەمەس، بەلكى ئەگىتىپ ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. | قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق. سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ. |

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئاساسەن ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يەكۈنلەنگەن ياكى مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭقۇر مەنىلىك ، پەلسەپىۋى پىكىر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جۈملىلەر ھېكمەتلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ . ھېكمەتلىك سۆزلەر تىلىمىزدا «ئەقلىيە سۆزلەر» ، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى» ، «تەپەككۇر ئۈنچىلىرى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ . مەسىلەن :

ئانىنىڭ كۆڭلى — بالىنىڭ دەرسخانىسى .

(ئامېرىكا )

كىتاب — مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى .

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## كۆچۈرمە جۈملە

ئاپتور ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق ياكى ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئۆزگەرتمەي ، ئەينەن قوللانغان باشقىلارنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرى كۆچۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

### كۆچۈرمە جۈملىنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشى :

1 . بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ ، بۇنداق ئەھۋالدا ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ . مەسىلەن :

ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق دەيدۇ : «ئىنساننىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى — ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلىش .»

封面设计：[illegible]

ISBN 978-7-5370-4977-1

9 787537 049771 >

باھاسى : 6.26 يۈەن